راخمان ئابدۇرېهم

# ئۇيغۇلاردا شامانىزم



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



راخمان ئابدۇرېھم
ئۇيغۇرلاردا شامانىزم
مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：凯赛尔 . 库尔班
责任校对：木开日木.买买提

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔萨满教文化研究/阿布都热合曼著. 一北京：民族出版社，2006.5
ISBN 7-105-07661-5


Ⅰ.维… Ⅱ.阿…Ⅲ.维吾尔族—萨满教—宗教文化—研究——中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B933

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 038629 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址：北京市和平里北街 14 号 邮编：100013
电 话：010-64290862 (维文室)
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2006 年 6 月第 1 版 2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开 本：850 毫米×1168 毫米
印 张 10
印 数：0001-2000 册
定 价：15.00 元







بۇ كىتابىمنى ئانام پاتىمەخاننىڭ ئانىلىق مېھنىتىگە، ئۇستازىم دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئۇستازلىق ئەجرىگە بېغىشلايمەن.

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قەدىمىي مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ قەدىمىي مىللەت ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە تارقاتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇرۇقلۇق ”يىپەك يولى“نىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ياشاش داۋامىدا، غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ كۆۋرۈكى سۈپىتىدە ئاسىيا شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دىن — شامان دىنىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا تارقىلىشىدا، بۇددا دىنىنىڭ غەربتىن شەرققە تارقىلىشىدا ھەركەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىغان. بۇ مىللەت مەيلى غەرب مەدەنىيىتى بولسۇن ۋە مەيلى شەرق مەدەنىيىتى بولسۇن ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش شەكلى بىلەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئۇسلۇبى يارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا زور ئىجتىمائىي تەسىرگە ۋە مەدەنىيەت تەسىرىگە ئىگە بولغان. بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەت ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل فونېتىكىسى ئىلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاڭ پائالىيىتىمۇ روشەن ئىلاستىكلىققا ئىگە. يەنى، تەپەككۇرى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۈچلۈك مايىللىققا ئىگە. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تارىخىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

شامان دىنى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانا دىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي،

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىجتىمائىي بىرلىككە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ئۇرۇق، قەبىلە ھالەتتىكى ئۇيغۇرلاردىن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مىللەت گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللىي پسىخىكا، مىللىي روھنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تەسىرىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىدا ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا شامان دىنى ئېتىقادى زور مەنىۋى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن پائالىيەتلەر شامانىزىم ئېتىقاد چۈشەنچىسى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختىن بۇيان نۇرغۇن دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ زارا ئاستۇرا، مانى، بۇددا دىنلىرىنىڭ تەسىرى ئاستا-ئاستا يوقالغان ياكى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان. پەقەت شامان دىنىلا ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كىرىش ۋە نىقابلىنىش شەكلى بىلەن بەزى ئېتىقاد تەسىرلىرىنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل ھادىسە ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەزكۇر كىتابتا پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا ئائىت قالدۇق ئادەتلىرىنى ۋە ئىپتىدائىي دىن تەپەككۇرىنى چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ مەزمۇنى، ئاساسلىق شەكىللىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئۆزۈم توپلىغان چەكلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىپ ئۆتتۈم. ۋاھالەنكى، سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن بەزى مەسىلىلەر نەزەرىيىۋى جەھەتتىن دېگەندەك چوڭقۇر يورۇتۇلۇپ بېرىلمىگەن ياكى پىكىرلەر

ئاددىي بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ جەھەتتە كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە بۇ سىرلىق شامان دىنى دۇنياسىنىڭ ئىچكى سىرى چوقۇم ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ساھەدە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تەتقىقات مۇۋاپپەقىيەتلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى، مەزكۇر كىتابنى يېزىش جەريانىدا ھۆرمەتلىك ئۇستازىم دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە كۆپ جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇڭا مەزكۇر ئەسەرنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىنىڭ «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى» دېگەن كىتابىنىڭ ”داۋامى“ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستازىم دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىگە ئالىي ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن.

# مۇندەرىجە

I باب شامان دىنى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ............ 1
§1 "شامان" ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ......... 1
§2 شامان دىنىنىڭ دائىرىسى .................. 4
§3 شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن ........... 6
§4 شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى ....... 8
§5 شامان دىنىنىڭ دىن پىسخىكىسى ............. 17
§6 شامان دىنىدىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ....... 19
§7 شامان دىنىدىكى شامان ۋە پېرىخونلۇق ......... 22
§8 شامان دىنىدىكى توتېم ۋە توتېم ئېتىقادى ....... 29
§9 شامان دىنىدىكى ئانىمىزم ئېتىقادىنىڭ
شەكىللىنىشى ............................ 39
II باب شامان دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ............... 49
§1 شامان دىنىنى شەكىللەندۈرگەن ماددىي شەرت-
شارائىت ............................ 49
§2 شامان دىنىنى شەكىللەندۈرگەن ئىپتىدائىي بىلىش
نەزەرىيىسى ............................ 51
§3 شامان دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن پىسخىك
ئامىللار ............................ 53
III باب شامان دىنىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى ............ 59
§1 ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە
شامان ............................ 60
§2 ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە
شامان ............................ 61

§3 قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە شامان ........................ 62

§4 سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شامان دىنى ۋە شامان ........................ 64

IV باب ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىنىڭ ئاجىزلىشىشى ....... 68

§1 ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئاجىشلاشقان دەۋرى ........................ 68

§2 شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر ........................ 74

V باب شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئورنى ........................ 79

VI باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسى ........................ 83

VII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى تەبىئەت ئىلاھلىرى ........................ 87

§1 ئاسمان ئىلاھلىرى ........................ 87

§2 زېمىن ئىلاھلىرى ........................ 104

X III باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ھايۋان ئىلاھلىرى ........................ 120

IX باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى دەرەخ ئىلاھلىرى ... 137

X باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى قۇش ئىلاھلىرى ... 146

XI باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئادەم بەدىنىگە چوقۇنۇش ........................ 154

XII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى توتېم ئېتىقادى .... 159

§1 توتېم ھايۋانلار ........................ 160

§2 توتېم دەرەخلەر ........................ 170

§3 توتېم قۇشلار ........................ 174

XIII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى روھلار سىستېمىسى.................... 181

§1 روھلارنىڭ تۈرلىرى.................... 181

§2 شامان روھىغا چوقۇنۇش.................... 185

§3 ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش.................... 187

§4 باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش.................... 191

§5 جىنلارغا ئىشىنىش.................... 192

§6 ئالۋاستى، دېۋىلەرگە ئىشىنىش.................... 194

XIVباب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئانىمىزملىق ئېتىقادنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان روھ تەسەۋۋۇرى.................... 197

§1 روھ تەسەۋۋۇرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئازايىم قوشىقى».................... 197

§2 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن روھ تەسۋىرى.................... 209

§3 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن روھ چۈشەنچىسى.................... 210

§4 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن رېئاللىق.................... 211

§5 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن ياخشى روھ ۋە يامان روھ چۈشەنچىسى.................... 212

XVباب هازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى شامان.................... 215

§1 شامان بولۇشنىڭ شەرتلىرى.................... 215

§2 شاماننىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ياسىنىشى.................... 217

§3 شامان ئىشلىتىدىغان دىنىي ئەسۋابلار.................... 219

§4 شاماننىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى.................... 222

XVIباب شامانلارنىڭ بىر نەچچە خىل پال ئېچىش ئۇسۇللىرى.................... 228

§1 بوغۇلۇپ پال ئېچىش (چۈنكەشكە قاراش).................... 228

§2 يۇزنى ئېتىپ پال ئېچىش ........................ 229
§3 ئوت ۋە سۆڭەك ئارقىلىق پال ئېچىش............ 230
§4 تاش ياكى قوي مايىقى ساناپ پال ئېچىش ........ 230
§5 ئەبجەد ھېسابى بويىچە پال ئېچىش............... 231
§6 «قۇرئان» بىلەن پال ئېچىش........................ 234
X VII باب شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى......... 236
§1 داۋالاش پېرىخونلىقى ................................ 236
§2 يامغۇر تىلەش پېرىخونلىقى ........................ 252
§3 پەرزەنت تىلەش پېرىخونلىقى........................ 253
§4 پاكلاش پېرىخونلىقى .................................. 254
§5 روھنى چاقىرىش پېرىخونلىقى ........................ 257
§6 قەست پېرىخونلىقى.................................... 257
§7 پەرھىز پېرىخونلىقى .................................. 259
XVIIIباب ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى نەزىر-چىراغ
پائالىيەتلىرى ........................................... 261
§1 كوللېكتىپ نەزىر........................................ 262
§2 ئائىلىۋى نەزىر........................................... 264
§3 شەخس نەزىرىسى........................................ 267
XIXباب ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان سىمۋوللۇق رەڭ ۋە
خاسىيەتلىك سانلارنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ...... 269
§1 رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى .................. 272
§2 "3"، "4"، "7"، "9"، "40" قاتارلىق خاسىيەتلىك
سانلار........................................................ 277
XXباب شامان دىنى ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان
تۇمار تۈرلىرى ........................................... 291
§1 سۆڭەك تۇمار............................................ 291
§2 مۈڭگۈز تۇمار............................................ 292

§3 يۇلۇك تۇمار ........................ 293
§4 تېرە تۇمار ........................ 294
§5 تاش تۇمار ........................ 295
§6 تۆمۈر تۇمار ........................ 296
خاتىمە ........................ 298
ئاخىرقى سۆز ........................ 300
پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................ 301

# I باب شامان دىنى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## §1 ”شامان“ ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

دۇنيادىكى ھەر قانداق دىننىڭ مەخسۇس كەسپىي خادىملىرى بولىدۇ. بۇ خادىملار شۇ دىن دائىرىسىدە ئۆزىگە خاس پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق شۇ دىننىڭ ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، قوغدايدۇ ۋە تارقىتىدۇ. بۇ شۇ خىلدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرىنىڭ داۋاملىشىپ بېرىشىدىكى مۇھىم تەرەپ. دىنىي خادىملارنىڭ پائالىيەت خاراكتېرىنى ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان دىننىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. دىنىي خادىملارنىڭ يەنە ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللەت دائىرىسىدە مەخسۇس نامى بولىدۇ. بۇ نام شۇ مىللەتكە ئورتاق بولۇپ، شۇ دىنىي خادىمنىڭ پائالىيەت خاراكتېرىگە ئاساسەن قويۇلغان بولىدۇ. شامان دىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان، ئېتىقاد قىلىنغان ھەم بەزى رايون ۋە مىللەتلەردە تا ھازىرغا قەدەر ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي دىن. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ”شامان“ مانا مۇشۇ ئىپتىدائىي دىندا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئالاھىدە شەخس ۋە سىرلىق شەخس. شاماننىڭ ئالاھىدە ۋە سىرلىق بولۇشىنى شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن.

شاماننىڭ ھەر قايسى مىللەتلەردىكى ئاتىلىشى ئوخشاش ئەمەس. شۇنداقلا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، شامانىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ” قام“ دەپ ئاتايدىغانلىقى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى» دا

خاتىرلەنگەن. يەنى مەھمۇت قەشقەرى دىۋانىدا ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە كىشىلەرنى " قام " دەپ ئاتايدىغانلىقىنى خاتىرلىگەن. بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردا " قام" سۆزى تىلغا ئېلىنغان:

سېنىڭدە تۇرۇر، كور، بۇلارنىڭ ئەمى،
ئوتاغىل دارو بىرلە، بولغىل قامى.

مەنىسى: سېنىڭدە تۇرۇر، كور، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم-ئۇستىسى.

دېمەك، " قام" سۆزى "ھېكىم-ئۇستا "، "داۋالىغۇچى" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قەدىمكى دەۋرلەردە شامانىنى " قام "، " قامان " دەپ ئاتىغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار " قامان" نى "پېرىخون" ،"جىنكەش "، " باخشى"، " داخان " سۆزلىرى بىلەن ئاتايدۇ. " پېرىخون " سۆزىدىكى "پېرە" بولسا " جىن " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. " خون" بولسا " ئوينىتقۇچى"، " باشقۇرغۇچى " دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. " پېرە" بىلەن " خون " نى قوشقاندا " پېرىخون " — " پېرە ئوينىتقۇچى" ، " پېرىلەرنى باشقۇرغۇچى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ "جىنكەش " دېگەن سۆزدىكى " كەش " قوشۇمچىسى " بېرىلگۈچى"، "مەپتۇن بولغۇچى " دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، " جىنكەش " دېگەن سۆز " جىنلارغا بېرىلگۈچى "، " جىنلار بىلەن ئارىلاشقۇچى "، "جىنلارغا مەپتۇن بولغۇچى " دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ " باخشى" سۆزى ئۇيغۇرلار رايونىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. تۈركىيە ئالىمى A. ئىنان قازاق تىلىدىكى "巴克舍" ("باخشى") دېگەن سۆز بۇددا

دىنى ئارقىلىق سىرتتىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇللار ”师“ ”导师“ (”ئۇستاز“) مەنىسىدە قوللانغان. شاگىرتلار ” ئۇباش“ (”乌巴什“)، دىنىي ئىلىم بېرىدىغان لامالار ”巴赫舍“ (”باخشى“) دەپ ئاتالغان. تۈركمەنلەردە بۇ سۆز ”ساز چېلىپ ناخشا ئېيتقۇچى“ ”音乐诗人“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چاغاتاي تىلىدا بولسا ” باخشى“ سۆزى ئۇيغۇرچە خىزمەت قىلىدىغان ”كاتىپ“ مەنىسىدە قوللىنىلغان دەپ قارىغان. M. فۇئات كوپرۈلۈ تۈزگەن «ئىسلام قامۇسى»دا، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدە ”باخشى“ سۆزى ”师傅“، ”老师“ يەنى ” ئۇستاز“ مەنىسىدە قوللىنىلغان ① دەپ چۈشەندۈرگەن. ”داخان“ سۆزى ئەسلىدە ” دۇئاخان“ سۆزىنىڭ قىسقارتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، ”دۇئاخان“ سۆزىدىكى ” ۋ“ تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. ”داخان“ دېگەن سۆز ”دۇئا ئوقۇپ كېسەل داۋالىغۇچى“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

موڭغۇل تىل ئائىلىسىگە تەۋە مىللەتلەر شامانى ”ئۆركەن“ ، ”بوئىي“ دەپ ئاتىغان؛ داغۇرلار ”ياداغان “ دەپ ئاتىغان، ئۇندىن باشقا ”تىنچ ئوكياندىكى مېلانزىيىلىكلەر ’مانا‘ (Mana) ئاۋستىرالىيىدىكى بەزى يەرلىك ئاھالىلەر ’ئارۇڭكۇلتا‘ (Arungguil ha) دەپ ئاتىغان بولسا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلار ’ ۋاكان‘ (Wakan)، ’ ئورىندا ‘ (Orenda) ياكى ’مانىتۇ‘ (Manitu)، دەپ ئاتىغان“②.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە بولسا شامان — ”巫师“ دەپ ئاتالغان. ”شامان“ سۆزى مانجۇ-تۇڭگۇس تىللىرىدا ”ئەسەبىيلەشكەن ئۇسسۇلچى“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1692-يىلى موسكۋا ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، ئېيۋرت. ئىسبولانت. ئېنداي ۋە

ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئېلان قىلدۇرغان «جۇڭگو ساياھەت خاتىرىسى» دە تۇنجى بولۇپ، مانجۇلاردىكى "شامان"نى خەلقئاراغا تونۇشتۇرغان③. شۇنىڭ بىلەن "شامان" ئاتالغۇسى خەلقئارا ئاتالغۇغا ئايلىنىپ، ئىپتىدائىي دىنمۇ "شامانىزم" يەنى "Shamanizm" نامى بىلەن ئاتالغان.

گەرچە "شامان" ھەر قايسى مىللەتلەردە ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شامان دىنى پائالىيەتلىرىدە تۇتقان ئورنى مۇئەييەن ئورتاقلىقنى ساقلاپ كەلگەن.

## §2 شامان دىنىنىڭ دائىرىسى

سۇنئىي دىنلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇئەييەن ماكان، مۇئەييەن مىللەت ئاساسىغا ۋە مۇئەييەن تارقىلىش شەكلىگە ئىگە. ئەمما شامان دىنى تەبىئىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان مۇرەككەپ، ئىستىخىيىلىك ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسى.

شامان دىنى "شامان" ئاتالغۇسى خەلقئارا ئاتالغۇغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن "ئىپتىدائىي دىن"، "ئىپتىدائىي ئېتىقاد" نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىپتىدائىي دىن "شامان دىنى" ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەردە شامان دىنى پەقەت ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان دىن دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. دېمىسىمۇ، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ناھايىتى ئۇزۇن دەۋر ئېتىقاد قىلغان ياكى بەلگىلىك ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان شامان دىنىنىڭ دىن ئەقىدىلىرى، ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بۇ مىللەتلەردە كۆپ تەرەپلىمە ئورتاقلىققا ئىگە. ئالتاي تىل

سىستېمىسىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ شامان دىنىدىكى مۇنداق ئورتاقلىقلارنى بۇ مىللەتلەرنىڭ قانداشلىق باغلىنىشىدىن، ئورتاق جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، بىر نۇقتىدىن قارالپلا، شامان دىنى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان دەپ قاراش مۇۋاپىق بولمايدۇ.

شامان دىنى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى، جەنۇبىي ئاسىيا تىنىچ ئوكيان رايونىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە ئافرىقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن بەلگىلىك ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ مەنىدىن شامان دىنىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئېتىقاد ھادىسىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى روشەن پەرقلەرنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېنگلىسنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا: ”بارلىق دىنلار پەقەت كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپ تۇرغان تاشقى كۈچنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالى ئىنكاسى...ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، دىندىن ئىبارەت تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى بۇ خىل ئەڭ دەسلەپكى ئىنكاسى تەرەققىياتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا خىيالىي ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن“ ④.

شامان دىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ساددا تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى.

شۇڭا، شامان دىنىنى پۈتكۈل ئىنسانلار ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىن دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ”شامان دىنى تىپىدىكى دىنلار دۇنيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا بىردەك بايقالدى“⑤.

## §3 شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن

شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد فورماتسىيىسى شۇنداقلا بىر خىل ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا كىشىلەر ياشاش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي قۇدرىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، پەرقىنى ۋە قارمۇقارشى ھالىتىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بىلىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىشى ماھىيەتلىك بىلىش بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى ساددا ئىدېئال ئىنكاسلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئوبيېكتىپ تۈرنى ئىلاھلاشتۇرغان، ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئۇلاردىن قورققان، نەتىجىدە شامان دىنىنىڭ ئىلاھلار چۈشەنچىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرى ۋە ئېتىقاد شەكىللىرى ۋە دىنىي خادىملىرى تەدرىجىي ھالدا بارلىققا كەلگەن، شامان دىنىنىڭ دىن قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. ئەلۋەتتە، شامان دىنىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن.

شامان دىنى دىنمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە خېلى بىر

مەزگىلگىچە تالاش ـ تارتىشلىق مەسىلە بولۇپ كەلدى. بەزىلەر شامان دىنىنى ئىلاھلارغا ئاتاپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇشنىڭ بىر خىل شەكلى، بۇنى دىن دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى؛ بەزىلەر شامان دىنىنى گەرچە دىن دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئېتقاد جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ دىنغا ناھايىتى ئوخشايدۇ، دەپ قارىدى؛ يەنە بەزىلەر شامان دىنىمۇ دىن، ئۇ دىنلارنىڭ بىر تۈرى، دەپ قارىدى⑥. ئى. ئا. كرىۋېلېۋ مۇنداق دەپ قارىدى: ”دىنشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئىچىدە شامان دىنىنى بايان قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئەسەر خېلى كۆپ. ئەمما، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بىرلا نۇقسان بار. ئۇ بولسىمۇ شامان دىنىنى دىننىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى دەپ قاراش“⑦. بىز شامان دىنىنى مۇكەممەل بىر خىل دىن دەپ قارايمىز. چۈنكى، شامان دىنىنى باشقا سۇنئىي دىنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مۇكەممەل دىن قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. يەنى، بىرىنچىدىن، شامان دىنىدا باشقا سۇنئىي دىنلاردىكىگە ئوخشاش سىستېمىلىق دىن پەلسەپىسى بولمىسىمۇ، تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بولغان؛ ئىككىنچىدىن، شامان دىنىدا مەيدانغا كەلگەن مۇقەددەس دىنىي كىتاب، مۇقىم ئىبادەتخانىلار ۋە مۇتلەق تۇراقلىق ئېتىقاد ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد شەكىللىرى بولمىسىمۇ، ئەمما يېزىقسىز مۇھىتتا ئاغزاكى مەيدانغا كەلگەن، ئېتىقاد ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان دىنىي قوشاقلار، ئىلاھلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، نىسبەتەن تۇراقلىق تەبىئىي يىغىلىش ـ مۇراسىم سورۇنلىرى، كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېتىقاد پائالىيەتلىرى بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، شامان دىنىدا سۇنئىي دىنلاردىكىگە ئوخشاش پۈتكۈل ئىنسانلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ”تەڭرى ئەۋەتكەن“ پەيغەمبەرلەر بولمىسىمۇ، ئەمما بىر ئۇرۇق، بىر قوۋم ياكى

بىر قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ”روھلار ۋە تەڭرىلەر بىلەن ئۇچرىشالايدىغان“ شامان بولغان؛ تۆتىنچىدىن، شامان دىنىدا سۇنئىي دىنلاردىكىدەك دىنىي ئورگان ۋە كەسپىي دىنىي خادىملار بولمىسىمۇ، ئەمما مەخسۇس چوقۇنۇش مۇراسىملىرىغا ۋە پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىدىغان شامان ۋە ياردەمچى شامانلار بولغان؛ بەشىنچىدىن، شامان دىنىدا باشقا سۇنئىي دىنلاردىكىدەك بىرلىككە كەلگەن بىرلا غايىۋى تەڭرى بولمىسىمۇ، ئەمما كۆك تەڭرىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى كۆپ خىل ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بولغان؛ ئالتىنچىدىن، شامان دىنىدا مۇكەممەل ئېتىكا ۋە ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر تۇراقلاشقان ۋە ئومۇملاشقان پەرھىز چۈشەنچىلىرى بولغان. ئۇندىن باشقا يەنە شامان دىنىنىڭمۇ باشقا سۇنئىي دىنلاردىكىگە ئوخشاش مۇخلىسلىرى ۋە ئېتىقادچىلىرى بولغان. شۇڭا، شامان دىنىنى ئىپتىدائىي ھالدىكى بىر خىل دىن دېيىمىز. ئىپتىدائىي دىنىنى سۇنئىي دىنلارنىڭ دىن ئۆلچىمى بويىچە دىن ئەمەس دەپ قاراش تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇۋاپىق ئەمەس.

## §4 شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى

1. شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى

شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى ھەر خىل بولۇپ كەلدى. شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىمۇ شامان دىنى تەتقىقاتىدىكى تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. بەزىلەر شامان دىنىنى كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىن، ئۇ شامانىزم ئىچىدىكى بارلىق ئىپتىدائىي دىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كۆپ خىل ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئۇنى كۆپ خۇدالىق دىن دەپ ئاتاشقا بولىدۇ دەپ قارىغان؛ بەزىلەر

شامان دىنى بىر خىل ئالاھىدە شەكىلدىكى پېرىخونلۇق دىنى دەپ قارىغان؛ يەنە بەزىلەر شامان دىنى كۆك تەڭرىنى ئاساس قىلغان بىر خۇدالىق دىن دەپ قارىغان؛ يەنە بەزىلەر شامان دىنى ئاددىي ھالدىكى ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق دىن ئەمەس، پېرىخونلۇق دىنمۇ ئەمەس، كۆك تەڭرىنى ئاساس قىلغان بىر خۇدالىق دىنمۇ ئەمەس. بەلكى ئىپتىدائىي، ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان، ئىنسانلارنىڭ كۆپ خۇدالىق دىنىدىن بىر خۇدالىق دىنىغا ئۆتۈش باسقۇچىدىكى ئۆتكۈنچى دىن دەپ قارىغان⑧. ئۇندىن باشقا ئى. ئا. كرىۋېلېۋ "شۈبھىسىزكى، شامان دىنى كۆپ روھلارغا چوقۇنىدىغان بىر تەرەپ ياكى بىر گەۋدە"⑨ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

مېنىڭچە، شامان دىنىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، شامان دىنىنىڭ ئىپتىدائىي دىن خاراكتېرى. شامان دىنىنىڭ ئىپتىدائىي خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئامىللار بەلگىلىگەن. يەنى شامان دىنى كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە بولغان قارشىلىق كۈچى ئەڭ ئاجىز بولغان ئىجتىمائىي فورماتسىيە شارائىتىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا شامان دىنىنىڭ ئىلاھلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ ئىنتايىن ساددا بولۇپ، ئېتىقاد پائالىيىتى شەكىللىرىمۇ ئىنتايىن ئاددى بولغان. شامان دىنىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا ئۇ يەنىلا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

ئىككىنچى، شامان دىنىنىڭ كۆپ خۇدالىق دىن خاراكتېرى. شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسى ماھىيەتتە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىنىڭ يىغىندىسى، يەنى ئەتراپىدىكى بارلىق ئوبيېكتىپ

شەيئىلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شامان دىنىنىڭ ئىلاھلار سىستېمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شامان دىنىنىڭ ئىلاھلار سانى ناھايىتى كۆپ. بۇ نۇقتىدىن شامان دىنىنى كۆپ خۇدالىق دىن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شامان دىنىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى. شامان دىنى ئەڭ دەسلەپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يەنى سىنىپسىز جەمئىيەتتە پەيدا بولغان. بۇ چاغدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش مېۋىلىرىنى تەڭ تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە بۆلۈشەتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا سىنىپىي بۆلۈنۈش يوق ئىدى. شۇڭا شامان دىنىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، يەنى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى باسقۇچىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە ئۇلار چوقۇنىدىغان ھەممە ئىلاھلار باراۋەر ئورۇندا تۇراتتى. ئەمما، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، شامان دىنى ئېتىقادىدىكى تەڭ ھوقۇقلۇق ئىلاھلارنىڭ ئىمتىيازى ۋە ئورنىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان. يەنى شامان دىنى ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە كۆك تەڭرى ھەممە تەڭرىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دېگەن ئىدىيىۋى قاراش ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە، كۆك تەڭرىنىڭ بارلىق ئىلاھلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىدەك دىن چۈشەنچىسى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. شامان دىنىنىڭ كۆپ خۇدالىق دىندىن بىر خۇدالىق دىنغا يۈزلىنىشىنى سىنىپىي جەمئىيەت بەلگىلىگەن. شامان دىنىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان باسقۇچى شامان دىنىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

2. شامان دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، شامان دىنىنىڭ مەزمۇنى ـــ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر بىلەن ساددا تەپەككۇرنىڭ غەيرى بىرلىكىدىن

ئىبارەت. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش شەكلى كوللېكتىپ ھالدىكى ئوۋچىلىق ئىدى. ئۇلار زۇلمەت ئىچىدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈرگۈنلىگان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى، تەبىئەت قوينىدىكى سىرلارنى چۈشەنمىگەن. ھەر بىر ئوبيېكتىپ نەرسە ئۇلار ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلغان. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق مەنبەلىرىدىن خۇشال بولۇشسا، تەبىئەتنىڭ قورقۇنچلۇق ھادىسىلىرىدىن قاتتىق قورقۇنچ ھېس قىلغان. ئۇلار ساددا تەپەككۇرى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى خۇشاللىق ۋە قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن ھەربىر ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى بىلىشكە ۋە چۈشىنىشكە ئۇرۇنغان. ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۆۋەن تەپەككۇر ھالىتىدە ۋە قىلچە ھىمايىسىز ھالەتتە تەبىئەتنىڭ ھەرخىل ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان. ھەربىر ھادىسە ۋە ھەر بىر كۈچ ئۇلار ئۈچۈن ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرەت بىلىنىپ، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا تەبىئەت كۈچلىرىگە باش ئەگكەن، تېۋىنغان، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەن. ئىپتىدائىي ھاياتتا تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن ئېرىشكەن ئامەتلەر ئۇلار ئۈچۈن ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە بولغان خوشاللىقنى ئىپادىلىگەن. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ”ئىلاھىي“ نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۆۋەن تەپەككۇر ھالىتىدىكى ساددا خىياللىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئىككىنچى، شامان دىنى — كۆپ تەڭرىلىك دىن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار كۆز ئالدىدىكى ھەر بىر تەبىئەت ئامىلىنى بىر تەڭرىنىڭ ئىلاھىي گەۋدىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ھەتتاكى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يورۇقلۇق، سۇ، ئوت، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار...قاتارلىقلارنى ئىلاھىي ئوبرازلار سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە تەبىئەت ھادىسىلىرى — يامغۇر، قار، شامال، قۇيۇن، بوران، گۈلدۈرماما، چاقماق، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى پەسىللەردىكى ئۆزگىرىشلىرى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى،

كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى... قاتارلىقلار ئىلاھلار ۋە
ئىلاھلارنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارالغان. ئاسماندىكى بارلىق جىسىملارمۇ
ئايرىم-ئايرىم "ئىلاھىي كۈچ-قۇدرەت" نىڭ ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشى
ھېسابلانغان: تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوخشاش بولمىغان ھادىسىلەر ئۆز
ئالدىغا بىر ئىلاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلغان. شۇڭا شامان
دىنىدا تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىر ئورگاننىڭ
بىرلىك، ھەر بىر ئۇچرىشىش ھالقىلىرى بىر تەڭرىنىڭ خىيالىي
ئوبرازىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن شامان دىنىدا
نۇرغۇنلىغان تەڭرىلەر توپى ۋە ھەر بىر تەڭرى ئۈچۈن مەخسۇس ئېلىپ
بېرىلىدىغان سىمۋوللۇق ئېتىقاد شەكىللىرى مەيدانغا كەلگەن.
ئۈچىنچى، شامان دىنى — تەبىئەتنىڭ ساددا تەپەككۇر قىلىنىشى.
شامان دىنى باشقا سۈنئىي دىنلارغا ئوخشاش مەلۇم بىر پەۋۋۇلئاددە
شەخس تەرىپىدىن يارىتىلىپ تارقىتىلغان دىن بولماستىن، بەلكى
ئىپتىدائىي كوللېكتىپنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا ئورتاق شەكىللەنگەن
ئېتىقاد چۈشەنچىسى. بۇ چۈشەنچىلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلار مەخسۇس
ئۆگەنگەنمۇ ئەمەس. پەقەت ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ۋە ئىپتىدائىي
ئېتىقاد پائالىيەتلىرى قوينىدا تۇغۇلغان ھەر بىر ئەۋلاد تەبىئەت بىلەن
دەسلەپكى ئۇچرىشىش مەزگىلىدىلا، ئىستىخىيىلىك ھالدا مۇشۇ خىل
ئىپتىدائىي ئېتىقاد مۇھىتى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. چۈنكى،
ئەجدادلار كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەتراپىدىكى ھەر بىر نەرسىنى ئىلاھىي
ئوبراز دەپ تونۇشتۇرغان. ئۇلار ئۇچراشقان ھەر بىر پائالىيەتلەردە
ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى نامايەن بولغان.
دېمەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەر بىر ئەزانىڭ بىۋاسىتە
ئۇچرىشىدىغىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بولماستىن،
بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلغان، ئىلاھلاشتۇرۇلغان،
تۇيغۇ ۋە ساددا تەپەككۇردىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بولغان. شۇڭا
كېيىنكىلەر ئۈچۈن بۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئېتىقاد شەكىللىرى

بولسا يىلتىزى چوڭقۇر ئەنئەنىگە ئايلانغان. شامان دىنى ئېتىقادى تەسىرىنىڭ هازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىشىمۇ سادداا ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتى ۋە ئاڭ پائالىيىتىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، شامان دىنى كېسەل داۋالاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شامان دىنى پائالىيەتلىرى ئىچىدە كېسەل داۋالاشنى مەقسەت قىلغان پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. هاياتلىقتىكى كېسەللىك، ئۆلۈم ۋە تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەتلەر شامانىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەنبۇى زۆرۈرىيەتنى تۇغدۇرغان. شۇڭا شامان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئۇرۇق، قوۋم، قەبىلىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئەزالارنىڭ، مال-چارۋىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ئالاھىدە شەخسكە ئايلانغان.

شامان دىنىنى بىر پۈتۈن روھلار دۇنياسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. شامان دىنىدىكى بارلىق داۋالاش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئانىمىزم چۈشەنچىلىرىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان. شامانلار پېرىخونلۇق پائالىيىتىدە ئىشلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە روھ چۈشەنچىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئادەملەرنىڭ جىسمانىيىتىدىكى بارلىق نورمالسىز هادىسىلەرنى روھلارنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قاراپ، داۋالاش پېرىخونلىقىنىڭ ھەممىسىدە ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلارنىڭ كۈرەش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، داۋالاش پېرىخونلىقىنى شامان دىنىدىكى مەڭگۈلۈك روھلار زىددىيىتى چۈشەنچىسىنىڭ ئوبرازلىشىشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

بەشىنچى، شامان دىنىدا كۈچلۈك كۈرەش ئېڭى بولىدۇ. شامان دىنىدا كېسەل بولۇش ۋە ساقىيىش، بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قاتارلىقلار پەقەت ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلارنىڭ غەلىبە-مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرىشى بولۇپ، كېسەلدىن ساقىيىش ۋە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش ياخشى روھلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە، ياۋ بىلەن بولغان كۈرەشلەردە غەلىبە قىلىش، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن قۇربان بېرىپ باتۇرلار روھىغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئەقىدە ـ ئېتىقاد قەدىمكى كىشىلەر ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ياخشى روھلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا يامان روھلارنىڭ مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيىتىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئىككى خىل روھنىڭ كۈرەشىمۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ، شۇڭا روھلار كۈرەشىنى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ. ئادەم تېنىنىڭ سالامەتلىكى، ساغلاملىقى كۈرەش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شامانىنىڭ داۋالاش پېرىخونلىقى دەل يامان روھلارغا قارىتىلغان زورلاش ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلار شامان دىنىنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەمدى شامان دىنىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

سۈنئىي دىنلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شامان دىنىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، شامان دىنىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى. شامان دىنىنىڭ ھەر بىر ئېتىقاد پائالىيەتلىرى كوللېكتىپ يىغىلىشلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەخسۇس ئېتىقاد پائالىيەتلىرىگە شامان قوماندانلىق قىلىدۇ. باشقىلار شامانغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى تېۋىنىماقچى بولغان ئىلاھىي نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە چۆرگىلەيدۇ، سەكرەيدۇ، ۋارقىرايدۇ... تېۋىنىش پائالىيەتلىرىگە پۈتۈن ئۇرۇق، قوۋم، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ.

ئىككىنچى، شامان دىنىدا بىرلىككە كەلگەن دىنىي دەستۇر بولمايدۇ. شامان دىنى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىنىي قەسىدىلىرىمۇ ئاغزاكى ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، قەسىدە مەزمۇنلىرى بىر قەدەر چۇۋالچاق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شامان دىنىدا ھەم ئىجتىمائىي ھەم دىنىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان دىنىي ئۆلىما بولمايدۇ. سۇنئىي دىنلاردا دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى بەلگىلىك تەيىنلەش تەرتىپى بويىچە بېكىتىلىدۇ. ئەمما شامان دىنىدا شامان سايلاش، بەلگىلەش تەرتىپى بويىچە تۈرغۈزۈلمايدۇ. بەلكى "روھلارنىڭ تەربىيىلىشى"دىن ئۆتكەن ئالاھىدە شەخس شامانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. گەرچە شامانىنىڭ ياردەمچىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت شامانىنىڭ شامانلىق پائالىيەتلىرىگىلا ياردەملىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايرىم كەسپىي ۋەزىپىسى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، شامان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى بولمايدۇ، دىن تارقاتقۇچىسىمۇ بولمايدۇ، مۇئەييەن دىن تارقىتىش شەكلىمۇ بولمايدۇ. سۇنئىي دىنلارنىڭ پەيغەمبىرى بىۋاسىتە ئۆز تەڭرىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. شامانلارمۇ تەڭرىلەر ۋە روھلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شامانلار پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شامانلارمۇ شامان دىنى ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنىڭ تارقىلىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

بەشىنچى، شامان دىنىنىڭ مەخسۇس ئىبادەتخانىلىرى بولمايدۇ، پەقەت نىسپىي تۇراقلىق بولغان ئىبادەت، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرى بولىدۇ. ئىبادەت، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرى ئادەتتە مۇقەددەس تاغ ئۈستى، ئورمانلىق، كەڭ دالا، سىمۋوللۇق جاي (تاغ ئۈستىگە سىمۋول قىلىنغان تۆپە) ياكى ئۇلۇغ سۇ بويىدا بولىدۇ. بۇنداق سورۇنلار بىر قەدەر تۇراقلىق بولۇپ، چوڭ كۆلەملىك نەزىر-چىراغ، دۇئا-تىلاۋەت پائالىيەتلىرى مۇشۇنداق جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇنى شامان دىنىنىڭ تەبىئىي ئىبادەت سورۇنى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، "ھۇنلار دەۋرىدە تاغقا چوقۇنۇش بىلەن ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇش بىر-بىرىگە زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ھانگاي تېغى دەل ئۇلارنىڭ قۇربانلىق قىلىپ كۆك تەڭرىگە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان

مۇقەددەس تىبغى ئىدى“⑩.

ئالتىنچى، شامان دىنىدا دىنىي ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىدىغان مەخسۇس دائىمىي تۇرۇشلۇق تەشكىلاتلار بولمايدۇ. شامان دىنى تەبىئىي دىن بولغاچقا مەخسۇس دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قاتلاملىق تەشكىلاتلار شەكىللەنمىگەن.

يەتتىنچى، شامان دىنىدا شامان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن شەرھلەيدىغان مەزھەپلەر شەكىللەنمىگەن.

سەككىزىنچى، شامان دىنىدا مۇكەممەل دىنىي قانۇن-تۈزۈم تەرتىپلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما، شامان دىنى مۇخلىسلىرى ۋە ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرى قەتئىي رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك دۇئا-تىلاۋەت تەرتىپلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىلاھلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان تىل-ھەرىكەت پەرھىزلىرى بولىدۇ. توتېم چۈشەنچىسى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

توققۇزىنچى، شامان دىنى گەرچە ئىپتىدائىي دىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇرەككەپ ئىپتىدائىي بىلىش شەكلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە. شامان دىنىدا روھ، ئىلاھ چۈشەنچىلىرىنىڭ بولۇشى، ئىنساننىڭ يارالمىشىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى شامان دىنىنىڭ يەنىلا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى پەلسەپە چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئونىنچى، شامان دىنى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان ئېتىقادچىلارغا ياش چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. شامان دىنىنىڭ تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلىرىگە بارلىق ئەزالار (چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال، ئوغۇل-قىزلارنىڭ ھەممىسى) قاتنىشىۋەرگەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن شامان دىنى پائالىيەتلىرىدە مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شامان دىنىدا ئېتىقاد پەرزىنىڭ

ياش چېكى بەلگىلەنمەيدۇ. ئەمما باشقا سۇنئىي دىنلاردا ئېتىقاد پەرزىنىڭ ياش چېكى بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدا ئوغۇللار ئون ئىككى ياشتا، قىزلار توققۇز ياشتا ئېتىقاد پائالىيەتلىرى پەرز قىلىنىدۇ.

ئون بىرىنچى، شامان دىنىدا ئىلاھلار، روھلارلا سىمۋوللۇق بەلگە ياكى سىمۋوللۇق نەرسىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ "ئىلاھىي قۇدرىتى" ۋە روھلار دۇنياسىدا بولۇشى زۆرۈر دەپ قارالغان تۇرمۇش بويۇملىرىمۇ ئىلاھلاشتۇرۇلىدۇ ھەم ھەر خىل سىمۋوللۇق بەلگە ياكى سىمۋوللۇق نەرسىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## §5 شامان دىنىنىڭ دىن پسىخىكىسى

باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش شامان دىنىنىڭ مۇھىم ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. شامان دىنىدا ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئۈچۈن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىمۇ باتۇر روھقا ئايلىنىدۇ؛ بۇ روھلار ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋ روھى بىلەن ئەبەدىي كۈرەش قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مانا بۇ شامان دىنىدىكى باتۇرلار روھىنى ئۇلۇغلاش ۋە تەرغىب قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى. شامان دىنىنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ئوقۇلىدىغان قەسىدىلەردىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ياخشى روھلارنىڭ باتۇرلىقى ئەكس ئېتىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، شامان دىنىنى باتۇرلۇق روھىنى تارقاتقۇچى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى باشقا سۇنئىي دىنلاردا مېھرىبانلىق، شۈكۈر ـ قانائەت ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىدىغان دىنىي ئەقىدىلەر مۇھىم مەزمۇن قىلىنسا، شامان دىنىدا باتۇرلۇق ئىدىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. باتۇرلۇق چۈشەنچىسى شامانىنىڭ بارلىق داۋالاش

پائالىيەتلىرىدە ۋە شامانىنىڭ بىمار داۋالىغان چاغدىكى ھەركەتلىرىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ.

شامان دىنى ئەقىدىلىرىدە باتۇرلۇق پىسخىكىسى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغاچقا، مۇشۇ خىل ئەقىدە-ئېتىقاد مۇھىتىدا قانچىلىغان قەھرىمانلار، باتۇر روھلار ۋە باتۇرلۇق ھەققىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ ماددىي دېتاللىرى رېئاللىقنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى، پسىخىك تەربىيىلىنىشىدە باتۇرلۇق پسىخىكىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى رىۋايەتلەردىكى باتۇر شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ قانلىق كۆرەشلەردىكى غەلىبىسىنى تەڭرىلەرنىڭ مەدەت بېرىشىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىمۇ شامان دىنىنىڭ دىن پسىخىكىسىدىكى باتۇرلۇق ھەققىدىكى ئىدېئال ئامىللارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىخىغا ئائىت ئېپوس ۋە يادنامىلەردىكى ئوغۇز خاقان، ئالىپ ئەرتۇڭا، كۆلتېگىن، تونيۇقۇق؛ قىرغىزلاردىكى «ماناس» داستانىدا مەدھىيىلەنگەن ماناس...قاتارلىق باتۇر خاقانلار، سەركەردىلەر شامانىزم مۇھىتىدا يېتىلگەن، ۋۇجۇدىدا شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرىدىكى باتۇرلۇق پسىخىكىسى ۋە باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن غالىب شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شامان دىنىدىكى باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش باتۇرلۇق پسىخىكىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى. باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئېتىقاد قارىشى ئاساسىدا باتۇرلۇق پسىخىكىسى شامان دىنىنىڭ دىن پسىخىكىسىغا ئايلانغان. شامان دىنىنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆرەش، يېڭىش، قوغلاپ چىقىرىش، باتۇر روھلارغا ئايلىنىش ئەسەبىي ھالدا تەرغىب قىلىنىدۇ. شامانىنىڭ پىرىخونلۇق (پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش) پائالىيىتىدىمۇ شامان "ئەسەبىيلەشكەن يامان روھلار" بىلەن كۆرەش قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلاردىكى شامانلارنىڭ «ئازايىم قوشىقى»دىمۇ ئىزچىل ھالدا ھەربىي قوراللار بىلەن تولۇق قوراللانغان باتۇر روھلارنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلىقى، كۈچ - قۇدرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

## §6 شامان دىنىدىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھاياتلىق پائالىيىتى زۇلمەتكە تولغان تەبىئەت قوينىدا باشلانغان. ئەينى چاغدا ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ھەر خىل بېسىملىرىغا قارشى تۇرۇشنى، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ھاياتلىق قەدىمىدە يۈز بېرىۋاتقان تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا خىيالىي چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلغان. ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان غايەت زور كۈچ - قۇدرىتى ئالدىدا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى قوغداپ قالغان تەبىئەت كۈچلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەت قوينىدىكى ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە بېقىنغان، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىلاھلاشقان ئوبرازى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇلار ئۆز ھاياتلىقى بىلەن ئىزچىل ھالدا بىرلىك ۋە قارمۇ قارشىلىقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى؛ قار، يامغۇر، شامال، بوران، قۇيۇن، ھەسەن - ھۈسەن قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى؛ يەر، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، ھايۋان، قۇش، ئوت، سۇ...قاتارلىق زېمىن يۈزىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ماددىي ھالىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ”ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە“ سىرلىق خاراكتېرى بىلەن

تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت ئىلاھلىرى چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. تەبىئەت ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەرنىڭ ئوبيېكتى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بولغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى «ئىلاھ» دەپ چۈشەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە چوقۇنغان، ھەر خىل ئىپتىدائىي ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

دۇنيادىكى ھەرقايسى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا تەبىئەت ئىلاھلىرى دەپ قارالغان ئوبيېكتلار بىر پۈتۈن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى ئۇلار ياشىغان ئوبيېكتىپ جۇغراپىيىلىك شارائىت ئىلاھىي ئوبيېكتلاردا مۇئەييەن پەرقلەرنى پەيدا قىلغان. ئەمما دۇنيادىكى ھەر قايسى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئىلاھلىرى ئىچىدە ئاسمان جىسىملىرى ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئوبيېكتىپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئوخشايدۇ؛ ئۇندىن باشقا، ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشاپ كېتىدىغان خەلقلەر «ئىلاھ» دەپ قارىغان ئوبيېكتلار ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى بىلەن ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى ئىچىدە بەزى ھايۋان ئىلاھلار بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. يەنى، ئىندىئانلارنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى ئىچىدە بۆرە، ئېيىق قاتارلىق ھايۋان ئىلاھلار بار. ئوخشاشلا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى ئىچىدىمۇ بۆرە، ئېيىق قاتارلىق ھايۋان ئىلاھلار بار. دېڭىز بويىدا ياشىغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ ھايۋان ئىلاھلىرى ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن ئوخشاشلىققا ئىگە ھايۋان ئىلاھلار بار. يىغىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئىلاھلىرى ئىچىدە زېمىن ئىلاھلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ياشاش شارائىتى بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭا ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ

ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىشى ۋە پەرقلىق بولۇشى تەبىئەت ئىلاھلىرى ئوبيېكتىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تەبىئەت ئىلاھلىرى ئوبيېكتىنىڭ قانداق، قايسى دائىرىدە بولۇشىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى بەلگىلىگەن.

تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى شامان دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد شەكلى. شامان دىنى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىستېمىغا ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىگە ئىگە كۆپ تەڭرىلىك دىنغا ئايلانغان. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىنى شامان دىنىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىگە چوقۇنۇش دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تەبىئەت ئىلاھلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشقا ئىگە تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئىلاھلىرى ھەققىدىكى بىلىشى پۈتۈنلەي سەزگۈ ۋە تۇيغۇ پائالىيىتىگە تايانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ھالدىكى بىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە پايدىلىق بولغان تەبىئەت كۈچلىرىنى ياخشىلىق ئىلاھلىرى؛ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە ئاپەت ئېلىپ كەلگەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يامانلىق ئىلاھلىرى دەپ قاراپ، تەبىئەت ئىلاھلىرىنى قارمۇقارشى ھالدىكى ئىككى خىل ئىلاھىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى بىلىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باشلىنىشى

ھېسابلىنىدۇ.

## §7 شامان دىنىدىكى شامان ۋە پېرىخونلۇق

شامان دىنىدا شامان، شامان دىنىدىكى بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىستېما ۋە بىر پۈتۈن دىن قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن خېلىلا بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. شامان ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا شەكىللەنگەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىنى مەنبە قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. شامان پەيدا بولغان چاغلاردا شامان دىنى تېخى بىر پۈتۈن دىن گەۋدىسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ھازىرقى ئىلمىي تەتقىقاتلار شامانىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەقەت ئانا نەسەبلا پۈتۈن ئۇرۇققا باشچىلىق قىلالاتتى. ئۇرۇق ئاقساقىلى بولغان ئايال ئەجداد پۈتۈن ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى — كېسەللىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇشى، تەبىئەت كۈچلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ خىل زۆرۈرىيەتنى شامانىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەب دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار كېسەللىك ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئىزدىمەي، بەلكى بۇ خىل ھادىسىلەرنى تەبىئەت ئىلاھلىرىغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا بۇ خىل ھادىسىلەرگە نىسبەتەن سىرلىق چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئانىمىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار كېسەللىك ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى روھلارغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا كېسەللىك ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبى

ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. لىۋى. برىيۈل بۇ خىل سىرلىق چۈشەنچە ھەققىدە توختىلىپ: ”ئەڭ دەسلەپتە كېسەللىك ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ ئۆزىلا سىرلىق ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كېسەللىك مەڭگۈ كۆرگىلى بولمايدىغان، ئۇچراشقىلى بولمايدىغان بىر خىل سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ دەپ قارالغان. شۇنداقلا بۇ سەۋەب ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن شەكىللەر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنغان. بۇ جەھەتتە تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن پىكىرىمىز تامامەن ئوخشاش“⑪ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ خىل سىرلىق چۈشەنچىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان ھالدا كېسەللىك سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، كېسەللىكنى داۋالايدىغان، ئۇرۇق گەۋدىسى ئىچىدە ئۆزلىرى تەپەككۇر قىلغان تەبىئەت ئىلاھلىرى بىلەن ئىنسانلارنى باغلايدىغان، ئىلاھلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئالاھىدە شەخسنىڭ بارلىققا كېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ زۆرۈرىيەتنى ئادا قىلىدىغان ئالاھىدە سىرلىق شەخس ـ شامان بارلىققا كەلگەن.

گەرچە شامان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان شامان ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شامان ھەققىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئورتاق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىكىلەر: ”شامان بولسا كېسەل داۋالايدىغان مۇھىم مۇتەخەسسىس، بېشارەت بېرەلەيدىغان ۋە ئىلاھلار بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ئارىلىق شەخس“⑫ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ن. پانتوسوۋمۇ: ”مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كېسەللىك ئېلىپ كېلىدىغان يامان روھلار (شاياتۇنلار)نى بىمارنىڭ ئۆگە-بوغۇملىرىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، ئاغرىق ئازابى تارتقانلارغا مەدەت

بېرىدىغان روھلار دوختۇرى ــ باخشىدۇر"[13] دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەمما، شامانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بولۇپمۇ شامانىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. سوۋېت بىيلىن: "ئىپتىدائىي دىن بارلىققا كەلگەن ۋە شەكىللەنگەن باسقۇچتا شامان يوق ئىدى ... ئۇرۇق ئاقساقىلى بىر قەدەر كۆپ بولغان دىنىي نەزىر-چىراغ ۋە پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى"[14] دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر، ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىسى بارلىققا كېلىپ شامانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر، شامان ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بۇ ئىككى خىل قاراشنى ئىنكار قىلىپ، ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ شامانلار بارلىققا كەلمىگەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە بارغاندا، شامان ئاندىن ئۇرۇق ئاقساقىلى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دەپ قارايدۇ[15].

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇر شەكلىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەرەپلىمە پىكىر-چۈشەنچىلەر ساقلانغان.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەڭ دەسلەپكى شامان ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان. ئۇرۇق جەمئىيىتى شارائىتىدا ئۇرۇق ئاقساقىلى بولغان ئايال ئەجداد ھەم ئۇرۇق ئاقساقىلى، ھەم شامان بولۇشتەك قوش مەجبۇرىيەتنى ئۆتىگەن. پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا ئاندىن كەسپىي خاراكتېردىكى شامانلار ئۇرۇق ئاقساقىلى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. مەخسۇس شامانلار بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى شامان يوق ئىدى دەپ قاراش شامانلارنىڭ پەيدا بولۇش باسقۇچىدىكى ئالاھىدە ھالەتنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

پېرىخونلۇق ــ شامانىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى ئاساسىي

پائالىيەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. پىرىخونلۇقنىڭ خاراكتېرى داۋالاش بولۇپ، شاماننىڭ بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ئاساس.

ئىلىم ساھەسىدە پىرىخونلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭچە، شاماننىڭ پىرىخونلۇق پائالىيىتى شامان ۋە شامان دىنىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان. شامان دىنى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى پىرىخونلۇق ۋە پىرىخون مەۋجۇت بولۇپ، شامان دىنى پىرىخونلۇق ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان"[16]. دىلمۇرات ئەپەندى ئۆز قارىشىدا "شامان" بىلەن "پىرىخون" نى (يەنى "萨满" بىلەن "巫师" نى) ئىككى خىل مەنىدە ئىشلەتكەن. بەزىلەر، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادى پىرىخونلۇق بولۇپ، كېيىن دىنىي ئېتىقادقا ئۆتكەن دەپ قارىغان؛ يەنە بەزىلەر، ئەڭ دەسلەپكى دىن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بولۇپ ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان، ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئاندىن پىرىخونلۇق باسقۇچىغا قەدەم قويغان دەپ قارىغان؛ سۆڭ بېيلىن بولسا، پىرىخونلۇق بىلەن دىن بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان، دەپ قارىغان[17]. ئەمما يوقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپتىدائىي تەپەككۇردىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت چۈشەنچىسىگە سەل قارالغان.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، پىرىخونلۇق شامان دىنىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى شامان پەيدا بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان[1]. ئانىمىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن پىرىخونلۇق مەزمۇن جەھەتتە تېخىمۇ سىرلىق چۈشەنچىلەرگە، شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەل،

[1] بۇ خىل قاراش ئاپتورنىڭ شەخسىي قارىشىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ـ تەھرىردىن.

مۇرەككەپ پائالىيەت تەرتىپلىرىگە ئىگە بولغان. شامان ئاشۇ سىرلىق پائالىيەتلەر ئىچىدىكى مەركىزىي شەخس سۈپىتىدە پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلغان. يەنى لىۋى، برىيۇلنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا: "ھەقىقەتەنمۇ كېسەللىك ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىلەر سىرلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ داۋالاش ۋە كېسەللىك ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان"⑱. بۇ زۆرۈرىيەت شامانىنى ئەمەس، شامان ئېلىپ بارىدىغان خىلمۇ خىل پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. دەسلەپكى باسقۇچتىكى پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرى پەقەت دوراش، تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان نىسبەتەن تەرتىپسىز پائالىيەت بولۇپ، ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ بارغان.

ئىلىم ساھەسىدە پىرىخونلۇق پائالىيىتى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇد. مەسىلەن، فرازېرنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا: "پېرىخونلۇق ــ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن تەبىئەتنىڭ بىر خىل قانۇنىيەت گەۋدىسى. خاتا ھالدىكى ھەرىكەتكە يېتەكلەيدىغان بىر خىل قائىدە ـ تەرتىپ. ئۇ بىر خىل غەيرىي ئىلىم، شۇنداقلا بىر خىل ئۈنۈمسىز سەنئەت"⑲. تايلور: "ياۋايى ئادەملەر ئالاھىدە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سىمۋوللۇق تەقلىد قىلىنغان پائالىيەتتىن پايدىلانغان. سىمۋوللۇق تەقلىد قىلىنغان بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن ئارزۇ قىلىنغان نىشان ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت بار. شۇڭا، پىرىخونلۇق ــ پىرىخونلۇقنىڭ سىمۋول قائىدىلىرىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان بىر خىل ھادىسە. شۇنداقلا ئەقلىي قىياس تەرتىپىگە ئاساسلانغان لوگىكىلىق ئىدىيىۋى گەۋدە"⑳ دەپ قارىغان. تايلور بۇ قاراش ئارقىلىق ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسى بىلەن سىمۋوللۇق ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى پىرىخونلۇق

پائالىيتىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەنگىلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس مالنوۋىسكى: "روھ دائىرىسى ئىچىدە پىرىخونلۇق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھۈنەر، پىرىخونلۇق ئىچىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەر پەقەت نىشانغا يېتىشتىكى ۋاستە" (21) دەپ قارىغان. مالنوۋىسكى پىرىخونلۇقنى تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پىرىخونلۇق ھەم سەنئەت ھەم ھەرىكەت خاراكتېرىگە ئىگە پائالىيەت گەۋدىسىدىن ئىبارەت.

ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: "پىرىخونلۇق، دىۋە-پەرىلەرگە ئىشىنىش بولسا كىشىلەرنىڭ شامان ئارقىلىق دىۋە-پەرىلەر بىلەن ھەقىقەتەن ئۇچرىشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئېتىقاد ھەرىكىتى" (22) دەپ قارىغان. دەرۋەقە، ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىك ھادىسىسى، ئارزۇ-تىلەكلەر، روھلارغا ئىشىنىش، شامان، بىمار ۋە تەقلىدىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدىكى بىرلىشىشى پىرىخونلۇقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇ گەۋدە ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىپادىلىنىدۇ. پىرىخونلۇق ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان ۋاستە، يەنى: "خۇراپاتلىق ۋە پىرىخونلۇق تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچكە چوقۇنۇش بولۇپ، نىشان ئەمەس، بەلكى ۋاستە" (23).

دېمەك، پىرىخونلۇق — ھەر خىل سىرلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق "ئىلاھىي" ۋاستىلەرنىڭ ۋە "ئىلاھىي كۈچ"لەرنىڭ ياردىمىدە كىشىلەرنىڭ پسىخىك ھالىتىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە تەن ساغلاملىقىنى، بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ۋاستىلىق ئېتىقاد پائالىيىتى. يىغىپ ئېيتقاندا، پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى.

پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، پېرىخونلۇق پائالىيىتى كوللېكتىپچانلىققا ئىگە. يەنى ھەر قانداق پېرىخونلۇق پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى، سالاھىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەر قانداق تۈردىكى پېرىخونلۇق پائالىيىتى شامانىنىڭ باشچىلىقىدا ئاشكارا ھالدا كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، پېرىخونلۇق پائالىيىتى بىر خىل شەكىل قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولماستىن، بەلكى مەقسەت، نىشانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ھەر خىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پېرىخونلۇق تۈرلىرىنىڭ پائالىيەت تەرتىپلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچى، پېرىخونلۇق پائالىيىتى ۋاسىتىلىق ھالدىكى ئېتىقاد خاراكتېرىگە ئىگە. يەنى مەيلى قايسى تۈردىكى پېرىخونلۇق بولسۇن، ئۇنىڭدا شامان دىنىدىكى ئىلاھىيەت چۈشەنچىسى، روھ چۈشەنچىسى پېرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىلاھلارغا ۋە ياخشى روھلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى، ئېتىقاد ھېسسىياتى باشتىن-ئاخىر تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق ئىپادىلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە پېرىخونلۇق پائالىيىتىگە قاتناشقان بارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن دىنىي ئېتىقاد، ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

تۆتىنچى، ھەر قانداق پېرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا مۇئەييەن بىر نىشان بولىدۇ. پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەر يەنىلا ئاخىرقى نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يەنى پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ كېسەلدىن ساقىيىش ياكى ئاپەتتىن ساقلىنىش؛ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ياكى بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىش...قاتارلىق نىشانلارغا يېتىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بەشىنچى، پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بىر قاتار سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەر ۋە ھەرىكەت تەرتىپلىرى بولىدۇ. شامان بىرەر پېرىخونلۇق

پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا، پىرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەت قەدىمىنى باشلاش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا باشتىن-ئاخىر ئۆزى قوماندانلىق قىلىدۇ. پىرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەت تەرتىپى ھەرگىزمۇ ئالمىشىپ كەتمەيدۇ، ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەردە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالتىنچى، ھەرقانداق پىرىخونلۇق پائالىيىتىدە، شۇ پائالىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان "ئىلاھىي قوراللار" بولىدۇ. شامان پائالىيەت جەريانىدا نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئاشۇ "ئىلاھىي قوراللار"نىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ "سىرلىق كۈچ-قۇدرىتى"نى كۆپچىلىك ئالدىدا نامايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر پىرىخونلۇق پائالىيىتىنى بارغانسېرى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھىي تۈسكە ئىگە قىلغان.

## §8 شامان دىنىدىكى توتېم ۋە توتېم ئېتىقادى

توتېم ئېتىقادى شامان دىنىنىڭ مۇھىم ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ساددا تەپەككۇرىنىڭ ۋە ساددا، گۇمانىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا، جۈملىدىن ئىنسانلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدا مۇھىم رول ئوينىغان. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەرتىپسىز ۋە كەڭ دائىرىلىك، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىنكاسى بولغان بولسا، توتېم ئېتىقادى بىر قەدەر تۈزۈملەشكەن، مەركەزلەشكەن ئېتىقاد مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىنكاسى. توتېمىزم — توتېم ئېتىقادى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ توتېم ئاساسىدىكى

مەدەنىيەت، ئېتىقاد ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئېتىقاد فورمىسى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنبەسىنى ئىزدەشتىكى ئەڭ دەسلەپكى تەپەككۇر شەكلى. توتېم ئېتىقادى بىلەن ھايۋان، دەرەخكە چوقۇنۇش ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق بولۇپ، توتېم ئېتىقادى بىلەن ھايۋان، دەرەخكە چوقۇنۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق قاراشلار بار: "ۋاھالەنكى، توتېم ئېتىقادى بولسا مەلۇم بىر ھايۋان، دەرەخ ياكى باشقا تەبىئىي نەرسىلەرنى بىر ئۇرۇقنىڭ ئورتاق ئەجدادى دەپ ئىشىنىدىغان كاتېگورىيە؛ ئېتىقاد قىلىنغان توتېم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ يەنىلا قانداشلىق ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى. توتېم ئېتىقادى ئادەتتە ھايۋان، دەرەخ ئېتىقادىغا ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى ھايۋان، دەرەخ ئېتىقادى ھايۋان، دەرەخنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۇرۇق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ كەتمەيدۇ، ھەممىسى بىرلىكتە ئېتىقاد قىلىۋېرىدۇ. ئەمما توتېم ئېتىقادى بولسا مەلۇم بىر ئۇرۇق كوللېكتىپى بىلەن توتېم قىلىنغان ھايۋان، دەرەخ گەۋدىسىنى، قانداشلىق ئاساسىدىكى گۇرۇھچانلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ"㉔. بۇ قاراش توتېم ئېتىقادى بىلەن ھايۋان، دەرەخ ئېتىقادىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئىپادىلەيدۇ. "توتېمغا ئىشىنىش ۋە توتېم ئېتىقادى بولسا ھايۋانغا چوقۇنۇش ۋە ياۋايى ھايۋانغا چوقۇنۇشتىن پەيدا بولغان"㉕ دېگەن قاراش بىلەن "توتېم ئېتىقادى...تەبىئەتكە چوقۇنۇش. ھايۋان، دەرەخكە چوقۇنۇش، روھلارغا چوقۇنۇش، ئەجدادقا چوقۇنۇش بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن"㉖ دېگەن قاراش توتېم ئېتىقادى بىلەن ھايۋان، دەرەخ ئېتىقادىنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما توتېم ئوبيېكتى يالغۇز ھايۋان، دەرەخ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھايۋان، دەرەخلەردىن باشقا ئۇچار قۇشلار، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، توتېم قىلىنغان ئوبيېكتلار تەبىئەت ئىلاھلىرى

دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، توتېم ئېتىقادىنىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسىلەر توتېم ئېتىقادى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا "ئىلاھ" دەپ قارالغان نەرسىلەردۇر.

1. توتېم ۋە توتېم ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشى

"توتېم" ("Totem") سۆزى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئوجىبۋا قەبىلىسى تىلىدا "ئۇرۇق"، "ئۇنىڭ ئۇرۇقى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

توتېم چۈشەنچىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەجدادىنى ھايۋان، دەرەخ، قۇشلار ۋە باشقا ھەر خىل جانسىز ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدىن شەكىللەنگەن. 1885 - يىلى ئەنگلىيىلىك روبرتسون. شىمس ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ دىن ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق توتېم ئېتىقادىنى بارلىق دىنلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ چۈشەندۈرىدىغان توتېم نەزەرىيىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇندىن كېيىن ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگ فروئىد پسىخىكا ئانالىزى ئاساسىدا توتېم نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توتېم ئېتىقادى بارلىق دىنلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ باشلىنىشى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. فرانسىيىلىك ئېمىل دوركخېيم توتېم ئېتىقادىنى پىرىخونلۇق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىشىشىنى ئىنسانىيەت دىن ئېتىقادىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىغان(27). چۈنكى، توتېم ئېتىقادى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدىغان ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت شەكلى. توتېم ئېتىقادى يەنە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىپتىدائىي قۇرۇلما ئاساسى ۋە مەنىۋى تۈۋرىكى بولۇپ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ توتېم ئېتىقادى چۈشەنچىسىگە ئائىت بايانلار، ئەپسانە - رىۋايەتلەردە بىر قەدەر مەركەزلىك ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. قىسقىسى، توتېم ئېتىقادى شامان دىنىنىڭ

ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى.

رۇسىيىلىك ئى. ئا. كرىۋېلېۋ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىپتىدائىي دىن تەرەققىي قىلىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە، كىشىلەر بارلىق مەۋجۇداتلار گەۋدىسىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا، يەنى بۆرىنىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىگىلا ئەمەس، بەلكى تاشنىڭ ئەجدىھاغا، ئاينىڭ ساھىپجامالغا ئايلىنالايدىغانلىقىغا، قارا بوراننىڭ ئۆزگىرىپ يولۋاس بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بۇ خىل شەكىل ئۆزگىرىش سەنئىتىدىكى خىيالىي تۇيغۇدا ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ بىردەكلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئەسلىدىن بار بولۇپ، ئادەمنىڭ مەنبەسى ھايۋان دەيدىغان يېڭى شەكىلگە ئىگە بولغان. بۇ دەل بىلىش نەزەرىيىسىدە توتېم ئېتىقادىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئەلۋەتتە، مەلۇم بىر خىل ھايۋاننىڭ ئادەمگە ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى بۇ خىل مۇمكىنچىلىك ئاللىبۇرۇن كىشىلەرنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ھازىرلىنىپ بولغان. شۇنداقكەن، ئادەم ھايۋاندىن پەيدا بولغان دېگەن پەرەزمۇ بار بولغان بولىدۇ. بۇ خىل پەرەز توتېم ئېتىقادى چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۇرگەن“ [28]. مۇمكىنچىلىك نوقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەپەككۇر باسقۇچىدا ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ ياكى ئادەم بىلەن باشقا نەرسىلەرنىڭ بىردەكلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئاۋۋال شەكىللىنىپ، ئاندىن توتېم ئېتىقادىنىڭ مەنۋى ئاساسى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇنداق ”بىردەكلىك“ قارىشى شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا مەلۇم بىر ھايۋان ياكى دەرەخ ۋە ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ئەجدادى دەپ قاراش مۇمكىنچىلىكتىن يىراق بولىدۇ. فروئىد توتېم ئېتىقادىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىك تەرەققىياتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”توتېم ئېتىقادىنىڭ يەنە بىر قەدەملىك تەرەققىياتى ئادەملەشكەن ئېتىقاد ئوبيېكتىنى قوبۇل قىلىش بولغان.

ئادەملەشكەن تەڭرى ھايۋان توتېمنىڭ ئورنىنى ئالغان. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھايۋان توتېمنىڭ يوقاپ كەتكىنى يوق. ئادەملەشكەن ئىلاھ بەزىدە مەلۇم ھايۋانغا ۋەكىللىك قىلغان. يەنە بەزىدە مەلۇم بىر ھايۋاننىڭ سىياقىدا ئۆزىنى پەدەزلىگەن. ھايۋان توتېم يەنىلا مەلۇم بىر تەڭرىنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ھەمراھىغا ئايلانغان ياكى ئەپسانىلەردە تەڭرى ئاشۇ خىل ھايۋاننى باش ئەگدۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن“ (29). بۇ قاراش توتېم ئېتىقادىنىڭ يۇقىرى باسقۇچتىكى ئۆزگىرىش ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەتقىقاتچى، ئالىملارنىڭ توتېم ۋە توتېم ئېتىقادى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا بەزى پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما توتېم ئېتىقادىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدىكى ئەجداد چۈشەنچىسى ۋە قانداشلىق چۈشەنچىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھايۋان، دەرەخ، ئۇچار قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسەن ئوخشاش.

دېمەك، توتېم — مەلۇم بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلىپ ئېتىقاد نىشانى قىلىنغان، ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرى بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ قارالغان ھايۋان، دەرەخ، قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. توتېم ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ بەلگىسى ۋە نامى بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلە كوللېكتىپىنىڭ ئورتاق پسىخىك خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسىدۇر.

توتېم چۈشەنچىسى ۋە توتېم ئېتىقادى مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە توتېم تۈزۈمىمۇ تەڭلا مەيدانغا كېلىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان تۈزۈملەشكەن ئېتىقاد ئەنئەنىسى شەكىللەنگەن. ئالىملار بۇ خىل تۈزۈملەشكەن ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت فورمىسىنى ”توتېمىزم“ دەپ ئاتىغان. بۇنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد،

جەمئىيەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت تۈزۈلمىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. توتېمىزم يەنە ئىپتىدائىي مىللەت پسىخىكىسى ۋە ئىپتىدائىي مىللىي روھنىڭ يېتىلىشىدىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىغان، شۇنداقلا كېيىنكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مىللەت چۈشەنچىسىنىڭ ئىستىخىيىلىك بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، توتېم تۈزۈمىنى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي قانۇن چۈشەنچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەردە توتېمىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىپتىدائىي ھالدىكى جەمئىيەت تۈزۈم-تەرتىپ چۈشەنچىلىرى ۋە جازالاش ۋە جازالىنىش چۈشەنچىلىرى بىخلىنىشقا باشلىغان. روبېرتسون مۇنداق دەيدۇ: "ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ياكى قانداش گۇرۇھلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇقتا ئەنئەنىۋى پىرىخونلۇقتىن كۆپەيگەن ئالاھىدە تۈر — توتېم بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆز ئۇرۇقىنىڭ توتېمىنى يېمەيتتى. ھەتتا ئۇلار ئۇنى قەبىلە ئىچىدىكى باشقا ئۇرۇقلارغا قالدۇراتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر ئۇرۇقنىڭ توتېمى شۇ ئۇرۇقنىڭ ئەجدادى ئىدى. ئەگەر بۇ خىل تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنسا، ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى..." (30).

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورتاق توتېمى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا توتېملىرى بولغان. ئۇلار ئۆز ناملىرىنى ئۆزىنىڭ توتېمى بىلەن ئاتىغان. بۇ بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ باشقا ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىدىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، بىر قەبىلە بىر قانچە يېقىن ئۇرۇقلاردىن تەركىب تاپقان. شۇنداقلا بىر قەبىلىدە بىر قانچە توتېم بولغان. شۇنىڭدەك بىر ئۇرۇق ئىچىدىمۇ يەككە شەخس توتېملىرى بولغان. ئۇرۇق ئىچىدە ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش يۈز بەرسە تەبىئىي ھالدا

توتېممۇ بۆلۈنۈپ كەتكەن ياكى ئۇرۇق تەشكىلى ئىچىدە بۆلۈنمە ھالەتتىكى تەڭ ھوقۇقلۇق ئۇرۇق بولۇپ تۇرغان. مورگان ئىروكىزلارنىڭ ئۇرۇق توتېمىنىڭ بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى خاتىرىلەپ مۇنداق دېگەن: ”شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۆرە ئۇرۇقى ھازىر كۆك بۆرە ۋە سېرىق بۆرە ئۇرۇقلىرىغا؛ تاشپاقا ئۇرۇقى چوڭ تاشپاقا ۋە كىچىك تاشپاقا ئۇرۇقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن“[31]. ئۇرۇق توتېمىدىكى بۇنداق بۆلۈنۈش ھادىسىسى قەدىمي خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن ئۇرۇق تەشكىلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ھازىرقى تەتقىقاتلاردا توتېم ئېتىقادى ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان، بۇ دەۋردە ئۇرۇق نەسەبىمۇ ئانىلىق نەسەب ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، ئەڭ دەسلەپكى توتېممۇ ئانا جىنسلىق بولۇپ، ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرى توتېم ئېتىقادى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولغان، دەپ قارالماقتا.

2. توتېم ئېتىقادىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، توتېم ئېتىقادى — ھايۋان، دەرەخ، قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى ۋە ئۆزئارا مەنبەلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئالاھىدە بىر خىل ئېتىقاد شەكلى. يەنى ئۇ ھايۋان، دەرەخ، قۇش ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئىككىنچى، توتېم ئېتىقادى — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قانداشلىق چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ”ئەجداد“ ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت. توتېم ئېتىقادى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تۇغقاندارچىلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن قانداشلار ئارا نىكاھلىنىش چەكلەنگەن. بىر ئەجدادتىن كۆپەيگەن كىشىلەر بىر ئۇرۇق تەشكىلى بولۇپ ئۇيۇشقان.

ئۈچىنچى، توتېم بەلگىسى شۇ ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ ”شاھ

تاجىسى» بولغان. ئۇرۇق ئاقساقىلىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش مەزگىلىدە توتېمنىڭ سىمۋولى بولغان باش كىيىمنى يېڭى سايلانغان ئۇرۇق ئاقساقىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ئەسلىدىكى ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

تۆتىنچى، توتېم ئېتىقادى ئۇرۇق، قەبىلە ئىچىدە توتېم تۈزۈمىگە ئىگە بولغان. يەنى، توتېم ئېتىقادى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئىچىدە توتېمنى قوغداش، توتېم (توتېم هايۋان)نىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، توتېمغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىق، خىلاپلىق قىلىنسا جازالاش تۈزۈملىرى شەكىللەنگەن. شۇنىڭدەك ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرى ئارىسىدا شامان باشچىلىقىدىكى توتېمغا چوقۇنۇش مەزمۇن قىلىنغان، توتېم هايۋانلارنىڭ ۋە باشقا توتېم ئوبيېكتلىرىنىڭ هەرىكەت ـ هالىتىگە تەقلىد قىلىنغان تېۋىنىش پائالىيەتلىرى، مۇراسىملىرى ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى بارلىققا كەلگەن.

بەشىنچى، توتېم شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە نامى بولغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى توتېمنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. هەتتا ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئۆز توتېملىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.

ئالتىنچى، توتېم شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ بەلگىسى بولغان. ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق ياكى قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يىغىلىشلاردا هەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ توتېمىنىڭ تېرىلىرىنى ياكى باش سۆڭىكىنى ۋە ياكى توتېمنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنى ئۇلۇغ سانالغان دەرەخلەرگە ياكى ئاقساقاللار ئولتۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغان. بۇ شۇ ئۇرۇقنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ گۇرۇھ بەلگىسى بولغان. هەتتا بۇنداق ئۇرۇق بەلگىسىنى ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئېلىپ قويىدىغان ياكى ئورنىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.

### 3. توتېم ئېتىقادىنىڭ ئىجتىمائىي رولى

بىرىنچى، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپىنىڭ ئورتاق تىل ۋە ئورتاق ياشاش تېررىتورىيىسىگە ئىگە بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، يەنى بىر ئۇرۇق ئىچىدىكى بارلىق ئەزالار ئېڭىدا تەقدىرداشلىق چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر توتېمغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپى قانداشلىق چۈشەنچىسىگە ئىگە مۇشۇ ئىجتىمائىي گەۋدىنى چۆرىدىگەن هالدا ئورتاق تىل ئومۇمىيلىقى ۋە تېررىتورىيە ئومۇمىيلىقىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئىگە بولغان. يەنى توتېم ئېتىقادى شەكىللەنگەندىن كېيىن، شۇ توتېمغا چوقۇنىدىغان كىشىلەر ئورتاق يەرلىك تىل ۋە ئۆزلىرى توپلىشىپ ياشايدىغان زېمىن دائىرىسىگە ئىگە بولغان. بۇ جەھەتتە توتېم ئېتىقادى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرغان. يۇقىرىقىدەك ئومۇمىيلىق توتېم ئېتىقادىنىڭ بىۋاسىتە مۆجىزىلىك سەۋەبى بولمىسىمۇ، ئەمما توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى تەۋەلىك چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

ئىككىنچى، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئايرىم-ئايرىم هالدىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان. يەنى توتېم ئېتىقادى توتېمداشلارنى بىر خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىغا يىغىپ، كىشىلەرنىڭ ئىستىخىيىلىك كوللېكتىپ ياشاش هالىتىنى تۈزۈملەشكەن ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئۈچىنچى، توتېم ئېتىقادى ئۇرۇق، قەبىلە ئورتاق پسىخىكا ئاساسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇهىم رول ئوينىغان. ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ توتېم هايۋاننى دوراش، تەقلىدىي ئۆگىنىش هەم توتېم هايۋانلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش داۋامىدا، توتېم هايۋاننىڭ

خاراكتېرىنى ئالغان ھايۋانىي خۇلق-مىجەز بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئىچىدە بارغانچە ئورتاقلىشىشقا يۈزلەنگەن. ئەجداد چۈشەنچىسى نەتىجىسىدە ئەجدادنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنىڭ سىڭىشىشىنى ۋە ئۆزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. توتېم ھايۋاننىڭ ھايۋانىي تەبىئىتى شۇ توتېمغا چوقۇنغانلارنىڭ پسىخىك ھالىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق دائىرىسىدە ئورتاق پسىخىك ھالەت، ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىجەز-خۇلق پەيدا بولغان. بۇ، بىر خىل ئېتىقاد ۋە بىر خىل مۇھىت ئىچىدە كېيىنكى ئىپتىدائىي مىللەت گەۋدىسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بىرلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تۆتىنچى، توتېم ئېتىقادى توتېم چۈشەنچىسىنى مەنبە قىلغان ھالدىكى كوللېكتىپ تېۋىنىش پائالىيەتلىرى ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى ئۇرۇق گەۋدىسى ئىچىدە قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادقا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ۋە ئېتىقاد ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل تېۋىنىش پائالىيەتلىرىنى ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ خىل پائالىيەتلەر تەدرىجىي ھالدا ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان كوللېكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئايلانغان.

بەشىنچى، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئەخلاق ۋە قانۇن چۈشەنچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا قانداشلارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىنىڭ چەكلىنىشى، توتېمغا دەخلى-تەرۇز قىلىش، ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، تىللاش، ئۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ چەكلىنىشى ۋە پەرھىز دەپ قارىلىشى، ئۇرۇق ئىچىدە بۇ پەرھىزلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق جازالىنىشى توتېم ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن.

يغەيپ ئېيتقاندا، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن ئىلىم ساھەسىدىكىلەر توتېم چۈشەنچىسىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنى "توتېمىزم" دەپ ئاتىغان.

## §9 شامان دىنىدىكى ئانىمىزم ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشى

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا بارلىققا كەلگەن روھ چۈشەنچىسى ۋە روھ چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن روھ ئېتىقادى بىر خىل ئىپتىدائىي ھالدىكى مەنىۋى پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بارلىق ئېتىقاد شەكىللىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە سىرلىقلاشتۇرۇپ شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئىپتدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. يەنى ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇدرىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئالىملار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى ئانىمىزم چۈشەنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى نېگىزلىك ئامىللارنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابتا: "تەخمىنەن 200-300 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆزە ماگىدىغان ئادەملەر ئاقىل ئادەم باسقۇچىغا قەدەم قويغان. ئاقىل ئادەملەر ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە كەڭ تارقالغان. ئاقىل ئادەملەرنىڭ مېڭە سىغىمى ئاللا بۇرۇن ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مېڭە سىغىمىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش دائىرىسىگە يېتىپ بارغان...ئاقىل ئادەم باسقۇچى كونا تاش

قـورال دەۋرىنىـڭ ئوتتـۇرا ۋە ئـاخىرقى دەۋرلىرىگـە مەنسـۇپ بولـۇپ، بـۇ دەۋردىكى ئىنسانلار مەخسۇسلاشقان، تۇراقلىق شەكىللەرگە ئىگە بولغان ئەسـۋاب، قـورال - يـاراغلارنى ياسـىيالايدىغان بولغـان. مۇرەككـەپ قۇرۇلمىلىق قوراللار خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن، كونا تاش قورال دەۋرىنىـڭ ئـاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوقيـا كەشـىپ قىلىنغـان. بـۇ ئەھۋالـدىن قارىغانـدا ئاقىل ئادەملـەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىـدارى ئابستراكت تەپەككۇر يۇرگۈزەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن، ئۇلار تۇراقلىق تەسەۋۋۇر ۋە ئۇلانما تەسـەۋۋۇر قىلىش ئىقتىـدارىغا ئىگە بولغان. ئۇلارنىڭ خىيـالىي دۇنياسـىدا شەكىللەنگـەن مەلـۇم روھ تۇرىـدىكى دىنىـي چۈشـەنچىلەر يـۈز بېـرىش ئېھتىمـالى بولغـان ئىشـلار بولـۇپ قالغـان. ئەمەلىيەتتىمـۇ، بۇنـداق دېـيىش نوقـۇل ھالـدىكى پـەرەز ئاساسـىدىلا ئېيتىلغـان سـۆز بولماسـتىن، بـەلكى ئـۇنى ئارخېئولوگـىيىلىك پـاكىتلار ئاساسـىدا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ"(32) دېيىلگەن.

1871 - يىلى ئەنگلىيىلىك تايلور "ئانىمىزم" نەزەرىيىسى ئارقىلىق روھ ئېتىقادىنىـڭ بارلىققا كېلىشـى ھەققىـدىكى ئىلمىـي قارىشـىنى ئوتتـۇرىغا قويـدى. ئـۇ ئـۆزى توپلىغان پاكىت ماتېرىيـاللىرى ئاساسـىدا «ئىپتىدائىي مەدەنىيـەت» دېگـەن كىتـابىنى يېزىـپ "ئـانىمىزم" نەزەرىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەرھلىگەن. فىرازېر «ئالتۇن شاخ» دېگەن كىتابىدا تايلورنىڭ ئوتتـۇرىغا قويغـان ئـانىمىزم نەزەرىيىسـىنى كـەڭ مەنىـدە يېشـىپ چۈشەندۈرگـەن. فرانسـىيىلىك لـېۋى. بريـۇل فىرازېرنىـڭ ئـانىمىزم نەزەرىيىسى ھەققىـدىكى كـەڭ مـەنىلىك يەشمە چۈشەندۈرشىنى ئىككى نـۇقتىغا يىغىنچـاقلاپ مۇنـداق دەيـدۇ: "ئـانىمىزم نەزەرىيىسـىدىكى تەسـەۋۋۇرنىڭ ئۆزئـارا باغلىنىشـلىق ئىككـى باسـقۇچنى ئـۆز ئىچىگـە ئالـدىغانلىقىنى بىلىـش قىـيىن ئەمـەس. بىرىنچـى، ئىپـتىدائىي ئىنسـانلار ئۆلـۈپ كەتكەنلـەرنى چۈشـىدە كۆرگـەن، ئۇلار بىلـەن چۈشـىدە پاراڭلاشقان، ئۇلار بىلـەن قىرغىنچلىق قىلىشقان، ئۇلارنىڭ ئـاۋازىنى ئاڭلىغـان ... ئۇلار چۈشـىدە كۆرگـەن بـۇخىل ھادىسىلەردىن ناھايىتى

ھەيران بولغان ھەم روھىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار چۈشىدە ئايان بولغان ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن يىراقلارغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ئوخشاش دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭمۇ ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر تەرەپتىن ھاياتلىقتا ۋە ئاڭغا ئىگە ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنى ئۆز تېنىدىن ئايرىلالايدىغان ‹خىيالىي› شەكىل ئارقىلىق نامايان بولىدىغان يەككە روھنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت دەپ قارىغان. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىكى ئېتىقادى ئىدى. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېتىقاد ئاساسى بولغان، قۇتۇلۇشقا بولمايدىغان پسىخىك تۇيغۇنىڭ كونتروللىقىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان: ئىككىنچى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەجەبلەندۈرگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان يەنى، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىگەن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چۈشلىرى ۋە خىيالىي تۇيغۇلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ، ھەمراھلىرىنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تېنىدىن كۆرىۋالغاندەك، بارلىق جانلىقلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ‹روھ›، ‹ئەرۋاھ›، ‹مەقسەت›لەرنى كۆرىۋالغان، بۇ بىر ساددا لوگىكىلىق ھېسابلاش بولۇپ، خالىغانچە ئېلىپ بېرىلمايتتى. بۇ خىل ھېسابلاش ئۆزىنىڭ باشلىنىشى ھەمدە ئۇلى بولغان پسىخىك خىيالىي تۇيغۇلاردىن ساقلىنالمىغىنىدەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ بۇ خىل لوگىكىلىق ھېسابلاشتىن ساقلىنالمايتى»(33) . لىۋى. برىيۇلنىڭ يەكۈنىدىن قارىغاندا، تايلور مۇشۇنداق پسىخىك جەريانلارنى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىسىنى ۋە روھ ئېتىقادىنى پەيدا قىلغان ئاساسىي سەۋەب دەپ قارىغان. فرازېر بولسا تايلورنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى قوۋۋەتلەش

بىلەن بىرگە، يەنە بەزى ھادىسىلەرنى ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ ئۆتكەن. يەنى ئۇ، تەرەققىي قىلمىغان مىللەتلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا جەسەتلەرنىڭ يېنىغا تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمان، مال-دۇنيانى قوشۇپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىگە قارىتا تولۇقلىما بېرىپ: "بۇ خىل ھادىسىلەردىن تەرەققىي قىلمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تۇرمۇش لازىمەتلىكىنى باقىي ئالەمدە ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئىشلىتىدۇ، بىللە كۆمۈلگەن پۇللارغا نەرسە-كېرەك سېتىۋالىدۇ دەيدىغان قاراشنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا نەرسىلەردىمۇ روھ بولىدۇ دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ" (34) دەيدۇ. ئانىمىزم نەزەرىيىسى ("ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ" نەزەرىيىسى) ھەققىدە لىۋى. برىيول يەنە يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېگەن: "ئەمەلىيەتتە، تايلورنىڭ بۇ قىممەتلىك نەزەرىيىسى، يەنى ئانىمىزم نەزەرىيىسى بىز تەكشۈرگەن ئاشۇ مەنبەلەرگە بارغانچە يېقىنلاشقان، ئۇنىڭ شەكلى بارغانچە ئىپتىدائىي، بارغانچە ئۇزۇل-كېسىل بولغان. لوگىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بارغانچە كىشىنى رازى قىلىدىغان بىر خىل ئىلىم بولۇپ قالدى" (35).

ئامېرىكىلىق دىنشۇناس ف. ج. سىچىرىڭ: "ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدا 'ئىلاھ' ياكى 'دىن' دېگەن ئۇقۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار كۆرگىلى بولمايدىغان، مەۋجۇت بولغان بىر خىل كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇنداق كۈچ دائىم پەيدا بولۇپ، ئىپتىدائىي توپتىكى ھەممە كىشىگە ھەرخىل قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ خىل ئىلاھىي كۈچكە باش ئەگكەن" (36) دەپ قارىغان.

سۆڭ بىيلىن ھازىرقى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق روھ چۈشەنچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: "ناھايىتى بۇرۇنقى

ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە، ئىنسانلار ’ھەممە نەرسىدە روھ مەۋجۇت‘ دەپ قارايدىغان بىر خىل ئېتىقاد باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ چاغلاردا ئاي، كۈن، يۇلتۇز، شامال، يامغۇر، قار، چاقماق، ھايۋان، دەرەخ، تاغ، دەريا، تاشلاردا ھەتتاكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز تېنىدىمۇ روھ بولىدۇ، ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ دەيدىغان قاراش پەيدا بولغان. ئىنسانلارنىڭ ئۆز تېنى نەزەرىيىسىدە، ئادەم تېنى روھ ۋە ئايرىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۆلۈم بولسا روھنىڭ تەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشى دېگەندىن ئىبارەت دەيدىغان چۈشەنچە مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار روھنىڭ ’مەۋجۇت‘لۇق چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئەجدادلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان. ئەجدادلىرىمۇ ئەۋلادلىرىنى قوغدىغان. يامان ئادەملەر ئۆلسە، سىرتقا تاشلىۋەتكەن. ئۆز قوۋمى ئىچىدە جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆز قوۋمىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان يامان روھ، بۇنداق روھلار قوۋم ئەزالىرىغا قورقۇنچ ئېلىپ كېلىدۇ، خۇددى ئۇۋچى يولۋاس تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ ئۆز كۈچىنى ئاشۇرغىنىغا ئوخشاش باشقا قوۋملەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىشنى ئويلايدۇ دەپ قارىغان…“ (37). بۇ خىل قاراشمۇ مۇئەييەن لوگىكىلىق ئاساسقا ئىگە قاراش بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى روھ چۈشەنچىسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر خىل تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

روھقا چوقۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەشتە ئىنسانلار ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى سىرلىق، ساددا چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياپونىيىلىك چىتىيەن دازو 1978-يىلى چاقىرىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا دىنىي ھېسسىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختالغاندا ”مېنىڭ مۇنداق بىر قارىشىم بار: ئىنسانلاردا مۇكەممەل جەمئىيەت تۈزۈلمىسى تېخى شەكىللىنىپ

بولمىغان باسقۇچتا، ئۆلۈم ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئۈنىڭدىن قورقۇش دىنىي ھېسسىياتنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغانىدى" [38] دېگەن. دېمەك، ئۆلۈم ھادىسىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ئۆلۈمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشكە ئېلىپ بارغان. ئۆلۈمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىسىنى پەيدا قىلغان ۋە ئېتىقاد ھېسسىياتىنى شەكىللەندۈرگەن يەنە بىر سەۋەب. دەپنە قىلىش ۋە دەپنە مۇراسىملىرى روھ چۈشەنچىسى ۋە روھ ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن.

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئانىمىزم ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن سوبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىسى ۋە روھ ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن پىسخىك سەۋەب بولسا، تايلور ئوتتۇرىغا قويغان ئانىمىزم نەزەرىيىسىدىكى چۈش پائالىيىتىدۇر. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۆۋەن دەرىجىلىك تەپەككۇر ھالىتىدە تۇرغاچقا، چۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمىگەن. شۇڭا ئۇلار چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى روھ چۈشەنچىسىگە باغلىغان؛ ئىككىنچى، يەنە بىر مۇھىم ئوبيېكتىپ سەۋەب شۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا يەنى ئانىمىزم چۈشەنچىسى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تاغ تۆپىسىگە قويۇپ قويغان ياكى "ئىلاھىي" دەرەخلەر ئۈستىگە ئېلىپ قويغان ۋە ياكى تاشلىۋەتكەن. جەسەتلەرنىڭ چاچ، تىرناقلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆسۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇنداق ئۆزگىرىش ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەدرىجىي ھالدا "ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىر خىل ھاياتلىق ئادەم تېنىدە داۋاملىشىۋېرىدىكەن" دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. مەسىلەن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا

هازىرمۇ تىرناق ئالغاندا تىرنىقىنى، چاچ ئالغاندا چېچىنى خالىغان جايغا تاشلىۋەتمەي، تىرناقلارنى پاختىغا يۆگەپ ئىشىك بوسۇغىسىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىگە كۆمۈپ قويىدىغان (بۇ ھەقتە ئاخىر زامان بولغاندا، ”دەججال“ كېلەرمىش، بۇ چاغدا ئىشىك بوسۇغىسىغا كۆمۈلگەن تىرناقلار تىكەن بولۇپ ئۆنۈپ چىقىپ، تىرناق ئىگىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالارمىش، دەيدىغان قاراش بار)؛ چاچلارنى بولسا تامنىڭ كاۋاكلىرىغا تىقىپ قويىدىغان ياكى ئېگىزراق جايلارغا قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دېمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلار چۈشلىرىدە كۆرگەن ھەممە نەرسىنى ۋە جەسەتلەرنىڭ مەلۇم قىسمىدا يۈز بەرگەن ھەرىكەتلەرنى ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ”بارلىق مەۋجۇت نەرسىلەردە روھ بولىدۇ“ دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن. بۇنداق چۈشەنچە شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى گەۋدىسىنىڭ مۇكەممەللىشىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىزاھلار:

① فۇ يۈگۇاڭ، مېڭ خۇيىڭ: «مانجۇلارنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991-يىل خەنزۇچە نەشرى، 257-بەت.

② مالىنوۋىسكى: «سېھىرخونلۇق ئىلمى ئاساسىدىكى دىن ۋە ئەپسانە»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1986-يىل خەنزۇچە نەشرى.

③ ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، سەنليەن كىتابخانىسى شاڭخەي شۆبىسى، 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-بەت.

④ B. مورىس: «ئىنسانلار دىنشۇناسلىقى»، بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1992-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 60-بەت.

⑤ لۇ داجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 233 ـ بەت.
⑥ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بەت.
⑦ ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 35 ـ بەت.
⑧ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ بەت.
⑨ ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 36 ـ بەت.
⑩ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 65 ـ بەت.
⑪ لىۋى. برىيۇل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 255 ـ بەت.
⑫ سەي جۇنشىڭ: «ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت فورماتسىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 361 ـ بەت.
⑬ ن. پانتوسوۋ: «رۇسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان قىسمىدىن دوكلات»، 1907 ـ يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى، «IX باب تارانچىلاردىكى باخشى».
⑭ سۇڭ بىيلىن: «پىرىخون ۋە پىرىخونلۇق»، سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 28 ـ بەت.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 30 ـ بەت.
⑯ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى

مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 154 - بەت.

⑰ سۇڭ بېيلىن: «پېرىخون ۋە پېرىخونلۇق»، 219 - بەت.

⑱ لىۋى. برىيۇل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، 256 - بەت.

⑲ فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑳ لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 255 - بەت.

㉑ مالىنوۋىسكى: «پېرىخونلۇق ئىلمىي ئاساسىدىكى دىن ۋە ئەپسانە» 54 - بەت.

㉒ ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، 36 - بەت.

㉓ چېن لىنشۇ: «دىنشۇناسلىق قائىدىلىرى»، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 94 - بەت.

㉔ لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 128 - بەت.

㉕ ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، 25 - بەت.

㉖ چېن لىنشۇ: «دىنشۇناسلىق قائىدىلىرى»، 202 - بەت.

㉗ لۇ داجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 338 - بەت.

㉘ ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، 23 - بەت.

㉙ فروئىد: «مۇسا ۋە بىر خۇدالىق دىن»، 1989 - يىل، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى.

㉚ روبېرتسون: «خرىستىئان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، بېيجىڭ نەشرىياتى، 1958 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉛ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 178 - بەت.

㉜ لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 346 - بەت.

㉝ لىۋى. برىيۇل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، 10 — 11 - بەتلەر.

㉞ فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉟ لىۋى. برىيول: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، 74 - بەت.
㊱ ف. ج. سىچرىك: «ئادەم ۋە ئىلاھ»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
㊲ سۇك بېيلىس: «پېرىخون ۋە پېرىخونلۇق»، 208 - بەت.
㊳ چىتيەن دازو، ۋىلسون: «جەمئىيەت ۋە دىن»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 7 - بەت.

# II باب شامان دىنىنىڭ شەكىللىنىشى

شامان دىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ئىپتىدائىي تونۇشىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش شارائىتىدا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزۇلۇكسىز كۆرەشلىرىنىڭ مەھسۇلى.

## 1§ شامان دىنىنى شەكىللەندۈرگەن ماددىي شەرت ـ شارائىت

شامان دىنىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ ئىپتىدائىي ھالدىكى تەبىئەتتىن يىغىش، توپلاش ۋە ئوۋچىلىق شەكلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ يىغىش، توپلاش پائالىيەتلىرى ۋە ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرى يەنىلا كوللېكتىپ ھالدىكى پائالىيەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، قوپال تاش ۋە ياغاچ قوراللارنىڭ ياردىمى بىلەنلا كوللېكتىپ ھالدىكى ئۇزۇقلۇق يىغىش ئەمگىكىگە قاتناشقان. بۇ جەرياندا، ئۇلار تەبىئەتتىكى خىلمۇ خىل تەبىئىي كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ "ئەتراپى پۈتۈنلەي يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن تولغانىدى"① . ئۇنىدىن باشقا، ئۇلار دائىم دىگۇدەك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بېسىمى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك ئىلاھىي كۈچ ھېسابلانغان. يەنە بىر جەھەتتىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەزى ھادىسىلەر ۋە ئوبيېكتىپ نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن

زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن، قۇياش ئۇلارغا يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگەن؛ ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلارنى ئوزۇقلۇق مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن؛ ئاي نۇرى كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقان؛ سۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ... ھەتتا چوڭ دەرەخلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى، ”ئۇلار ئۆزىنى ئامان-ئېسەن ساقلاش ئۈچۈن دەرەخلەرنىڭ ئۈستىنى ماكان تۇتقان بولۇشى، كەم دېگەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن“②. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىشلار، سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەر، شەيئىلەر بىلەن ھاياتلىقنىڭ مەنبەلىك مۇناسىۋىتى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەسلىدىلا بار بولغان تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ تاشقى ھالىتىنىلا كۆرەلىگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى، تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمىگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىغا بېسىم ئېلىپ كەلگەن تەبىئەت كۈچلىرىدىن قورققان، ئۇلارغا بويسۇنغان؛ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان تەبىئەت كۈچلىرىدىن مەمنۇن بولغان، باش ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا ”تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ“ چۈشەنچىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش داۋامىدا بارا-بارا ئۆزلىرىنىڭ جىسمىدىكى كۈچ-قۇدرىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، قوپال، ئەمما تۇراقلىق شەكىلگە ئىگە تاش، ياغاچ، سۆڭەك قوراللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى، ئوقيانىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي كۈچىنى، قوغدىنىش ئىقتىدارىنى، كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدەممۇ قەدەم چۈشىنىشكە باشلىغان.

ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئىپتىدائىي تەپەككۇر ھالىتىدە تۇرغاچقا، چەكلىك جىسمانىي كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى روھلار دۇنياسىغا باغلاپ چۈشەنگەن، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىلاھلاشتۇرغان. نەتىجىدە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدا مۇرەككەپ ئىلاھىيەت چۈشەنچىسى ۋە بىر قاتار ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى پەيدا بولغان. شامان دىنى مانا مۇشۇ خىل خىيالىي چۈشەنچىلەر ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ”شامان دىنى تەبىئەت بېسىمىنىڭ مەھسۇلى، تەبىئەت بېسىمى شامان دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ چوڭقۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى“③.

## §2 شامان دىنىنى شەكىللەندۈرگەن ئىپتىدائىي بىلىش نەزەرىيىسى

شامان دىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. تەبىئەت بولسا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئوبيېكتى. تەبىئەت دۇنياسى شامان دىنىنىڭ ئىلاھلاشقان ئوبيېكتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بېسىمىغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىنسان كۈچ ـ قۇدرىتىدىن يۇكسەك دەرىجىدە يۇقىرى تۇرىدىغان ئىلاھىي كۈچ دەپ تەپەككۇر قىلغان. ئۇلار ئۇچۇن تەبىئەت قوينىدىكى ھەممە نەرسە ـــ قار ـ يامغۇرنىڭ يېغىشى، گۈلدۈرماما، چاقماق، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ياۋا مېۋىلەرنىڭ پىشىشى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى، بېلىق تۇرىدىكى ھايۋانلارنىڭ سۇدا ئۈزۈشى، يىرتقۇچ ياۋايى

ھايۋانلارنىڭ ئادەملەرنى يەپ كېتىشى، ھەتتا بىر-بىرىنى يەپ كېتىشى...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن "سىرلىق" تۇيۇلغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە شەيئىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشى — كوللېكتىپ ھالدىكى ئىپتىدائىي ئاڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى. "كوللېكتىپ ئاڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ سەزگۈسىنى سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلغان"④.

شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بىلىش شەكىللىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ: بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھاياتلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ئىلاھلاشتۇرغان؛ ئىككىنچى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىنسانلارنىڭ يىلتىزىنى — ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر، ھادىسىلەر ئىچىدىن ئىزدەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنبەسىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋان، دەرەخ، قۇش...تۇرلۇك ھادىسىلەرگە باغلاپ تەپەككۇر قىلغان؛ ئۈچىنچى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىنسانلاردىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىككى خىل ھاياتلىق — چەكلىك ھاياتلىق ۋە چەكسىز ھاياتلىق بولىدۇ، دەپ قارىغان. چەكلىك ھاياتلىق — ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ھاياتلىق؛ چەكسىز ھاياتلىق — كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ھاياتلىق ھېسابلانغان. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سەزگۈسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ماددىي نەرسىلەردىن تاشقىرى، سەزگۈدىكى مەنىۋى ھادىسىلەرنىمۇ ئوبيېكتىپ ماددىي نەرسە دەپ تەپەككۇر قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. نەتىجىدە، ئىپتىدائىي

ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا بىر پۈتۈن روھلار دۇنياسى ئەكس ئەتكەن.
مانا بۇلار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئاللا بۇرۇن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ، ئىپتىدائىي بىلىش ئۇسۇللىرى ئىدى، شۇنداقلا شامان دىنى پەلسەپە چۈشەنچىلىرىنىڭ مەنبۇ ئاساسى ئىدى. شامان دىنى مۇشۇ خىل بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلى بىلەن بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان.

## §3 شامان دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن پسىخىك ئامىللار

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى قورقۇش، خۇشال بولۇش، ھەيران قىلىش، ئىشىنىش، تەسەللى تېپىش، ئۈمىد قىلىش، قايغۇرۇش، ئازابلىنىش قاتارلىق پسىخىك ھالەتلەر شامان دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇھىم پسىخىك ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.
قورقۇش پسىخىكىسى: ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىپتىدائىي ھالدىكى ياشاش شارائىتىدا، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. تەبىئەت كۈچلىرى دائىم ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، غايەت زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىگە بېقىنىشقا مەجبۇر بولغان. يەنى، ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ”تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىي كۈچ“ سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئەڭ دەسلەپكى ئىلاھ چۈشەنچىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەر ۋە ھەرخىل تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ۋەھىمىسى

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تەبىئەت ئىلاھلىرى چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار دائىم دۈچ كېلىۋاتقان ئېغىر ئازاب ئۇلاردا قورقۇنچ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. قورقۇنچ تۇيغۇسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇ خىل قورقۇنچنى ماددىي دۇنيانىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارىماي، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ "پەردە ئارقىسىدىكى سىرلىق كۈچكە ئىگە ئىلاھلار"دىن ئىزدىگەن. نەتىجىدە، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى قورقۇنچتىن ئىبارەت پسىخىك ئاجىزلىق ئۇلارنى "سىرلىق" تەبىئەت دۇنياسىغا چوقۇنۇشقا ئېلىپ بارغان.

خۇشال بولۇش پسىخىكىسى: تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ، ئۇلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ بەختەرلىكىنى دائىم كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇنداق سىرلىق نەرسىلەردىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەن. بۇ تۈردىكى تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ باش پاناھى، قوغدىغۇچىسى دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئامان-ئېسەنلىك، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىق ئىلاھى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ياخشىلىق ئىلاھلىرىغا تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق رەھمىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل شەكىللەر كېيىنكى شامان دىنى مۇراسىملىرىنىڭ ئېتىقاد شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرىغا ئايلانغان. شۇ نەرسىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى قورقۇش ۋە خۇشال بولۇشتىن ئىبارەت نىگىزلىك ئىككى خىل تۇيغۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىلاھلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىلاھلار گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈش چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. چۈنكى،

شامان دىنىدا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تونۇشىغا بويسۇندۇرۇلغانىدى. شۇڭا شامان دىنىدا ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلار، ياخشىلىق ئىلاھلىرى بىلەن يامانلىق ئىلاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىگىزلىك زىددىيەت چۈشەنچىسى ئىزچىل ئىپادىلەنگەن.

ھەيران قېلىش پسىخىكىسى: ئىپتىدائىي ئىنسانلار چەكلىك جىسمانىي كۈچ شارائىتىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى بىلمىگەنلىكتىن، قار-يامغۇرنىڭ يېغىشى، شامال، بوران، قۇيۇن قاتارلىقلارنىڭ چىقىشى، دەرەخلەرنىڭ بىخ سۈرۈپ ئۆسۈشى، قۇشلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشى، ھايۋانات، ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈشى...ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، بەزى جەسەتلەرنىڭ تېزلا تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشى، ئەكسىچە، بەزى جەسەتلەرنىڭ بۇزۇلماي ساقلىنىپ، قول-پۇت تىرناقلىرىنىڭ ۋە چاچ-ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھايات كىشىلەرنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇشى. باشقىلارنىڭ چۈشىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش...قاتارلىق ھادىسىلەرگە ناھايىتى ھەيران قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا بۇ خىل ھادىسىلەرگە نىسبەتەن "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ بار"، "تەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئۆلمەي مەڭگۇ ياشايدىغان يەنە بىر خىل ھاياتلىق بار" دەيدىغان خىيالىي ئىنكاس پەيدا بولغان. بۇ خىل خىيالىي ئىنكاس بارا-بارا شامان دىنىدىكى ئىلاھ، روھ چۈشەنچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇ ئاساستا ئىلاھ ۋە روھلارغا بېغىشلانغان ئېتىقاد شەكىللىرى پەيدا بولغان.

ئىشىنىش پسىخىكىسى: ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغانلىقىغا، خۇشاللىققا چۆمۈش ۋە ئاپەتكە يولۇقۇشنىڭ پۈتۈنلەي ئىلاھلار ۋە

روهلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىڭىدىكى ئىلاھىي ئورنى مۇقىملىشىشقا باشلىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلاردىن، دەرەخلەردىن، قۇشلاردىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن كۆپەيگەنلىكىگىمۇ شەكسىز ئىشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا توتېم چۈشەنچىسى بارلىققا كېلىپ، مۇشۇ خىل چۈشەنچىلەرنى باش تېما قىلغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان. ئىپتىدائىي كىشىلەردىكى ئىشىنىش پسىخىكىسى كىشىلەرنىڭ ئىڭىدا شامان ئىلاھلىرىنىڭ ئىلاھىي ئورنىنىڭ مۇقىملىشىشى ئۈچۈن پسىخىك ئاساس بولغان.

قايغۇرۇش پسىخىكىسى: ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرى دائىم ئېلىپ كېلىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن، كېسەللىك ئاپەتلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن، ئاپەتلەرگە ئۇچرىغاندا قاتتىق قايغۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق ئىلاھلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىنى، قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەپ، ھەرخىل شەكىللەر ۋە ھەرىكەت ھالەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل ئىلاھىي شەكىللەر بىلەن يامانلىق ئىلاھلىرىنىڭ بالايىئاپەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، شامان دىنىدىكى كېسەل داۋالاشنى مەقسەت قىلىدىغان پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى، قورغاقچىلىق ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، كېسەللىك ئاپىتى...قاتارلىق بالايىئاپەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قايغۇسىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىش، يامانلىق ئىلاھلىرى ۋە يامان روھلارنىڭ تەبىئىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ئازابلىنىش پسىخىكىسىمۇ قايغۇرۇش

• پسخىكىسىغا ئوخشاشلا شامان دىنىنىڭ دىنىي مەزمۇنلىرى ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى پسخىك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا، ئۇمىد قىلىش، تەسەللى تېپىش قاتارلىق پسخىك ئامىللارنىمۇ شامان دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم پسخىك ئامىللار دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار چەكلىك جىسمانىي قۇدرىتى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، تەبىئەتتىكى ”ئىلاھلار“غا ئۆز ھېسسىياتىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا تۈرلۈك سىمۋوللۇق نەرسىلەرنىڭ بەزى ئۆزگىرىش خۇسۇسىيەتلىرىنى بولسا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىلاھلارنىڭ قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىپ، ئۆزلىرىگە مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللى ئىزدىگەن. مەسىلەن، پەرزەنت تىلەش، سۇ تىلەش، ئاشلىق تىلەش، خاتىرجەملىك تىلەش؛ پال ئېچىش...پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىش، چەكلىك شارائىتتا ئىلاھلارغا ئۆز ئارزۇلىرىنى بىلدۇرۇش قاتارلىق ھېسسىيات، ھەرىكەتلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

شامان دىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زۆرۈر شەرت قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى ساددا خىيالىي چۈشەنچىلىرىنى شامان دىنى ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇ نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ”...ئۇلارنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا ئوخشاش ئەزالاردىن قۇرۇلغان. ئەمما، ئۇلار كۆللىكتىپ ئاڭنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەر بىر سەزگۈسىگە ئېلىپ كىرگەن ئامىللىرىنىلا مۇلاھىزە قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مەيلى قانداق ئوبيېكت ئايان

بولسۇن، بۇ ئۆبيېكت چوقۇم ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق خاراكتېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولاتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىرەر ئوبيېكتنى تەپەككۇر قىلغاندا، ئەزەلدىن بۇ ئوبيېكت بىلەن سىرلىق خاراكتېرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قارىمىغان"⑤. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىلەن ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ماھىيەتلىك پەرق بولغاچقا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەسلىي ئوبرازى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ خىيالىي، سىرلىق ئوبرازى پەيدا بولغان.

## ئىزاھاتلار

① ② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 37 - بەت.

③ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 19 - بەت.

④ لىۋى. برىيول: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 36 - بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 34 - بەت.

# III باب شامان دىنىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى

شامان دىنى ئۇزۇن دەۋرلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا، ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرنىڭ، ئاشۇ خىل چۈشەنچىلەر ئاساسىدا پەيدا بولغان خىلمۇخىل ئىلاھلار تەسەۋۋۇرىنىڭ، خىلمۇخىل ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى. ئالىملارنىڭ شامان دىنىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسى شەكىللەنگەن يىل ـ دەۋر ھەققىدىكى پىكرى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى شامان دىنىنى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئانا ئۇرۇق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بۇ چاغدىكى شامانلىق ۋەزىپىسىنى ئاياللار ئۈستىگە ئالغان. شامان ئۇرۇق ئەزالىرىنى داۋالىغان، كېسەللىك ھادىسىلىرىنى تۈگەتكەن، دۇئا ـ تىلاۋەت، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلغان. شامان يەنە ئۇرۇق باشلىقى بولغان. ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇرۇق جەمەتى ئەرلەرنى ئاساس قىلغان، ئەر شامانلار پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئايال شامانلارنىڭ ئىمتىيازى ئەرلەرگە يۆتكەلگەن. ئەر شامانلارنىڭ ھازىرقى پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىمۇ ئايالچە ياسىنىشى، ئايالچە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ساقلاپ كېلىشى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى ئۇچۇرلار، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئەڭ دەسلەپكى شامانىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. دېمەك، شامان دىنى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

## §1 ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە شامان

ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى باسقۇچى شامان دىنى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان باسقۇچ. شۇنداقلا، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا قانداشلىق چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا، ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى ئىچىدە ئاياللارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى ئورنى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇق تەشكىلىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلغان. ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان. مورگان مۇنداق دەيدۇ: "...قەدىمكى دەۋردە نەسىل-نەسەب ئومۇمەن ئايالنى ئاساس قىلغان؛ ئەنە شۇنداق قىلىنغانلىكى جايلاردا، ئۇرۇقداشلىق پەرەز قىلىنغان بىر ئايال ئەجداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تېپىپ، ئايال تەرەپتىن داۋاملاشتۇرۇلغان"①.

بۇ دەۋرلەردە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ سىرلىق ئىلاھىي چۈشەنچىلەردىن ئايرىلالمىغان. ئۇلار تەبىئەتنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە چوقۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. نەتىجىدە، ئىنسانلاردا تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ھالدىكى ئېتىقاد شەكلى شەكىللەنگەن.

ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە شامان دىنى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى مەزمۇنىغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە توتېم ئېتىقادى، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش، ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش، ئايال شامانغا چوقۇنۇش، روھلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق ئېتىقاد مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولغان.

بۇ دەۋردىكى شامان ئايال جىنسىتىن بولۇپ، ئۇرۇق تەشكىلى

ئىچىدە پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىگە، نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىگە ۋە تۆرلۈك چوقۇنۇش مۇراسىملىرىغا باشچىلىق قىلغان. ئايال شامانىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۇرۇق ئەزالىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇقنىڭ چوقۇنۇش، داۋالاش پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇرۇقنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى باشقۇرغان. بۇ دەۋردىكى شامان ھەم ئۇرۇق تەشكىلىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ھەم ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇشتەك قوش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، تېخى ئۇرۇق تەشكىلى ئىچىدىن كەسپىي شامانلار بۆلۈنۈپ چىقمىغان.

## §2 ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە شامان

ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بارغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە ئەرلەر تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئاياللارنىڭ ئۇرۇق تەشكىلىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىمتىيازى ئاجىزلاشقان. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئەر شامانلار پەيدا بولۇپ، ئۇرۇق تەشكىلىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن. ئەر جىنستىن بولغان ئۇرۇق ئاقساقىلى ھەم ئۇرۇق تەشكىلىنى ھەم ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنى باشقۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئەر ئۇرۇقنى ئاساس قىلغان جەمەت چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن. "مال-مۈلۈك كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نەسىل-نەسەب ئەرنى ئاساس قىلىدىغان بولغان؛ ئەنە شۇنداق قىلىنغانلىكى جايلاردا، ئۇرۇقداشلىق پەرەز قىلىنغان بىر ئەر ئەجداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تېپىپ، ئەر تەرەپتىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن"②.

بۇ دەۋردە شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرىغا يەنە ئەرلەرنىڭ

جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش، ئەر ئەجدادقا چوقۇنۇش، ئەر شامانىنىڭ روھىغا چوقۇنۇش، ئەر تەرەپ ئۇرۇق ئەجدادىنىڭ روھىغا چوقۇنۇش قاتارلىق ئېتىقاد مەزمۇنلىرى قوشۇلغان.

بۇ دەۋرنى شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان، ئېتىقاد شەكىللىرى نىسبەتەن تۇراقلاشقان ھەم كۆپ خىللاشقان، دىن قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغان دەۋر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §3 قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى شامان دىنى ۋە شامان

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇرۇق تەشكىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتىرىلگەن. ئىشلەپچىقىرىش مىۋىسىنى ئىگەللىۋېلىش ۋە جىنسىي ئىگىدارچىلىق كۈرىشىنىڭ كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي ئاڭمۇ كۈچىيىپ بارغان. ئادەم كۈچى كۆپ ئۇرۇقلار ئادەم كۈچى ئاز ئۇرۇقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ياكى ئۆزىگە قوشىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچىلىغان قانداش ئۇرۇقلاردىن تەركىب تاپقان قەبىلە گەۋدىسى شەكىللەنگەن. قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئامىل بولسا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ئېڭىدۇر. خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ئېڭى سىنىپلارغا بۆلۈنۈشنىڭ مەنىۋى ئاساسى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى يېقىن كېلىدىغان ئۇرۇقلارنىڭ ئىستىخىيىلىك بىرلىشىشىدىن ئايرىپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مال-مۈلۈك ۋە جىنسىي ئىگىدارچىلىقنىڭ ئائىلىۋى خۇسۇسىيلىشىشى تېز

بولغان. ئىلگىرىكى ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسى ئۇششاق ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ياكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان ئۇرۇق، قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلە ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن. قەبىلە ئاقساقىلى ئورتاق كېڭىشىش ۋە ئىپتىدائىي سايلام شەكلى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي هاكىمىيەت تەشكىلى بارا-بارا خانلىق هوقۇقىغا ئايلىنىپ، هاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ ئەزالىرى ئۇرۇق، قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مورگان يۇقىرىقى نۇقتىنى مۇنداق ئىزاهلىغان: "بىز قوۋمداشلىقنىڭ سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس ئىجتىمائىي خاراكتېرگە مايىلراق تەشكىلات ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى سىياسىي كۆز قاراشنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولغان مۇقەررەر باسقۇچ بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قەبىلىنى ئاساس قىلمىغان بولسا قەبىلىمۇ بولمىغان بولاتتى؛ ئۇرۇق بولمىغان بولسا قەبىلىمۇ بولمىغان بولاتتى..." ③.

دېمەك، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي گەۋدىسى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىنى دۆلەتنىڭ ئىپتىدائىي هالدىكى تەشكىلى فورمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ دەۋردە، شامان دىنىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بولغان. يەنى بىر جەھەتتىن شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرىغا يەنە باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت يېڭى بىر خىل ئېتىقاد شەكلى قوشۇلغان. بۇ خىل ئېتىقاد شەكلى ئۆز دەۋرىدىكى ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە سىياسىي مۇددىئاسىنى كۆچلۈك ئىپادىلىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە شامان هەم ئۇرۇق تەشكىلىگە هەم ئېتىقاد پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلغان

بولسا، قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقى دەۋرىگە كەلگەندە، شامانىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاجىزلىغان. ئۇ پەقەت قەبىلە ئەزالىرىنى داۋالاش ۋە نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەسپىي شامانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئۇل ھازىرلىغان؛ شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى ۋە ئىلاھلار چۈشەنچىلىرىمۇ قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىنى بىر گەۋدە قىلغان ھالدا مەركەزلىشىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچىلىغان ئۇرۇقلار ياكى بىر قانچىلىغان قەبىلىلەر مۇئەييەن بىر سورۇنغا يىغىلىپ تېۋىنىش، نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە كېڭىشىش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدىغان بولغان؛ ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسى دەۋرىدىكى شامان دىنى چۈشەنچىسىدە بار بولغان ”تەڭ ھوقۇقلۇق“ ئىلاھلار ئارىسىدىمۇ مەرتىۋە پەرقى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئىلاھلار ھەققىدىكى بۇ خىل چۈشەنچىلەر «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش»، «ماناس» قاتارلىق قەھرىمانلىق داستانلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، شامانلار ئارىسىدىمۇ مەرتىۋە پەرقى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

دېمەك، بۇ دەۋرنى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بىخلىنىش دەۋرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §4 سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شامان دىنى ۋە شامان

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇرۇق، قەبىلە ئىچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقمۇ كۈچەيگەن. كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمۇ كۈنسېرى ئۆسۈپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئاز ساندىكى كىشىلەرگە مەركەزلىشىپ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاز ساندىكى كىشىلەرگە بېقىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋىستىلىرىنى كۆپ

ئىگىلىۋالغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى كونترول قىلىۋالغان كىشىلەر توپى ھۆكۈمران سىنىپ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئىگىلىرىگە بېقىنىپ ياشىغان كىشىلەر توپى ھۆكۈمرانلىق قىلىنىغۇچى سىنىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ بولغان ھۆكۈمران كۈچلەر ئەسلىدىكى ئۇرۇق، قەبىلە باشچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ شەكىللەنگەن ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىق تەشكىلىنى تەشكىللىگۈچىلەرگە ئايلىنىپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىق تەشكىلىنى بەرپا قىلغان. شۇنداقلا، پۈتكۈل ئۇرۇق، قەبىلە ئىچىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغان. سىياسىي ھۆكۈمرانلىق تەشكىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قائىدە-تەرتىپلەر ھۆكۈمرانلىق تەشكىلى ئىچىدىكى بىرلا ھۆكۈمراننىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلغان. سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شامان دىنىدىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن:

بىرىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئالىي ھۆكۈمران — خاقاننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شامان دىنىنىڭ كۆك تەڭرىنى ئاساس قىلغان كۆپ خۇدالىق خاراكتېرى مۇقىملىشىپ، ئۆزىدە بەزى ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئەرش تەختىدە ئولتۇرىدىغان كۆك تەڭرى چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە كۆك تەڭرى (ئاسمان ئىلاھى) ماددىي ئاسماننى ئوبيېكت قىلغان بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە، بۇ ئىلاھ — كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ھەرىكەت قىلالايدىغان، چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ”ئىلاھ“ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. مەسىلەن، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغان بىر رىۋايەتتە: ”...‹ئۆلگېن› ئاي بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ

ئۇستىدە ياشارمىش. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توساق بار ئىكەن. بۇ توساقلار ئەركەك شامانلار (قام) كەلگەندە ئېچىلىدىكەن...'ئۆلگېن'نىڭ سارىيىدا ئالتۇندىن تەخت بار ئىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئىنسانغا ئوخشايدىكەن..."④ دەپ تەسۋىرلەنگەن. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئۆزىنى "ئاسمان-زېمىندا تۇغۇلمىش، كۈن، ئاي ئۇستىدە ماكان تۇتمىش ھۇن تەڭرىقۇتى" دەپ ئاتىشىمۇ يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئىپادىلەنگەن كۆك ئىلاھى چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتتە كەسپىي شامانلار (ئەر، ئايال) كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شامانلار شامانلىق تارىخىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ۋە ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى جەھەتتە روشەن دەرىجىگە ئايرىلغان. "شامانىنىڭ بېشىغا قادالغان بۈغا مۈڭگۈزىنىڭ سانى ئۇلارنىڭ تەبىقە دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە بولغان" ⑤

ئۈچىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شامان دىنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ۋە ئىرادىسىنى قوغدايدىغان ئىلاھىي قورالغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن شامانلارمۇ تەبىئىي ھالدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. مانا بۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شامان ۋە شامان دىنىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك بىر تەرىپى.

تۆتىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتتە شامانلار ئۇرۇق دەۋرىدىكى خالىس ئىبلىپ بېرىلىدىغان پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنى ۋە نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىنى ھەقلىق پائالىيەتكە ئۆزگەرتكەن.

بەشىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتتە، شامان دىنىدىكى چوڭ نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىدە نۇرغۇن مال-چارۋىلارنى قۇربانلىق قىلىپ، قان ئاققۇزۇش مەيدانىغا كەلگەن. مۇنداق زور مىقداردا قۇربانلىق قىلىش پەقەت ھۆكۈمران سىنىپقا تەۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

دىمەك، سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ شامان دىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئورنىنى ساقلاپ قالغان. ئەمما، ھۆكۈمران سىنىپلار شامان دىنىنىڭ كىشىلەر ئېگىمدىكى ئىلاھىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، شامان دىنىنىڭ دىن ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغان.

**ئىزاھات:**

② ① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 123 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 197 - بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 450 - بەت.

⑤ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 41 - بەت.

# IV باب ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىنىڭ ئاجىزلىشىشى

## §1. ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلاشقان دەۋرى

ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىمۇ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، پىرىخونلۇق، توتېم ئېتىقادى ۋە ئانىمىزم ئېتىقادىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئېتىقاد مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد ئىشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. گەرچە شامان دىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ رېئال تەلىپى ۋە تەرەققىيات سۈرئىتى شامان دىنى ئېتىقادىنى بارا-بارا سۇسلاشتۇرۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن شامان ۋە شامان دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىمۇ كۈنسېرى ئاجىزلاشقان. بولۇپمۇ مانى دىنىنىڭ شىمالىي ياۋروپاقىچە تارقىلىپ بېرىشى بۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. ئۇيغۇرلاردا شامان دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى قاچاندىن باشلاپ ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەن؟ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا سۈنئىي دىنلارنىڭ تارقالغان يىل-دەۋرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە دۇنيا مىقياسىدا خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، زاراتۇسترا دىنى ۋە مانى دىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولۇپ، ھەر قايسى دىنلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى تەسىرىنى، مەدەنىيەت تەسىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىشقا باشلىغان. جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا زارا ئاستۇرا

(ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان.

1) زارا ئاستۇرا دىنىنىڭ تارقىلىشى

زارا ئاستۇرا دىنى — ''ئاتەشپەرەسلىك دىنى''، ''مازداق دىنى'' ياكى ''مازدىئىزم'' دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ — تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە كۆپ خۇدالىق دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا، ئىرانلىق زارائاستۇرا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 628 — 551-يىللاردا ياشىغان) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان دىن. بۇ دىنىنىڭ دىن ئەقىدىسى — ئەڭ بۇرۇن چەكسىز يورۇقلۇق پەيدا بولغان، يورۇقلۇقتىن ئوت يارالغان، ئوتتىن باشقا مەۋجۇداتلار يارالغان دەپ قاراشتۇر. بۇ خىل دىن ئەقىدىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قاچاندىن باشلاپ تارقالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، ''بەن چاۋ دەسلەپ خوتەنگە بارغاندا، خوتەن خانى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى تەرىپىدە تۇرغاچقا، بەن چاۋغا شامان باخشى ئارقىلىق ئەپسۇن ئوقۇغاندا، بەن چاۋ بۇ شامانى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن خوتەننى لەرزىگە سالغان. بۇ شامانىزم ۋە ئوتقا دۇرۇت ئوقۇش ئېتىقادىنىڭ قەدىمكى ساك ئىلاھچىلىقىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خېلى ئۇزۇن ساقلانغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ''① دېگەن قاراش بىلەن «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگىنىدەك، تۇرپاندىن تېپىلغان يازما خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەن تۇرپان رايونىدا تۇرغۇن زارائاستۇرا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بولغانلىقى، ''萨薄'' ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ خانلىق تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ زارا ئاستۇرا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرغانلىقى ھەققىدىكى بايانىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، زارائاستۇرا دىنى ئەقىدىلىرى ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

2) بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى

بۇددا دىنى بىراخما دىنى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان دىن بولۇپ، بۇ دىننى ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى ساكيا قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى سىددخارتاخا گاۋتاما (يەنە بىر ئاتىلىشى ”ساكيامۇنى“ بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 560 ــ 480- يىللار ياشىغان) ئىجاد قىلغان.

بۇددا دىنىنىڭ دىن ئەقىدىسى ”تۆت ھەقىقەت“ تەلىماتى (”ئازاب“، ”سەۋەب“، ”خالاس“، ”يول“)نى مەنبە قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. ئۆز دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ ئالەم، ئىنسان، ئىلاھىيەت ھەققىدىكى تەلىماتلىرى شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدىن كۆپ ئىلغار ھەم كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقىتىگە يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇددا ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسىنى مەزمۇن قىلغان تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە تەسۋىرىي سەنئەتنى ئىلاھىي ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چوقۇنۇشى شامان دىنىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى كەمتۈكلىكىنى ئاشكارىلاپلا قالماي، بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى يەنى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، سەرخىللىقى، ئوبرازلىقلىقى بىلەن ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى، يەنى ئىنساننىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇددا دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شامان دىنى تەسىرىدە تۇرۇۋاتقان رايونلارغا تارقىلىشىدىكى ئىدىيىۋى يول ھازىرلىنىشقا باشلىغان.

بۇددا دىنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان ۋاقتى ھەققىدە مۇنداق قاراشلار بار: ”خوتەن دىيارىدىكى بۇددىزم سەنئىتى تەخمىنەن مىلادى II ئەسىردىن باشلاپ كەڭ بەرپا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئۈستىدىكى كاربون 14 ئانالىزى تەستىقلىغان. بۇ خوتەن دىيارىغا بۇددىزم تارقالغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئارىسىدا داۋام قىلغانلىقىنى، كېيىنچە كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ياكى قەندىھار بۇددا سەنئىتى كەڭ تارقالغان ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىدا ئاندىن كەڭ

دائىرىلىك مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مىلادى II ئەسىردىن ئىلگىرى خوتەن دىياردا بۇددىزم سەنئىتى بولمىغان دېگەن ئۇقۇمنى بەرمەيدۇ'' ② .

''ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقالغان دەۋرنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرگە قويۇش مۇۋاپىقراق بولۇپ، مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇدۇننىڭ خانلىق نەسەبى، دۆلەت قۇرغان ۋاقتى ۋە «تارىخنامە»دىكى ئۇدۇن توغرىسىدىكى خاتىرىگە ماس كېلىدۇ'' ③. بۇ پىكىرلەردىن قارىغاندا، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەردىن باشلاپ تارقالغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. بۇددا دىنى ئېتىقادى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا تاكى ئىسلامىيەتكىچە دەۋر سۈرگەن.

3) مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى

مانى دىنى ئىلگىرىكى زارائاستۇرا دىنى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان دىن بولۇپ، مىلادى III ئەسىرلەردە ئىرانلىق مانى (مىلادى 215 — 277 - يىللار ياشاپ ئۆتكەن) دېگەن كىشى زارا ئاستۇرا دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، دۇئالىزم (дуализм) پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ پەلسەپىۋى ئېقىم كېيىن مانى دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىگە ئايلانغان.

مانى دىنى ئېتىقاد ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قاچان تارقالغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلاردا بىرئاز پەرقلەر بار. ليوگې مۇنداق دەيدۇ: ''چىن يۈەن ئەپەندىنىڭ پىكرى پېللىئوت ۋە چاۋىنلارنىڭكىگە ئوخشاش. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: 'مانى دىنى پېشۋالىرىنىڭ جۇڭگوغا كەلگەن ۋاقتى ھازىر قارىغاندا «بۇددا پېشۋالىرى توغرىسىدا ئومۇمىي خاتىرە»دە تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى خاتىرىلىگەندەك، ۋۇزېتيەننىڭ كېيىنكى يۈەنرۇي يىلى (694 - يىلى)دىن بالدۇر ئەمەس'. تيەنباۋ يىللىرىدىن بۇرۇن، مانى دىنىنى پارسلار، تۇخرىلار جۇڭگوغا تارقاتقان.

جىدى يىللىرىدىن كېيىن مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە تارقاتقان دەيدىكەنمىز، مانى دىنىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارغا تارقالغان دېيىش كېرەك. مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ۋاقتى بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە تارقالغان ۋاقتىنىڭ ئارىلىقى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكىلەر مانى دىنىنى بىدئەت دەپ قاراپ، قاتتىق چەكلىگەن بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھ - ۋەزىرلىرىدىن پۇقرالىرىغىچە بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان، شۇڭا مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مەھەل تازا روناق تاپقان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا كېلىشى بىلەن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارغا تارقالغان" ④. پېللىئوت ۋە چاۋىنلار"«توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۇ تېشى»غا ۋە مانى دىنىنىڭ تۇركچە ۋەسىقىلىرىگە ئاساسەن مانى دىنىغا تۇنجى قېتىم ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر خاقانى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك — سۈيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەم بەرگەن بۆكۈ قاغاندۇر. مانى دىنى 713 - يىلى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان"⑤ دەپ قارىغان.

«قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: "763 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بۆكۈ خاقان تاڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە مانى دىنىنىڭ ئۇستازلىرىدىن تۆت كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆز دىنىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ يەنە بۇ تۆت نەپەر كىشىنى قوملۇقنىڭ شىمالىغا ئېلىپ بېرىپ، تەرەپ - تەرەپكە دىن تارقاتقۇزدى. نەتىجىدە مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى، بۇ دىن تا غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە تارقىلىپ يۈردى"⑥.

M. مايىللاردنىڭ «قەدىمكى ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابىدا: "ئۇيغۇرلار 762 - يىلىدىن ئىلگىرى لوياڭنى تازىلاشقا بارغاندا، ئۇلارنىڭ بۆكۈ قاغانى مانى مۇخلىسلىرىنى ئۇچراتقان. بۆكۈ قاغان پايتەخت قارا بالغاسۇننى قايتۇرۇۋالغان چاغدا، ئۇ يەردىن ئون نەپەر مانى دىنى مۇخلىسىنى

ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۆكۈ قاغان ئۆزىمۇ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەم مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان"⑦.

يۇقىرىقى قاراشلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىت ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما شىمالىي يايلاقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىنىڭ VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مانى دىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا "يىپەك يولى" ئارقىلىق VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىلا تارقىلىپ بولغان.

4) نېستورىئان دىنىنىڭ تارقىلىشى

نېستورىئان دىنى بولسا خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئاساسىي پىكىر ئېقىمى ئەيسا — خرىستوسنىڭ ھەم ئادەملىكى، ھەم ئىلاھلىقىدىن ئىبارەت قوش خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، بۇ مەزھەپ مىلادى V ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا رىم ئىمپېرىيىسىدە تازا گۈللەنگەن. 432 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئېپخېسى (Ephese) يىغىنىدا قارشىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن نېستورىئان مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرى ھەر تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار ساسانىيلار دۆلىتىدە قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن، شۇ يەردە زورايغان. سۈرىيە، ئىران رايونلىرىدا قايتا تەرەققىي قىلغان. كېيىن "يىپەك يولى" ئارقىلىق نېستورىئان دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۈزلۈكسىز شەرققە تارقاتقان. ماركوپولو ئۆز خاتىرىسىدە، ئۇيغۇر رايونىدا ناھايىتى نۇرغۇن نېستورىئان مۇخلىسلىرىنىڭ بارلىقىنى خاتىرىلىگەن.

دېمەك، مىلادى I ئەسىرلەردىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا شامان دىنى مىلادى I ئەسىرلەردىن باشلاپ ئاجىزلاشقان؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا شامان دىنى مىلادى VIII ئەسىرلەردىن باشلاپ ئاجىزلاشقان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

گەرچە سۇنئىي دىنلارنىڭ تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى بىلەن شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ھاياتى، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە سىياسىي ھاياتىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاشكارا ھالەتتىن يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان سۇنئىي دىنلارنىڭ ئېتىقاد-ئەقىدىلىرى بىلەن سىڭىشىش يولى ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، شامان دىنىنىڭ بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

## §2 شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر

ئىنسانلار ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى زور دەرىجىدە كەسپلەشكەن، يېڭى ئىختىرالار، يېڭى بىلىش تەلىماتلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئىپتىدائىي دەۋرلەردە سىر بولۇپ تۇيۇلغان ھەر بىر ھادىسە، ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىشكە باشلىغان. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر تېمىسى بارغانچە كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە ئىجتىمائىي دۇنيادىكى تۈرلۈك بېسىملاردىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يېڭىچە تەپەككۇرلىرىنى ياراتقان. جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، خوشنا خەلقلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى، مەدەنىيەت، سودا ئۇچرىشىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىجتىمائىي بىرلىك ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد تەسىرىنى بارغانچە ئاجىزلاشتۇرۇپ بارغان.

بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىشى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تونجى ئۇچراشقاندىن باشلاپلا ئۆزلىرىنىڭ ئومىدىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئوبيېكتىپ نەرسىگە باغلىغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئوبيېكتىپ نەرسە تەڭرىنىڭ سىماسى ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش زۆرۈرىيىتى بىلەن يېزىق ئىجاد قىلىنغان. يېزىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى، يېرىك ئىختىرالارنىڭ كۆپىيىشى، ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ئىنسانلاردا يېڭىچە تەپەككۇر ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. ئىپتىدائىي تەپەككۇر ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ بۇ خىلدىكى شەرتلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمىگەن. ئەجدادلاردىكى تەپەككۇرنىڭ يېتىلىنىشى بولسا ئىپتىدائىي ئېتىقاد چۈشەنچىسى ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ يېتىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنى ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيانى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۇرۇش جەھەتتىكى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلگەن.

ئىككىنچى، سىنىپىي زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشى ۋە سۇنئىي دىنلارنىڭ يارىلىشى. مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بىر قانچە دۇنياۋى دىنلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ دىنلار ئەينى دەۋردىكى كۈچلۈك سىنىپىي زۇلۇم ئاستىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق، باراۋەرلىك ئاتا قىلغۇچى بىر ئىلاھلىق دىن چۈشەنچىلىرىنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەن. بۇ خىلدىكى دىن پەلسەپىلىرىنىڭ يېڭى تەپەككۇر ئۇسۇللىرى كۆپ ساندىكى ئازاب چەككەن تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى، ئادالەت ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى يېڭى دىن مەيدانغا

كەلگەن دىن پەلسەپىلىرىگە، يېڭى، يەككە، يۈكسەك ئىلاھلارغا باغلىغان. چۈنكى، سۈنئىي دىنلارنىڭ مۇقىم ئىبادەت سورۇنى، مۇكەممەل ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، بىرلىككە كەلگەن ئىبادەت ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، ئازاب چەككۈچىلەرنى قوغدىغان، مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللىگە ئىگە قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۈنئىي دىنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، بۇ دىنلار مىللەت، رايون ھالقىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىغا يۈزلەنگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئازاب چەككەن تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى سۈنئىي دىنلارنىڭ ئېتىقاد ـ ئەقىدىلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلغان. چۈنكى سۈنئىي دىنلار باشتىن ـ ئاخىر باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. سۈنئىي دىنلار تەرغىب قىلغان ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق، باراۋەرلىك ئىدىيىسى سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئېزىلگۈچىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلغان. ھۆكۈمران كۈچلەر خەلق ئارىسىدىكى مۇنداق زور بۇرۇلۇشنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى شامان دىنى ئېتىقادىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، يېڭى دىن ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. جۇملىدىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان قاغانلارنىڭ مانى ۋە بۇددا دىنلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشىمۇ خەلقنىڭ سىنىپىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ئېتىقادىدىن ياتلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمران كۈچلەر ھەر قانداق قىلىپمۇ يېڭى ئېتىقاد فورمىسىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالغان. دېمەك، سىنىپىي جەھەتتە شامان دىنىنىڭ ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئىرادىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سىنىپىي زۇلۇمنىڭ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىشى سۈنئىي دىنلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشى ئۈچۈن مەنىۋى شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، قورۇقلۇق سودا يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى. قورۇقلۇق ”يىپەك يولى“ ئېچىلغاندىن

كېيىن، سۈنئىي دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى مەنىۋى مەنبە قىلىپ، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىجاد قىلىنغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، نەپىس، رەڭگا ـ رەڭ دىن مەدەنىيىتى ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان بىلىش تەلىماتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئەنئەنىسى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت رايونلىرىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىغان. بۇنداق يېڭى ھادىسىلەر ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن كۆپ ئىلغار ئىدى. يېڭى بىلىش تەلىماتلىرى ۋە يېڭى مەدەنىيەت فورمىسى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى ئېتىقاد ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان مايىللىقى ۋە قىزىقىشى كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردە مەدەنىيەت ئالاقىسى دىيارىمىزغا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مەنىۋى بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن.

تۆتىنچى، سىياسىي نىزالارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ چۇشكۇنلىشىشى. شامانىزم ئېتىقادىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئەجدادلىرىمىز قۇرغان خانلىقلار ئارىسىدا سىياسىي توقۇنۇش ۋە تالاش ـ تارتىشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان. خانلىق ئىچىدىمۇ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئۈزۈلمىگەن. قېرىنداش ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى تېزلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا داۋالغۇش، ئۈمىدسىزلىنىش ئېغىرلاشقان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى شامانىزم ئېتىقاد ئەنئەنىسى پارچىلانغان. ئاخىرىدا، شامانىزمنىڭ تەسىر كۈچىمۇ ئاجىزلىشىپ، قانداش خەلقلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە ئېتىقاد بىرلىكى چاك ـ چېكىدىن ئاجراپ، يېڭى ئېتىقاد ۋە يېڭى مەدەنىيەت فورمىسىغا باش ئەگكەن. شامانىزمنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەجدادلىرىمىز ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

شامان دىنىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار

كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىجتىمائىي سەۋەب دەپ قارىدۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**ئىزاھات:**


① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 93 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 97 - بەت.

③ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 - بەت.

④ ⑤ ليۇ گې: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1990 - يىل 4 - سان.

⑥ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 308 - بەت.

⑦ M.T. مايىللارد: «قەدىمكى ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 65 - بەت.

# V باب شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئورنى

شامان دىنى گەرچە ئىپتىدائىي دىن فورمىسى بولسىمۇ، ئەمما ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، پىسخىك ئورتاقلىقنىڭ شەكىللىنىشى، شۇنىڭدەك ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى تەپەككۇر قىلىش، بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

1. شامان دىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلاردا ئۇرۇقداشلىق-قانداشلىق چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن بۇرۇن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئۇرۇق چۈشەنچىسى، قانداشلىق چۈشەنچىسى يوق بولۇپ، يات جىنسلىقلار ھايۋانىي ئۇچرىشىشلار بىلەن ياشاپ ئەۋلاد قالدۇرغان. يەنى، بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكىلار بىلەن ئاچا-سىڭىللار ئۆزئارا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئىچىدە كوللېكتىپ ياشىغان. بۇ خىل كوللېكتىپ ياشاش ئۇسۇلىنى ئامېرىكىلىق مەدەنىيەتشۇناس، ئىرقشۇناس مورگان: "قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمىدىكى جەمەت"① دەپ ئاتىغان. توتېم چۈشەنچىسى ۋە توتېم ئېتىقادى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا بۇ خىل نىكاھلىنىش شەكلى ئاغدۇرۇلۇپ، قانداشلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن. يەنى، بىر توتېمدىن كۆپەيگەن قانداش ئۇرۇق ئەزالىرى ئارىسىدا ئۆزئارا كوللېكتىپ نىكاھلىنىش شەكلى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يات ئۇرۇقتىكىلەر، يات توتېمدىكىلەر ئۆزئارا نىكاھلىنىش تۈزۈمى دەسسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلغان. توتېم — توتېمداشلارنى پەرق ئېتىشتىكى ئاساسلىق

بەلگە بولۇپ، ئۇرۇق ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنى توتېم نامى بىلەن ئاتايدىغان بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇق، قوۋم ۋە قەبىلە قاتارلىق ئىپتىدائىي توپلار (ئىجتىمائىي گورۇھلار)نى تەشكىل قىلىشىدا مەنىۋى ئاساس بولغان. دېمەك، شامان دىنىدىكى توتېم ئېتىقادى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىك هاسىل قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

2. شامان دىنى ئەجدادلار ئېڭىدا ئىلاھ - روھ چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شامان دىنىدىكى ئىلاھ - روھ چۈشەنچىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى پۈتكۈل ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە چېتىلىدۇ. شامان دىنىدا ھەر بىر ئوبيېكتىپ تۈر ئايرىم-ئايرىم هالدا بىر خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى روھچانلىققا ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسانلار مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە روھ بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، ھاياتلىقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئىزدەنگەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلاھ - روھ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ سىرلىقلاشقان، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمۇ چوڭقۇرلاشقان.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلاھ - روھ چۈشەنچىسى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولغان. ئەجدادلار ئىلاھ - روھ چۈشەنچىسى ئاساسىدا خىلمۇخىل ئىپتىدائىي سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى ياراتقان. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئەينى دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئىلاھلىرىغا ۋە روھلارغا بولغان ئېتىقاد ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنىڭ ماددىي شەكلى ھېسابلانغان. شۇڭا ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىدا ئىلاھ - روھ

چوشەنچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرلىرى چوڭقۇرلاشقان.

3. شامان دىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىياسىي ـ ھەربىي ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇق، قەبىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلىگەندە، ئالدى بىلەن شامانلارنىڭ ئالدىن بەرگەن بېشارىتى ۋە شامان دىنىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغان: ھەربىي يۈرۈشلەردە ئەسكەر چىقىرىش، ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئىشلىرىمۇ شامان دىنىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، سىماچيەننىڭ «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، ھۇنلارنىڭ لەشكىرىي يۈرۈشلىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: "...خاقان چېدىردىن چىققاندا ئاۋۋال كۈنگە چوقۇنۇپ، ئاندىن ئىش باشلايتتى. كەچتە ئايغا چوقۇناتتى، ئايغا قاراپ ئىش ئېلىپ باراتتى. ئەگەر ئاي تولغان بولسا، ھۇجۇم قىلاتتى، ئاي كەمتۈك بولسا، ئەسكەر چېكىندۈرەتتى"②.

4. شامان دىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

بىرىنچى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇرمۇش شەكلى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بولۇپ، ئۇلار مەيلى ئوۋغا چىقسۇن، مەيلى يايلاق كۆچسۇن ھەممىسىدە ئاۋۋال ئىلاھلارغا، روھلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئىلاھلار ۋە روھلاردىن خاتىرجەملىك، سالامەتلىك، مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەن. ئوۋ قورallىرىنى، چارۋا ماللارنى ئوت بىلەن پاكلاپ، يامان روھلارنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن "ساقلانغان".

ئىككىنچى، شامان دىنى ئەجدادلىرىمىزدا داۋالاش چۈشەنچىسى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەجدادلار شامان دىنى چۈشەنچىسى بويىچە، كىسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشنى يامان روھلارنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈرلۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشنى نىشان قىلغان پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

ئۈچىنچى، شامان دىنى ئەجدادلاردا ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شامان دىنى ئېتىقادىدىكى سۆز-ھەرىكەت پەرھىزلىرى ئىپتىدائىي ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېھتىمال، شامان دىنىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى تەسىرى يالغۇز بۇلا بولماسلىقى مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، شامان دىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىزاھات:

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 48-بەت.

② «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» 110-جىلد، خەنزۇچە نەشرى 2892-بەت؛ دىلمۇرات ئۆمەرنىڭ «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى» دېگەن كىتابىنىڭ 1-بېتىدىكى ستاتىدىن ئېلىندى.

# VI باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسى

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، تەبىئەت كۈچلىرىگە بېقىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. بەزى تەبىئەت كۈچلىرى ئۇلارغا خۇشاللىق، ھاياتلىق ئېلىپ كەلگەن، ئۇلارنى قوغدىغان؛ بەزى تەبىئەت كۈچلىرى ئۇلارغا بالايىئاپەت، قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز خۇشاللىق، ھاياتلىق ئېلىپ كەلگەن تەبىئەت كۈچلىرىنى ياخشى ئىلاھلار؛ بالايىئاپەت، قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يامان ئىلاھلار دەپ قارىغان. ئەڭ دەسلەپكى ئىلاھ چۈشەنچىسى ئۇرۇق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ چاغدىكى ئىلاھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ جىسمانىي كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەتتىكى ئوبيېكتىپ نەرسىلەر ئىدى. ئۇرۇق چۈشەنچىسى پەيدا بولۇپ، توتېم ئېتىقادى بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي ھالدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىش مەنبەسى، ئىلاھلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى تېخىمۇ سىرلىقلاشقان. تەبىئەت ۋە تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار دۇنياسىدا ئەكس ئېتىپ، شامان دىنىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇن تەركىبىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسىمۇ باشقا يەرلىك قەدىمىي خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش مۇرەككەپ، ئىلاھلار سانى كۆپ بولۇپ، بىرمۇبىر بايان قىلىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئىلاھىي مەزمۇنلارغا، ئارخېئولوگىيىلىك

پاكىتلارغا، ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قالدۇق شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن ئىلاھلار دائىرىسىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسىنى تەبىئەت ئىلاھلىرى سىستېمىسى، تۇتېم ئىلاھلار (ئەجداد ئىلاھلار) سىستېمىسى ۋە روھلار سىستېمىسى دەپ ئۈچ چوڭ ئىلاھلار سىستېمىسىغا بۆلۈشكە بولىدۇ؛ خاراكتېرى جەھەتتىن ياخشىلىق ئىلاھلىرى، يامانلىق ئىلاھلىرى ۋە ياخشىلىق ھەم يامانلىقتىن ئىبارەت قوش خاراكتېرگە ئىگە ئىلاھلار دەپ ئۈچ چوڭ گۇرۇپپا ئىلاھلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ؛ تەبىئەت ئىلاھلىرى سىستېمىسىنى ئاسمان ئىلاھلىرى، يەر ئىلاھلىرى (زېمىن ۋە زېمىن ئۈستى ئىلاھلىرى) دەپ ئىككى چوڭ كاتېگورىيىگە ئايرىشقا بولىدۇ؛ تەبىئەت ئىلاھلىرىنى يەنە جانلىق ئىلاھلار ۋە جانسىز ئىلاھلار دەپ ئىككى چوڭ كاتېگورىيىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئەمما ئانىمىزم چۈشەنچىسىدە "جانسىز" دېگەن ئۇقۇم ئىنكار قىلىنىدۇ.

1. ئاسمان (كۆك) ئىلاھلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) كۆك تەڭرىسى
2) كۈن تەڭرىسى
3) ئاي تەڭرىسى
4) يۇلتۇزلار تەڭرىسى
5) گۈلدۈرماما تەڭرىسى
6) چاقماق تەڭرىسى
7) يامغۇر تەڭرىسى
8) يەل (شامال) تەڭرىسى
9) قار تەڭرىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا يۇقىرىقى تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى كۆك تەڭرىسى ھوزۇرىدا تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

2. يەر ئىلاھلىرى (يەرنى ماكان قىلىدىغان، يەردىن ئوزۇق ئالىدىغان ھايۋان، دەرەخ، قۇش ئىلاھلىرىنىمۇ يەر ئىلاھلىرىغا تەۋە دەپ قارىدۇق) تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) يەر تەڭرىسى

2) تەرەپ تەڭرىسى

3) تاغ تەڭرىسى

4) سۇ تەڭرىسى

5) ئوت تەڭرىسى

6) ھايۋان تەڭرىلەر (قوش ماكانلىقلار تۈرىدىكى ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

7) دەرەخ تەڭرىسى

8) قۇشلار تۈرىدىكى تەڭرىلەر

قۇشلار تۈرىدىكى ئىلاھلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئوۋچى قۇشلار (بۈركۈت، قارچىغا)

(2) ئۆي قۇشلىرى (توخۇ، كۆك كەپتەر)

(3) ياۋا قۇشلار (سىغىرخان، قاغا، ھۆۋقۇش، قارلىغاچ)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ "ئەجدادى" ("توتېمى") دەپ قارىغان ھايۋان-دەرەخلەرنى تۆۋەندىكىچە كۆرستىپ ئۆتىمىز:

1. ھايۋان توتېم — كۆك بۆرە (بەزى رىۋايەتتە ئانا بۆرە، يەنە بەزى رىۋايەتتە ئەركەك بۆرە تىلغا ئېلىنىدۇ). توتېم ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز بۈركۈت، قارچىغا، ئاق قۇ، توخۇ قاتارلىق ھايۋانلارنى توتېم بەلگىسى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا ئايرىم توختىلىمىز.

2. ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ دەرەخلەرنى توتېم قىلغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ رىۋايەتلەردە قايسى خىل دەرەخ ئىكەنلىكى ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت ئېتالىيىلىك ساياھەتچى

ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدە ”ئېسكا“ (”esca“) دېگەن بىر دەرەخ تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى روھلار سىستېمىسى ئىلاھ، روھ ۋە جىن ـ شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى شامان دىنىي چۈشەنچىسىدە ئىلاھلار تەبىئەتتىكى ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن بولسا، ئەجدادلار ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئانىمىزم چۈشەنچىسى بارلىققا كېلىپ، ئوبيېكتىپ ”ئىلاھلار“ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان يوكسەك قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھلارغا ئايلانغان شۇنداقلا بۇ ”ئىلاھلار“ ئادەملەشتۈرۈلگەن. ھەتتا تەبىئەتتىكى جانسىز نەرسىلەرمۇ روھچانلىققا ئىگە قىلىنغان. شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى ئاسمانىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتى (ئەرش)دە تۇرىدۇ. كۆك تەڭرىسى بارلىق تەڭرىلەرنى باشقۇرىدۇ دەپ قارالغان: روھلار — ياخشى روھ ۋە يامان روھ دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ياخشى روھلار بولسا ئەجداد روھى، شامان روھى، باتۇرلار روھىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ روھلار ئۆز قوۋم، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ئىلاھىي روھلار دەپ قارالغان: يامان روھلار بولسا جىن، ئالۋاستى، دىۋىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قوۋم، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان روھلار بولۇپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايدۇ دەپ قارالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھىيەت دۇنياسى بىر خىل مۇرەككەپ، سىرلىق دۇنيا. شۇڭا، بۇ ئىلاھلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئېتىقاد تەسىرىنى بىرمۇبىر تېپىپ چىقىپ، مۇئەييەن يەكۈننى چىقىرىش قىيىن. بىز پەقەت مەركەزلىك ھالدا تاللاپ مۇھاكىمە قىلىمىز.

# VII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى تەبىئەت ئىلاھلىرى

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلار تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلمىگەنلىكتىن، تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن شارائىتتا، تەبىئەت دۇنياسىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغان، خىيالىي تۇيغۇلار ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىغا ئىنكاس قايتۇرۇش — تەبىئەت ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەينى دەۋردە ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق كاپالىتىنى پۈتۈنلەي "تەبىئەت ئىلاھلىرى"غا باغلىغان. ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلەرنىمۇ تەبىئەت ئىلاھلىرىنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا ئاشۇ ئىلاھلارغا بېغىشلانغان دۇئا-تىلاۋەت، نەزىر-چىراغ، پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرى پەيدا بولغان. شۇنداقلا تىل-ھەرىكەت پەرھىزلىرى ئارقىلىق تەبىئەت ئىلاھلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن.

## §1 ئاسمان ئىلاھلىرى

1. كۆك (ئاسمانغا) كە تېۋىنىش

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا كۆك تەڭرىسى بارلىق تەڭرىلەردىن يۇكسەك ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقەددەس تەڭرى ھېسابلىناتتى. "تەڭرى" سۆزىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرلەردىلا ھۇن تىلىدا بارلىقى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلگەن. مەشھۇر تارىخچى سىماچيەن « تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى » دە

ھۇنلار خەنزۇچىدىكى " 天 " (ئاسمان، كۆك، ئىلاھ) سۆزىنى "撑犁" ("tangri") دەپ ئاتايدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ سۆز كېيىن تۈركىي خەلقلەر تىلىدا ساقلىنىپ قالغان. ھازىرمۇ تۈركىي خەلقلەر "تەڭرى" سۆزىنى "ئىلاھ" سۆزى بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىدۇ ھەم "تەڭرى"نىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. "تەڭرى" سۆزى قاراتمىلىقى جەھەتتە يەنىلا "ئاسمان"غا (ياكى كۆككە) باغلىنىدۇ. ماكس.موللېر "تەڭرى" سۆزى ھەققىدە: "جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادى، تۈركىي خەلقلەر يەر ئىلاھىغا چوقۇناتتى، ئىلاھنىڭ نامى ‹皮尤—坦—伊—利› (pu_teng_i_li) ئىدى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى يەرنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى ئۈچ بوغۇمى بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى ' tengri ' بىر سۆز بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە 'ئاسمان'، 'ئاسمان ئىلاھى' ياكى 'ئىلاھ'نى كۆرسىتەتتى"① دەيدۇ. "تەڭرى" سۆزى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىمۇ، بىرئاز قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۈركىي مەنبەلەردە "رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئالەمنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە 'تەڭرى' ئىسىملىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھ تۇرارمىش (ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈركلەر 'يارۇق' يەنى يورۇق دۇنيا، دەپ چۈشىنەتتى). ئالەمنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى — يەر (قاراڭغۇ-زۇلمەت دۇنياسى) بولۇپ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەۋلادلارنى زىرائەت-ئۆسۈملۈكلەر ئۈندىغان تۇپراق ۋە ئۇنى كۆكەرتىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى 'ئىدۇق' يەنى بەخت ئىلاھى — ئۇماي ئىسىملىك بىر پەرى تۇرارمىش"② دېگەن رىۋايەت ساقلانغان. بۇ رىۋايەتتىمۇ "تەڭرى" بىلەن "ئاسمان" چۈشەنچىسى ئورتاق مەنىگە ئىگە قىلىنغان.

«ئەسما پەرى» ھەققىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى ھەممە پەرىشتىلەردىن

چىرايلىق بولۇپ، يەتتىنچى ئاسماندا تۇرارمىش. تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققانمىش. يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا قۇياش چىقىپ پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن، ئۇ ئۇخلىسا جاھاننى زۇلمەت باسىدىكەن، يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن، كۈلسە قار ياغىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا بوران چىقىدىكەن، نەپەس ئالسا شامال چىقىدىكەن، قاپىقىنى تۈرسە ھاۋا بۇزۇلىدىكەن، غەزەپلەنسە يەر تەۋرەيدىكەن، قېشىنى ئاتسا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسما پەرى دەپ ئاتايدىكەن"③. ئىسلامىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان يەنە بىر ئەپسانىدە: "ئاللا بار بولغاندىن بېرى ئايال ئىلاھ ئاللانىڭ ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئاللاغا ياردەملىشىپ پۈتكۈل ئالەمنى باشقۇرىدىكەن. ئەمما ئايال ئىلاھ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. پەقەت باشقىلار قانداق ئوقۇسا، شۇنداق ئوقۇيدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاللاغا ئۆز ۋاقتىدا ئىبادەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئاللا بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ، ئايال ئىلاھنى جازالاپ، ئۇنى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈرۈپ زېمىندا يەككە-يېگانە ياشاشقا مەجبۇر قىپتۇ. ئايال ئىلاھ زېمىندا يەككە-يېگانە ياشاپ ئىنتايىن زېرىكىش ھېس قىلىپ تۇپراق ئۈستىدىكى لايدىن ئەر ئادەم ياساپتۇ. ئەمما بۇ لاي ئادەمنىڭ جېنى يوق بولۇپ سۆزلىيەلمەيدىكەن، ماڭالمايدىكەن. ئايال ئىلاھ ئۆزىنىڭ ئاللاغا ئۆز ۋاقتىدا دۇئا-تىلاۋەت قىلماي گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئاللاغا بىلدۈرۈپ، ئاللادىن لاي ئادەمگە جان كىرگۈزۈپ بېرىشنى تىلەپتۇ. ئاللا ئايال ئىلاھنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ گۇناھىنى تونۇغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ، لاي ئادەمگە بىرلا دەم قىلغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن لاي ئادەمگە جان كىرىپتۇ؛ لاي ئادەم ھېلىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك پۇشۇلداپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ، قاتتىق

بىر ئەسنەپ، ئىككى كۆزىنى ئېچىپ ئايال ئىلاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياراتقىنىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. بۇ ــ ئادەم ئىكەن. ئايال ئىلاھ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئادەمنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن بىر ئايالنى يارىتىپ، ئۇنى ھاۋا دەپ ئاتاپ، ئادەمگە خوتۇن قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زېمىندا ئىنسانلار پەيدا بوپتۇ“④ دەپ بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا «ساما يولىنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق بىر ئەپسانىدە بىر ئايالنىڭ ئانا سۈتىدىن ئايرىلمىغان ئامراق بالىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، يول بويى ئىزدەپ ماڭغانلىقى، ئۇنىڭ كۆكسىدىكى سۈت ئۇ ماڭغان يولغا ئېقىپ ”ساما يولى“ ھاسىل بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ⑤.

يۇقىرىقى ئەپسانىلەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى كۆك تەڭرىسىنى ئايال تەڭرى دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە باش تېما قىلىنغان. گەرچە بۇ ئەپسانىلەر بىر پۈتۈن ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنى ئىنكاس قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئانا جەمەت ھۆكۈمرانلىق ئېڭىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ قالغان. ئىجتىمائىي فورماتسىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەپسانىلەرنى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

يەنە بەزى ئەپسانىلەردە كۆك تەڭرىسى ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەر ئىلاھ دېگەن ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن، ”A. ئانوخىن تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن رىۋايەتكە قارىغاندا، ’ئۈلگېن‘ ئاي بىلەن قۇياش ئۈتتۈرىسىدا. يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشارمىش. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توسۇق بار ئىكەن. بۇ توسۇقلار ئەركەك شامانلار (قام) كەلگەندە ئېچىلىدىكەن. بەشىنچى توسۇق تۆمۈر قوزۇق (ئالتۇن قوزۇق) يۇلتۇزلىرىغا تۇتىشىدىكەن. ’ئۈلگېن‘نىڭ سارىيىدا ئالتۇندىن ياسالغان تەخت بار ئىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئىنسانغا ئوخشايدىكەن. شامان دۇئالىرىدا ئۇنىڭ

نامى ‹ئاق ئاياز›، ‹ئايازخان›، ‹ياراتقان› (ياراتقۇچى)، ‹يىلدىرىمچى› دەپ تەۋسىپ قىلىنىدىكەن. كۆكتىن تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالى ئىكەن. ‹ئۆلگىن›نىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بۇغراخان، يىشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختخان، ئەركانىم بولۇپ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن. ‹ئۆلگىن›نىڭ قىزلىرىغا خاس ئىسىملار توشىمايدۇ ھەربىرى ‹ئاق قىزلار› ياكى ‹قىيان›لاردىندۇر. بۇ قىزلار شامانىنىڭ ئىلھام پەرىلىرىدۇر. ‹ئۆلگىن›نىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن. بۇلاردىن يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن ئۆلگىن ئارىسىدىكى ‹ئالاقچىدۇر›، ئومۇمەن، ‹ئۆلگىن› ئاتا تەڭرى سۈپىتىدە كۆكتىكى بارلىق ئىلاھلارنى باشقۇرىدىكەن"⑥. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئوغۇزنامە»دە: "...ئوغۇزخاقان بىر يەردە تەڭرىگە سىغىنىۋاتقاندا، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ (50 ـ 51)، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇقلۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ يورۇق، ئايدىنمۇ يورۇق ئىدى (52 ـ 53)، ... كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا بىشارەت (326)"⑦ دېگەن بايانلار بار.

«ئاسمان پادىشاھى» ھەققىدىكى ئەپسانىدە: "ئەسلىدە ئاسماندا ناھايىتىمۇ چوڭ بىر مەخلۇق بولغانىكەن. ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ بولۇپ، بەدىنىدىكى تۈكلەر تاغ باغرىدا ئۆسكەن قارىغايلاردەك ئىكەن. ئاغزى چەكسىز كەتكەن دېڭىز يۈزىدەك كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىغا يەر ـ زېمىندىكى بارلىق تاغلارنى يىغقاندا ئاران تەڭ كېلەلەيدىكەن. ئومۇمەن، ئۇ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ قاپىقىنى تۈرسە، شۇ زامان ھاۋا بۇزۇلۇپ قار ياغىدىكەن. ۋارقىراپ قويسا، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدىكەن. خۇشال بولسا، گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل سايراپ باھار كېلىدىكەن. ئەسنەپ قويسا، مەيىن شامال چىقىدىكەن. قاتتىق يۆتىلىپ قويسا،

بوران چىقىپ پۈتۈن يەر-جاھاننى كۆرگۈسىز توپا-چاڭ ئاستىدا قالدۇرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر 'ئاسمان پادىشاھى'نى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن ئاسمانغا تاش ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېتىشقا يول قويمايدىكەن..."⑧ دەپ بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى "كۆك تەڭرى" مەيلى ئايال تەڭرى ۋە ياكى ئەر تەڭرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمىسۇن، ھەممىسىدىلا بىر نەچچە ئورتاق ئىدىيال چۈشەنچە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىرى، پۈتكۈل ئالەمگە بىرلا تەڭرى (كۆك تەڭرى) ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەيدىغان ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ يەنە بىرى "كۆك تەڭرى" ئادەملەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن يۇقىرىقى ئەپسانىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى نىسبەتەن يۇقىرىقى كۆتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەپسانىلەردە مەركەزلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان "بىر خۇدالىق" دىن چۈشەنچىسى ئەمەلىيەتتە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ "خاقان مەركەز" چۈشەنچىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەپسانىلەر ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ شامان دىنىدىكى كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى ئىدىيىۋى مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن، يەنى ئۇلار زور ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىتىملەرنى كۆك تەڭرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆككە ئەڭ يېقىن دەپ قارالغان مۇقەددەس تاغ ئۈستىگە يىغىلىپ، تۈرلۈك مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭدىن باشقا خۇشاللىق ياكى قايغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ كوللېكتىپ ھالدىكى نەزىر-چىراغ، دۇئا-تىلاۋەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. دېمەك، كۆك تەڭرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرغان.

ھازىرمۇ بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش، كۆك تەڭرىدىن يادەم تىلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بەزى قالدۇق تەسىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، بىرەر يېزا ياكى كەنت دائىرىسىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ياكى كېسەللىك ئاپىتى يۈز بەرسە كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان "زارا خەتمە" پائالىيىتى ۋە "كۆك مەشرىپى" ئەسلىدە كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش، كۆككە مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش، كۆكتىن يامغۇر تىلەش، سالامەتلىك تىلەش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر بولۇپ، "زارا خەتمە" پائالىيىتى ھازىر كوللېكتىپ پائالىيەت شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي ئىسلامىي تۈس ئالغان، "كۆك مەشرىپى" بولسا كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ئاسمانغا قاراپ تۇكۇرۇشنى، ئاسمانغا قاراپ تىللاشنى يامان كۆرىدۇ.

2. كۈن (قۇياش) گە تېۋىنىش

كۈن زېمىننى يورىتىدۇ ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئەجدادلار كۈن چىقىسىلا ھاياتلىقنىڭ باشلىنىدىغانلىقىغا، كۈن ئۆلتۈرسىلا پۈتۈن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك كۈن نۇرى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ياشنايدىغانلىقىغا ئاساسەن قۇياشنى ئىلاھلاشتۇرغان، ئادەملەشتۈرگەن. قۇياشنى زېمىندىن يۇكسەك ئېگىزدە (كۆكتە) تۇرىدىغان ھاياتلىق مەنبەسى، ياراتقۇچى دەپ قاراپ چوقۇنغان. ئەجدادلارنىڭ قۇياشنى "ئىلاھ" دەپ قاراپ چوقۇنغانلىقىغا دائىر پاكىت ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى چېدىرىدىن چىقىپ يېڭى چىققان قۇياشقا چوقۇنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىشقا كىرىشىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ دائىم دېگۈدەك كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇرىدىغانلىقى،

كۈننىڭ چىقىشىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن⑨. مىلادى
821-يىلى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى تەيخېنى خوتۇنلۇققا ئالغان
ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تولۇق ئىسمى "كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ
كۈچلۈك بىلگە قاغان" ئىدى.
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، بۇندىن
4900-يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان قەدىمىي قەبرىدىن قۇياش
ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئادىتىنى روشەن ئىپادىلەيدىغان قەبرە قۇرۇلۇشى
بايقالغان. "1978-يىلى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىلغان
قەبرىلەر ئالاھىدە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ ئالتە قۇر
چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق (1-قۇرىغا 85 ئەتراپىدا، ئەڭ ئىچىدىكى
6-قۇرىغا 52 ياغاچ قوزۇق) قېقىلغان، قوزۇقلار يىراقتىن خۇددى نۇر
چاقنىتىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ"⑩. يەنە رايونىمىزدىن تېپىلغان
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما بويۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملارنىڭ
كۆپىنچىسى يۇمىلاق شەكىلدە قۇياشقا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. ئەينى
دەۋردە ئەجدادلار يۇقىرىقى شەكىللەر ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىنىڭ قۇياش
ئىلاھىغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن.
ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇياشنى ئۇلۇغلاش مەنىسىگە ئىگە بەزى
ئادەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا
ئۇيغۇرلار ئۆي سالغاندا كۆپىنچە ئۆينىڭ ئالدىنى شەرققە قارىتىپ سالىدۇ
ھەم ئۆينىڭ تورۇسىغا يۇمىلاق تۈڭلۈك قويىدۇ. بۇ تۈڭلۈك يورۇقلۇق
مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ چېدىر ئۆيلىرىمۇ
قۇياشقا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. چېدىر (كىگىز ئۆي)لەرنىڭ ئۈستى
تەرىپىگە يۇمىلاق تۈڭلۈك قويۇلغان.
ھازىرمۇ بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار كۈنگە قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت
قىلىشنى، كۈنگە قاراپ تۈكۈرۈشنى، كۈن كۆرىدىغان ئۇچۇقچىلىقتا
بەتقىلىق ئىشلارنى قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. ئۇندىن باشقا، شامانىنىڭ
پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىكى ئاق تۇغلار، ئاق لاتىلار، قەبرە بېشىغا

قادايدىغان ئاق توغلار يەنىلا قوياش نۇرىغا، ھاياتلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

3. ئايغا تېۋىنىش

ئەجدادلار قەدىمكى دەۋردە ئاينى ئىلاھ دەپ قاراپ چوقۇنغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: ئاي كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يورىتىدۇ. يورۇقلۇق ھاياتلىقنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇنداقلا ئۆلگېن تەڭرى ھەققىدىكى ئەپسانىدە ئېيتىلغىنىدەك يورۇقلۇق تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچى. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئەجدادلار ئاينىڭ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشىنى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلدى، يەنى ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كەلدى دەپ قارىغان. شۇڭا ئاي تولغان كېچىلەرنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، غەلىبە قازىنىش پۇرسىتى دەپ تاللىغان. مەسىلەن، «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە: "ھونلار...ئاي تولغان بولسا، ھۇجۇم قىلغان، ئاي كەمتۈك بولسا، ئەسكەر چېكىندۈرگەن" دېگەن بايانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە ئېيتىلغىنىدەك، ئۇلار جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغدا "ئاينىڭ تولۇشى"نى ساقلايدىغان بولىدى⑪. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلارغا ئائىت يادنامىلەردىمۇ "ئاي تەڭرىدىن قۇد بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان"⑫، "ئاي تېكىن"، "ئاي تېگىن"، "ئايخان"...دېگەندەك مەرتىۋە ناملىرى ئۇچرايدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئايغا چوقۇنۇشنىڭ بەزى قالدۇق ئادەتلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھېلى ھەم ھىلال ئاينىڭ ئاغزى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسا مول-ھوسۇل، باياشاتلىق بولىدۇ، ھىلال ئاينىڭ ئاغزى قىيسىق بولسا، بالايىئاپەت ياغىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇندىن باشقا يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھىلال ئاي يېڭى چىققاندا، ئۇنىڭغا سالام بېرىدىغان، بالىلارنىڭ بەدىنىگە سۆگەل چىقىپ قالسا، بېشىغا چاقا چىقىپ قالسا

يېڭى چىققان ئايغا كۆرسىتىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. بەزى كىشىلەر ھازىرمۇ ئايغا قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، ئاينى تىللاشنى يامان كۆرىدۇ.

4. يۇلتۇزلارغا تېۋىنىش

يۇلتۇزلارغا تېۋىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى مۇھىم ئېتىقاد تەركىبلىرىنىڭ بىرى. «ئوغۇزنامە» رىۋايىتىدە ئوغۇز خاقان ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىكى گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۈچ پەرزەنتلىك بولغانلىقى، كەنجى ئوغلىغا "يۇلتۇز" دەپ ئات قويغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئەمما، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى مانى دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن مانى دىنىدىكى ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن. چۈنكى مانى موخلىسلىرى ئاسترونومىيە (ئىلمى نوجۇم)، داۋالاش ئىلىملىرىگە پىششىق بولۇپ، ئەينى دەۋردە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ناھايىتى تېز يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن "قىرىق چىلتەن" چۈشەنچىسىنى شامان دىنىدىكى يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش بىلەن مانى دىنىدىكى ئىلمىي نوجۇم چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

"چىلتەن" سۆزى پارس تىلىدا "قىرىق تەن". "قىرىق ئادەم" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، "قىرىق" سانى پارس تىلىدا "چەھەل" ("chehel") دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدا "چەھەل" سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى "ھ" تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى "تەن" ياكى "بەدەن" سۆزى پارسچە "تن" ("tan") دېيىلىدۇ. "قىرىق تەن "نىڭ پارس تىلىدا تولۇق يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى "چەھەل تەن" ("chehel tan") بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا "چىلتەن" دەپ قىسقارتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بەزىلەر

يەنى ”قىرىق چىلتەن “ دەپمۇ ئاتىغان.

”چىلتەن“ نى بەزى ياشقا چوڭ كىشىلەر ئىسلام غازاتلىرى بىلەن باغلاپ، غازات جىبگىدە قىرىق ساھابە قۇربان بولۇپ روھى قىرىق يۇلتۇزغا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنىمىش دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئەمما، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىدىكى قادىر باخشىنىڭ قولىيازما خاتىرىسىدە ”چىلتەن “ ھەققىدىكى تۆۋەندىكىدەك بايانلار خاتىرىلەنگەن: ”قىرىق چىلتەن“ پۇتكۇل ئالەمنى سەيلە قىلىپ، پۇتكۇل ئالەم خەلقىگە نەزەر سالىدۇ. سەككىز تەرەپنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. 360 غايىب كىشى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. سۇبھى بولغاندا ناماز بامداتنى مەككىدە ئوقۇيدۇ. خوتبۇل ئەختاپ دېگەن كىشىگە بەيئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن ”قىرىق چىلتەن“ پۇتكۇل ئالەمنى كۆزىتىدۇ. تارۇزا، رەھلى، مۇرخى — بۇ يۇلتۇزلار ئون كۈندە دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. بىرەر كىشى بىرەر ئىش قىلسا ياكى سەپەر قىلماقچى بولسا، پادىشاھنىڭ قېشىغا بارماقچى بولسا، ئوق ئاتسا، دوست بولماقچى بولسا، شەتىرەنجى بولسا ۋە ياكى بىرەر ھاجەتكە شەك كەلتۈرسە، سەككىز تەرەپكە يۈزىنى قىلماسلىقى لازىم. شۇ سەككىز يۇلتۇزغا ئارقىسىنى قىلىۋالسا ھەممە ئىشى ئوڭ بولىدۇ. ئاينىڭ 1-، 11-، 21-كۈنلىرى سەككىز يۇلتۇز مەشرىقتە بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە پاناھ تىلىمەك ياخشى ئەمەس؛ ئاينىڭ 2-، 12-، 22-كۈنلىرى بۇ سەككىز يۇلتۇز شەرقىي جەنۇبتا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە كىشىلەر پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ. پەرزەنت كۆرسىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ ئاينىڭ 3-، 13-، 23-كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار جەنۇبتا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە چۇش ۋاقتىدا سۇ ئىچسە، قاتتىق ئاغرىققا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ؛ ئاينىڭ 4-، 14-، 24-كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار غەربىي جەنۇبتا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە يېڭى كىيىم كىيىش ياخشى ئەمەس؛ ئاينىڭ 5-، 15-، 25-كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار غەربتە بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە بالا يۈزى كۆرسە، بالا يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ؛ ئاينىڭ 6-، 16-،

26 ـ كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار غەربىي شىمالدا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە بىر نىمىنى يوشۇرسا، ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ؛ ئاينىڭ 7 ـ ، 17 ـ ، 27 ـ كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار شىمالدا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە نىكاھلىنىش ياخشى ئەمەس، ئاسانلا ئاجرىشىپ كېتىدۇ؛ ئاينىڭ 8 ـ ، 18 ـ ، 28 ـ كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار شەرقىي شىمالدا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ قېشىغا بارسا، ياخشى ئەمەس، خەتەرلىك؛ ئاينىڭ 9 ـ ، 19 ـ ، 29 ـ كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار شەرقتە بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە دەرەخ سېلىش (جىرىم تىكىش)، سەپەر قىلىش ياخشى ئەمەس؛ ئاينىڭ 10 ـ ، 20 ـ ، 30 ـ كۈنلىرى بۇ يۇلتۇزلار ئاسماندا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە دەۋا قىلىش ياخشى ئەمەس.

يۇقىرىقى بايانلاردا مانى دىنىنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرى بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى يۇلتۇزغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالغان. يەنى يۇلتۇزلار ھەققىدىكى پەرھىز ئادەتلىرىنى شامان دىنىدىكى يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ھەققىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار مەيلى ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسۇن ۋە ياكى ئۆيدىن سىرتقا كۆچسۇن جەنۇب ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا قارايدۇ. ئەگەر "چىلتەن" دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇزلار توپى دەل جەنۇب تەرەپتە بولسا، ئۆي كۆچمەيدۇ. يۇلتۇزلار غەرب تەرەپكە سۈرۈلگەندە ئاندىن ئۆي كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يۇلتۇزلار جەنۇب تەرەپتىكى ۋاقىتتا ئۆي كۆچسە، چوقۇم بىر پالاكەتكە دۇچار بولار ئىمىش. بەزى جايلاردىكى يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللارمۇ بۇ يۇلتۇزلار جەنۇب ئاسمىنىدىكى ۋاقىتتا بوۋاقنى قىرىق كۈن توشمىغۇچە سىرتقا ئېلىپ چىقمايدۇ. ئۇلار ئەگەر بوۋاقنى بۇ چاغدا سىرتقا ئېلىپ چىقسا، بوۋاق ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ.

شامانلارنىڭ پىرە ئويۇنىدىمۇ قىرىق يۇلتۇزغا (چىلتەنگە) سىمۋول قىلىنغان قىرىق تال شام (نۆكچە) يېقىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بەزى

جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاخشىمى يۇلتۇز ساناشنى يامان كۆرىدۇ. يۇلتۇز ساقىپ كەتسە يەرگە قارىۋالىدۇ ياكى ياقىسىنى چىشلەپ تۈۋە-ئىستىغپار ئېيتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاسماندا ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ساقىپ كېتىشى ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنى ئاسماندىن نەچچە يۇلتۇز ساقىپ كەتسە، زېمىندا شۇنچە ئادەم ئۆلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئېھتىمال بۇ خىل چۈشەنچە مانىئىزم شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

5. گۈلدۈرمامىغا تېۋىنىش

گۈلدۈرماما ئاۋازى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەھىمە ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن گۈلدۈرماما يامغۇر-يېشىننىڭ بېشارىتى ئىدى. ئەجدادلار ئەينى دەۋردە بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنى تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئىلاھىي كۈچكە باغلىغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا گۈلدۈرماما بىر ئىلاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى دەپ قارالغان بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە گۈلدۈرماما كۆك تەڭرىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىلاھىي خىسلىتى دەپ قارالغان. مەسىلەن، «ئاسمان پادىشاھى» ھەققىدىكى ئەپسانىدە ھاۋىنىڭ گۈلدۈرلىشىنى ئاسمان پادىشاھىنىڭ "ۋارقىرىشى" دەپ تەسۋىرلىگەن، يەنى گۈلدۈرمامىنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ غەزەپلىنىش كەيپىياتىغا باغلىغان.

بەزى ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ھاۋا گۈلدۈرلىسە "ئاسماندا ئىسسىق بىلەن سوغۇق جەڭ قىلىشىۋاتىدۇ" دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە "ئىسسىق" بىلەن "سوغۇق" ياخشى روھ بىلەن يامان روھ مەنىدە ئېيتىلىدۇ. يەنە بىر خىل چۈشەنچىدە، "زېمىندا جەڭ بولۇپ قان تۆكۈلسە، ھاۋا قاتتىق بۇزۇلۇپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ يامغۇر يېغىپ، بوران چىقىپ كېتەر ئىمىش. بۇ ئاسماننىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن بولارئىمىش" دېيىلىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئاسمانغا قاراپ

تۆكۈرۈشىنى، ئاسمانغا قاراپ تىللاشنى يامان كۆرىدىغان ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل ئادەتلەرنى ئەينى دەۋردىكى گۇلدۇرمامىغا تېۋىنىش ھېسسىياتىنىڭ مەنىۋى تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

6. چاقماققا تېۋىنىش

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن چاقماقمۇ خۇددى گۇلدۇرمامىغا ئوخشاشلا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇلارغا قاتتىق ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن. چاقماق زېمىنغا چۈشۈپ، دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، ئادەم، ھايۋانلارنى جېنىدىن جۇدا قىلغان. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە ئىپتىدائىي ئەجدادلار بۇ خىل ھادىسىنى چاقماق ئىلاھى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئىنكاس قىلغان بولسا، كېيىنكى بىر دەۋرلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، چاقماق چېقىش ھادىسىسىنى ئاسمان ئىلاھىغا باغلاپ چۈشەنگەن. يەنى «ئاسمان پادىشاھى» دېگەن ئەپسانىدە: "...ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ... ۋارقىراپ قويسا، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدىكەن..." دەپ بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە چاقماق چېقىش كۆك تەڭرىنىڭ غەزەپلىنىشىدىن دەپ قارالغان.

7. يامغۇرغا تېۋىنىش

يامغۇرغا چوقۇنۇش ئادەتلىرىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. يامغۇر تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېشىللىق ۋە ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى. بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان يايلاق خەلقى ئۈچۈن يامغۇر بولمىسا بولمايتتى. رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىزدا يامغۇر تىلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالاھىدە مۇراسىملار بولغان. «بۇلۇت قىز» ناملىق رىۋايەتتە: "چەكسىز كەتكەن بىر جاڭگاللىقتا بىر قانچە ئائىلىلىك ئادەم ياشايدىكەن. بۇ يەردە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپەتى يۈز بېرىپ، تېرىغان ئاشلىقلار ئۈنمەپتۇ. ئامالسىزلىقتىن ئاخىر كىشىلەر بۇ

جايدىن كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇ چوڭ جاڭگاللىقتىن چىقىپ بولغۇچە بەربىر هايات قالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇڭا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە تاپالماپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق ۋە زېرەك بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ باشقىلارغا: 'سىلەر مېنى كۆيدۈرۈڭلار، بولمىسا ھەممىمىز ھالاك بولىمىز. مېنىڭ كېيىمگە كىرىپ مېنى تېزرەك كۆيدۈرۈڭلار...' دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشىدىن بىر ئىشنى پەملىگەندەك بوپتۇ. ئاخىر قىزنى كۆيدۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىزنى كۆيدۈرگەن ھامان ئاسماننى ئىس-تۈتەك قاپلاپ، پۈتۈن يەر-جاھان پىژغىرىم ئىسسىقتىن خالىي بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى 'بۇلۇت قىز' دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. 'بۇلۇت قىز'نىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىمىش. ھەر دائىم دېھقانلارنىڭ زارىنى ئاڭلىسىلا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر 'بۇلۇت قىز'نى ياخشى كۆرىدىكەن. زېمىندا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسىلا كىشىلەر 'بۇلۇت قىز'نى چاقىرىدىكەن" ⑬ دەپ بايان قىلىنىدۇ. «ئەسما پەرى» ناملىق ئەپسانىدە: "ئۇ... يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن..." دېيىلىدۇ. «ئاسمان پادىشاھى» ناملىق ئەپسانىدە: "...ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ...ۋارقىراپ قويسا، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدىكەن..." دېيىلگەن. «ئۆلگېن تەڭرى» ناملىق ئەپسانىدە: "يامغۇر 'ئۆلگېن' ئىسىملىك كۆك تەڭرىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالى (شۆلگىيى) ئىكەن" دەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپكى چاغلاردا يامغۇر يېغىش ھادىسىسىنى "يېشىن تەڭرىسى"نىڭ شاپائىتى دەپ قارىغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە يامغۇرنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان "زاراخەتمە" پائالىيىتى كۆك تەڭرىدىن يامغۇر

تىلـەش مەقسـىتىدە ئـىلىپ بېرىلـىدىغان كـوللېكتىپ پـائالىيەتلەرنىڭ بىر جۈملىسىدىندۇر.

8. شامالغا تېۋىنىش

ئىپتىدائىي دەۋرلـەردە ئەجـدادلار شـامالنى "يـەل تەڭرىسـى"نىـڭ ئىلاھىـي قـۇدرىتى بىلـەن چىقىـدۇ، دەپ قارىغان. كېيىنكـى دەۋرلەرگـە كەلگەندە شـامال يـەنىلا ئاسمان ئىلاھىنىـڭ ئىلاھىـي قۇدرىتىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. چۈنكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلـەن ياشايدىغان خەلقلـەرنىڭ نـورمال ھاياتـىدا شـامال مۆلچەرلىگۈسىز ۋەھىمـە ئـېلىپ كەلگـەن. ئـەينى دەۋردە كىشىلەر شـامالدىن ئىبارەت بۇ خـىل تەبىئـەت ھادىسىسـىنى ھېچقانـداق نەرسە بىلـەن توسـۇپ قالالـمىغان، خالىغـان چاغدا توختىتالـمىغان. شـامال كىشـىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان. شـۇڭا، كىشـىلەر دەسـلەپ بـۇ خـىل ھادىسـىنى "يـەل تەڭرىسـى" چۈشەنچىسىگـە باغلىغـان، كېيىـن ھەممـە ئىلاھلاردىـن يۇكسەك ئورۇندا تۇرىـدىغان كـۆك تەڭرىگە باغلىغان. مەسىلەن، «ئەسما پەرى» ئەپسانىسىـدە: "... ئۇ ... ئـاغزىنى ئاچسـا بـوران چىقىدىكـەن، نەپەس ئالسا شـامال چىقىدىكـەن ..." دەپ بايـان قىلىنغان. «ئاسمان پادىشاھى» نـاملىق ئەپسـانىدە: "... ئەسنـەپ قويسـا، مـەيىن شـامال چىقىدىكـەن، قـاتتىقراق يـۆتىلىپ قويسـا، بـوران چىقىـپ پۈتۈن يـەر-جاھـاننى كۆرگۈسـىز توپـا-چـاڭ ئاسـتىدا قالدۇرىدىكـەن" دەپ تەسـەۋۋۇر قىلىنغان.

ھـازىر ئۇيغـۇرلار ئارىسـىدا شـامال، بورانغـا تېـۋىنىش ئـادەتلىرى يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى كىشـلەر قۇيۇننى "جىـن-ئالۋاستى"دەپ قارايدۇ. شـۇڭا قۇيـۇنغا دۈچ كـېلىپ قالسـا، "قـۇيـۇن تـاز" دەپ تىلـلاپ، ئۇنىڭغا تۈكۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، قۇيـۇن ئـادەمنى بېسىـپ ئۆتۈپ كەتسـە يـاكى ئاسمانغا ئـېلىپ چىقىـپ تاشلىۋەتسە، ئادەم ساراڭ بولۇپ قالارمىش ياكى ئۆلۈپ كېتەرمىش.

9. قارغا تېۋىنىش

ئەجدادلارنىڭ قارغا تېۋىنىشى يەنىلا ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دەسلەپكى دەۋرلەردە ئەجدادلار قار يېغىش ھادىسىسىنى قار تەڭرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىگە باغلىغان، كېيىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان كۆك تەڭرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار قار ياغسا، مول-ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىغا، قار ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ياغسا، ئاپەت بولىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، قارنىڭ يېغىشىنى ئىككى خىل ئەپسانىدە ئاسمان ئىلاھىنىڭ ئىككى قارىمۇقارشى ھالدىكى روھىي ھالىتىگە باغلاپ چۈشەنگەن. مەسىلەن، «ئەسما پەرى» ناملىق ئەپسانىدە: ”... كۈلسە قار ياغىدىكەن ...“ دەپ بايان قىلغان بولسا، «ئاسمان پادىشاھى» دېگەن ئەپسانىدە: ”ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ قاپىقىنى تۈرسە، شۇ زامان ھاۋا بۇزۇلۇپ قار ياغىدىكەن ...“ دەپ بايان قىلىنغان.

ھازىرمۇ ئۇيغۇر دېھقانلار قىش كۈنلىرى قار ياغسا خۇشال بولۇپ، ئۇنى ” خاسىيەتلىك قار“ دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر قار ياغمىسا قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ. چۈنكى، قىشتىكى قار زېمىندىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېپىنچىسى بولۇپ، يازدا مول - ھوسۇل ئېلىشنىڭ مۇھىم كاپالەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، تۇنجى قار ياغقاندا، دوستلار ئارا بىر - بىرىگە” قارلىق “ تاشلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت ساقلىنىپ قالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، شامان دىنىنىڭ دەسلەپكى ئېتىقاد باسقۇچلىرىدا گۈلدۈرماما، چاقماق، يامغۇر، قار، شامال قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا گۈلدۈرماما تەڭرىسى، چاقماق تەڭرىسى، يامغۇر (يېشىن) تەڭرىسى، قار تەڭرىسى، يەل (شامال) تەڭرىسى قاتارلىق تەڭرىلەر ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەرگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى

چوشەنچىلىرى چوڭقۇرلىشىپ، شامان دىنى ئىلاھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە يۇقىرىقى تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۆك تەڭرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى ياكى ئىلاھىي كۈچ شەكلىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

## §2 زېمىن ئىلاھلىرى

1. مۇقەددەس تاغ ۋە مۇقەددەس سۇ

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا تاغ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئەتراپىدىكى تاغلارنى ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ خىل چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلار "ئۆتۈكەن تېغى"، "تەڭرى تېغى" ۋە "ئالتاي تېغى" قاتارلىق تاغلارنى ئۇلۇغلىغان. ھونلار دەۋرىدە تاغقا چوقۇنۇش بىلەن ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇش بىر- بىرىگە زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ھانگاي تېغى دەل ئۇلارنىڭ قۇربانلىق قىلىپ، كۆك تەڭرىگە نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدىغان مۇقەددەس تېغى ئىدى. قەدىمكى تۈركلەر چوقۇنغان تاغ تەڭرىنىڭ تۇرالغۇسى ھېسابلىناتتى. قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ئابىدىلىرىدە ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس تېغى ئىكەنلىكى، قاغاننىڭ خان ھوزۇرى ئاشۇ تاغقا بىنا قىلىنغانلىقى يېزىلغان. بۇ تاغ مۇقەددەس ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قايسى خەلق ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىۋالسا، شۇ خەلق خانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. مىلادى 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىۋېلىپ، كۆك تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. مىلادى 840- يىلى قىرغىزلار ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇيغۇر

خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىكى شامانلارنىڭ يامغۇر (يېشىن) تىلەش مۇراسىملىرى ئاسمان ئىلاھىغا ئەڭ يېقىن بولغان جايدا — تاغنىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ چوڭ تاغلارنى ئىنتايىن ئۇلۇغلىغان، ھەتتا تاغنى خانلىق ھوقۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان ⑭. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئەجدادلار ئۇلۇغ تاغلارنى بېغىشلاپ ئۇۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ روناق تېپىشى ۋە زورىيىشى ئەنە ئاشۇ ئۇلۇغ تاغلارغا چەمبەرچاس باغلانغان. ”تارىخىي خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ’تەڭرى‘ دېگەن ئىلاھقا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتلىقى تەڭرىتاغ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلار تەڭرىتاغقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ ئۆزىنى بىر ئىلاھ، ئەڭ غالىب، بىردىنبىر تەقدىر بەلگىلىگۈچى، ھاياتلىقنى ھەر خىل مەنبە بىلەن تەمىنلىگۈچى دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا بۇ تاغقا ’تەڭرى‘ دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغان“ ⑮. ئۇندىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قېزىۋېلىنغان سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە بايقالغان قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ تاغ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، ھەرەچىشى شەكلىدىكى رەسىملەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تاغ جىنسلىرىنىمۇ ناھايىتى ئۇلۇغلىغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ياكى يۈزلىرىگە رەڭلىك تاغ جىنسلىرىنى سۈركەپ ياكى كۆزلىرىگە تۇخۇم چوڭلۇقىدىكى ئىككى تال تاشنى باسۇرۇپ دەپنە قىلغانلىقى بايقالدى. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئادەم بەدىنىدىكى بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى تاش جىنسلىق نەرسىلەر بىلەن داۋالاش ئادەتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق داۋالاش قوراللىرى ئېگىز جايلاردا مەخسۇس ساقلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا تاش

تۆرىدىكى ھەر خىل شەكىللىك ۋە ھەر خىل رەڭلىك تاشلار تەكچىدە ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدۇ. يەنە رەڭلىك تاشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈك ئېچىپ زىننەت بۇيۇمى، تۇمار، سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ئېسىۋالىدىغان ئادەتلەرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئەجدادلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا تاغ-تاشلار ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە تاغقا چوقۇنۇش بىلەن سۇغا چوقۇنۇش بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. چۈنكى، تاغ بولمىسا، دەريا، سۇ بولمايدۇ؛ سۇ بولمىسا، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. شۇڭا سۇ ئىلاھىغا چوقۇنۇش، سۇنى ئۇلۇغلاشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. رايونىمىزدا بايقالغان قىياتاش رەسىملىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدا سۇنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇلاق، كۆل، دەريا-ئېقىن ۋە دولقۇنلارنىڭ رەسىملىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلغان. تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان: "تۈركلەرنىڭ ئەجداد ئاتىسى — شىمۇشىرى دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزىنى ئالغان. ئىلاھىي قىزنىڭ ماكانى ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە بولۇپ، شىمۇشىرى كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ماكانىغا قايتىشىدا ھەر قېتىم دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ئۇنى ئاق بۇغا بىلەن ئاپىرىپ قويىدىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر چوڭ كۆلەملىك ئوۋ قىلماقچى بوپتۇ. ئىلاھ قىز ئېرىگە مۇنداق جېكىلەپتۇ: 'ئەتە ئوۋچىلىق قىلغىنىڭلاردا سېنىڭ ئەجدادىڭ تۇغۇلغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر بۇغا چىقىدۇ، ئەگەر سەن ئاتقان ئوقيا ئۇنىڭغا تەگسە بىز مەڭگۈ بىرگە ئۆتەيلى؛ ئەگەر تەگكۈزەلمىسەڭ مۇناسىۋەتنى مەڭگۈلۈككە ئۈزۈۋېتەيلى'. ئەتىسى ئۇلار ئەتراپنى قورشاپ ئوۋ قىلىۋاتقاندا دەرۋەقە ھېلىقى قىز دېگەن بۇغىنى

ئۆچۈرۈپتۇ. شىمۇشىرى بار ئامال بىلەن ئۇنى قورشىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇغا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمۇشىرى، قورشاقتىن بۇغىنى ئۆزى ساقلاۋاتقان مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن چىقىرىۋەتكەن قەبىلە باشلىقى ئاز قاتارلىقلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىگە قۇربانلىق قىپتۇ. شىمۇشىرى ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىپ كەلگەندە، دېڭىز ئىلاھى: 'سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، سېنىڭدىن قان ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز مەڭگۈلۈككە ئادا-جۇدا بولۇپ كېتەيلى' دەپتۇ"[16]. "ئۇماي ئىلاھ" ھەققىدىكى ئەپسانىدە: "ئالەمنىڭ ئۈستۈنى ياراتقۇچى ئىگە — تەڭرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئۇ نۇرلۇق، پارلاق ماكان ئىكەن. ئۈستۈنكى پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكاننىڭ ئارىسىدا ئۇماي بولۇپ، ئۇ ئەۋلادلىرىغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى — 'Idog' (قۇت-بەخت) دەپ ئاتىلىدىكەن"[17] دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «ئالتۇن پالتا» دېگەن چۆچەكتىمۇ، قەدىمكى زاماندا بىر دېھقاننىڭ پالتىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ يىغلاپ ئولتۇرغاندا، سۇ پادىشاھى دېھقاننىڭ سەمىمىيىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن پالتىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن باشقا يەنە بىر ئالتۇن پالتا ۋە بىر كۈمۈش پالتا سوۋغا قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. "ئون ئۇيغۇر" ۋە "توققۇز ئوغۇز" ھەققىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "موڭغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇ 'قۇت تاغ' دېيىلىدىكەن. بۇ تاغنىڭ بىر تەرىپىدە ئون ساي، يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ساي بار بولۇپ، ھەممىسىدە ئۇلۇغ سۇ ئاقىدىكەن، ئۇيغۇرلار ئىلى ئەنە شۇ سايلارنىڭ ئارىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئون ساي تەرەپتە ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزلىرىنى 'ئون ئۇيغۇر' دېسە، توققۇز سايدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزلىرىنى 'توققۇز ئوغۇز' دەپ ئاتايدىكەن..."[18] دېيىلگەن. «قۇجۇدىكى شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»دە: "شى جەمەتى

ئۇيغۇرلاردۇر... (ئەجدادى) تونيۇقۇق ... كۆپۈنچە شى نىيەنچې دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا تۇراتتى، نەۋرە-چەۋرىلىرى تونيۇقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسى بىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن شى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق نامى بولۇپ قالدى، بۇ ئەسلىدە دەريانىڭ نامى ئىدى" (19) دەپ يېزىلغان. بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ "سۇ ئىلاھى"غا چوقۇنغانلىقىنى، سۇ، دەريالارنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەجدادلار قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، روناق تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى سۇغا باغلاپ، سۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ھاياتلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزلىرى بىلەن "ئىلاھ"لار مۇناسىۋىتى ئورنىغا قويۇپ، سۇغا ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا سۇ، دەريا-ئېقىن، كۆل، بۇلاق قاتارلىقلار مۇھىم ئىلاھىي ئوبيېكتلار ھېسابلانغان.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىرەر چوڭ ئۆستەڭ، دەريا ياكى سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتسە، "توختى"، "تۇردى" ياكى "تۇرسۇن" ئىسىملىك ئەرنى يار ئېغىزىغا تىرىك پېتى بېسىپ ئۈستىگە توپا تاشلىسا، يار ئېغىزى ئېتىلىپ سۇ توختارمىش. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ شامانىزم ئېتىقادىدىكى ئادەمنى سۇ ئىلاھىغا تىرىك نەزىر قىلىش چۈشەنچىسىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان تراگېدىيىلىك ادىسە.

يەنە قەدىمكى يادنامىلەردە شىمالىي يايلاقتىكى ئەجدادلار سېلىنگاھ، ئورخۇن دەريالىرىنى ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالغان. يادنامىلەردىكى بايانلاردىن قارىغاندا، بۇ ئۇلۇغ دەريالار ئەجدادلارنىڭ كۆپىيىشى، گۈللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ دەريالارنى ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بىلەن تەرىپلىگەن، ئۇلۇغلىغان.

ئۇندىن باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلى ھەم بۇلاقنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى ساقلانغان. يەنى مۇقەددەس بۇلاقلاردىن پەرزەنت

تىلەيدىغان ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان.

هازىرمۇ بىر قىسىم كىشىلەر سۇغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلمىش، سۇغا تۈكۈرۈش، سۇنى تىللاش، ئۈستەڭدىكى سۇغا يۇندا، ئەخلەت قاتارلىق مەينەت نەرسىلەرنى تۆكۈش، قولىنى يۇغاندا قولىنى سىلكىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى يامان كۆرىدۇ. بۇ خىل ئادەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدىكى سۇنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

2. يەرگە تېۋىنىش ۋە تەرەپ ئىلاھلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا يەر مۇھىم ئىلاھى ئوبيېكتلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان. يەر بارلىق مەئىشەتلەرنىڭ خەزىنىسى، شۇنداقلا ئۇ بارلىق ھاياتلىقنىڭ ماكانى. يەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ نېگىزلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرى. ئەجدادلار بۇ مۇناسىۋەتنىمۇ ئىلاھلاشتۇرۇپ چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا يەر تەڭرىسى ئاساسلىق تەڭرىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ”قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ’ئىدۇق يەر-سۇب‘ (مۇقەددەس يەر-سۇ) دەپ ئاتالغان. ’ئىدىقۇت‘ دېگەن نام ئاشۇ ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان (ئىدىقۇت — قۇت بەرگۈچى خۇدا دېگەنلىكتۇر)“ ⑳. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەدىمكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدە يەر تەڭرىسىنى كۆك تەڭرى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈرگەن، شۇندىن كېيىن يەردىن بارلىق جانلىقلار ئۈنۈپ چىققان دەپمۇ قارالغان. ئۇندىن باشقا «مۇيۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: ”كۆك ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ھىممىتى بىلەن، مەن ئۆز خەلقىمگە ھۆكۈمران بولدۇم“، ”كۆك ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھىممىتى بىلەن، ئۆز خەلقىمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتىمەن“ دېگەن جۈملىلەر بار.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ بەزى قەدىمىي قەبرىلەردىن

جەسەتلەرنىڭ بەدىنىگە ۋە يۈزىگە توپا قاتلىمىدىكى مىنېرال توپىلارنى سۈركەپ قويىدىغان ئەھۋاللار بايقالغان. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلاردا مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ، كۆمۈشتىن بۇرۇن قېرىنداشلىرى يەتتە كەتمەن توپىنى ئاۋۋال مېيىت ئۈستىگە تاشلايدىغان، مېيىت ئۈزاتقۇچىلارمۇ بىر تۇتام توپىنى مېيىت ئۈستىگە چاچىدىغان ئادەتلەر بار. بۇ خىل ئادەتلەر مورگان بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىروكىزلارنىڭ مېيىت ئۈزىتىش ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى "مېيىت لەھەتكە قويۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن باشلىقلار بىلەن بارلاسىلار توپا تاشلاش ئۈچۈن قەبرىنى چۆرىدەپ تۇراتتى. توپا تاشلاش مويسىپىتلەردىن باشلىنىپ، ھەر ئادەم بەلگىلىمە بويىچە ئۈچ گۈرجەكتىن توپا تاشلايتتى: قانچە گۈرجەك توپا تاشلاش ئۇلارنىڭ دىنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، بىرىنچى گۈرجىكى چوڭ ئىلاھقا، ئىككىنچى گۈرجىكى قۇياش ئىلاھىغا، ئۈچىنچى گۈرجىكى يەر ئىلاھىغا ئاتالغان..."㉑.

ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بىر قىسىم ئادەملەر تۇنجى سودىسىدا ئاۋۋال پۇلنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىنى توپىغا سۈركىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن پۇلنى قولىغا ئالىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر توپىنى "ئەڭ پاك" دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ يەرنى تىللاش، يەرنى ئۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى يامان كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە "ئۇلۇغ يەر يۇتقاي"، "ئۇلۇغ يەر ئۇرسۇن" دەپ قەسەم قىلىدىغان ئادەتلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى يەر ئىلاھىغا چوقۇنۇش، يەرنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا، زېمىن تۆت چاسا بولىدۇ، تۆت تەرەپنىڭ تۆت ئىلاھى بولىدۇ، كۈنچىقىش، كۈنپېتىش، جەنۇب، شىمال تەرەپلەر ئۇلارنىڭ تۇرارگاھى دەپ قارالغان. شۇڭا ئۇيغۇر شامانلار پېرى ئويۇنىدا "ئويۇن" ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تەرەپ

ئىلاھلىرىغا ئاتاپ تۈت تال چىراغ ياقىدۇ ۋە تۇغنىڭ بېشىدىكى شاخقا تۈت خىل رەڭدىكى لاتىلارنى چىگىدۇ.

3. ئوتقا تېۋىنىش

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. ئوت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئوتنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىلىرىدە ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىدە ئوت ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ئوتقا چوقۇنۇش ئەجدادلارنىڭ ئوتنى چۈرىدىگەن ھالدىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

"ئوت ئېتىقادىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بەزى ئەپسانىلەر سۆزلىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئىي مېۋىلەر ۋە ئوت-چۆپ يىلتىزلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوتقا ئېھتىياجى چۈشمىگەنىكەن، تەڭرى ئۇلارغا ئەت (گۆش) يېيىشنى ئەمر قىلغاندىن كېيىن ئوتقا ئېھتىياجى چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسمان تەڭرىسى ئۈلگىن كۆكتىن بىرى قارا، بىرى ئاق ئىككى تاش ئەۋەتىپتۇ. بۇ تاشلار يەرگە چۈشۈش بىلەن بىر-بىرىگە سۈركىلىپ ئوت ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ، گۆشنى ئوتتا پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلىنىپتۇ ھەمدە ئۇلار بۇ ئوتنى 'ئۈلگىن ئاتىمىزنىڭ قۇدرىتى' دەپ بىلىپ، چاقماق تېشىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ"(22).

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئوت ئېتىقادى زاراتۇستىرا دىنىنىڭ ئوت تەڭرىسى ھەققىدىكى ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوت ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەردە مۇئەييەن ئۆزگىرىش بولغان. مانى دىنى قوبۇل

قىلىنغاندىن كېيىن. مانى دىنىنىڭ "يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ مەڭگۈلۈك كۈرىشى" تەلىماتى بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىدىيىۋى چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرۈپ، شامان دىنىدىكى ئوت ئېتىقادى ۋە ئوت تەڭرىسى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق تەڭرىسى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە ئۆزئارا بىرلىشىپ كېتىش ياكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى شامان دىنى، زاراتۇسترا دىنى ۋە مانى دىنلىرىدا ئورتاق بىر ئىلاھىي ئوبيېكت — ئوتنىڭ ياكى يورۇقلۇقنىڭ ئەجدادلار تۇرمۇشىدىكى مۇھىملىقى ۋە ئەجدادلارنىڭ ئوت ياكى يورۇقلۇقنى ئىجابىي جەھەتتىن ئىلاھلاشتۇرۇپ چۈشەنگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، زاراتۇسترا دىنىنىڭ بىر ئەقىدىسىدە ئوت ئاخرامازدانىڭ ئوغلى دەپمۇ قارىلىدۇ.

قەدىمكى دەۋردە ئەجدادلار ئارىسىغا زاراتۇسترا دىنىدىكى مۇنداق بىر ئەپسانە تارقالغان: "قەدىمكى زامانلاردا ئىككى ياراتقۇچى كۈچ — ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى بولغانىمىش. ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك تەڭرىسى ئاخرامازدا بولۇپ، ئۇ ئۆز ياردەمچىلىرى ئارقىلىق ئوت، چارۋا، مېتال، يەر، سۇ ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى باشقۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق نەرسىلەر ئىنسان تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا قارىتىلغانىكەن. ئانگىرامەنيو (ئاخرامان) بولسا بارچە ياۋۇزلۇق ۋە يامانلىقنى باشقۇرغۇچى تەڭرى بولۇپ، ئۇ ئاخرامازداغا قارشى چىقىدىكەن ۋە ئۆزىگە قاراشلىق دىۋىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىنسانلارغا ئازاب ـ ئوقۇبەت، مۇشەققەت، كۈلپەت كەلتۈرىدىكەن. ئاخرامان زور كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاخرامازداغا ئوخشاش ھەممە نەرسىگە قادىر ۋە قابىل ئەمەس ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك ھەر قېتىملىق ئېلىشىشتا يامانلىق كۈچى بولغان ئاخرامان، ياخشىلىق كۈچى ئاخرامازدا ئالدىدا دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىكەن. ئاخرامازدا يەنە يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش، ئوت بولسا قۇياشنىڭ بىر پارچىسى دەپ، بۇ

ئىككىسىگە تايىنىشنى ئادەمزاتقا جېكىلەپتۇ...“㉓.

گەرچە ئوت ئېتىقادى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوت ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئادەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى يەنىلا زارائاستۇرا دىنىدىكى ”ئوت تەڭرىسى“ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ۋە مانى دىنىدىكى ”يورۇقلۇق تەڭرىسى“ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئوت ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئوت ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوت ئۆرۈش: بۆشۈكتىكى بوۋاق زاۋالدا قالغان بولسا، شۇنىڭدەك بوۋاقنىڭ بۆشۈكى، بۆشۈك جابدۇقلىرى، بوۋاقنىڭ يۆگەكلىرى زاۋالدا قالسا، بوۋاقنىڭ مومىسى بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ، ئانا بىلەن بوۋاقنىڭ ئۈستىدىن ئوت ئۆرۈيدۇ. ئانا بوۋاقنى قۇچاقلاپ ئۈچ قەدەمدىن يەتتە قېتىم يۆتكىلىدۇ. ھەر قېتىمدا ئۈچ قېتىم ئوت ئۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئانىلار ئەگەر بوۋاق، بۆشۈك، بۆشۈك جابدۇقلىرى ۋە يۆگەكلەر زاۋالدا قالسا، جىنىنىڭ شامىلى تېگىپ كېتىدۇ، جىنلار بۆشۈكتە، يۆگەكلەر ئۈستىدە يېتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا تۇيۇقسىز چۆچۈيدىغان، بالىنى تولا قارا باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.

بەزىلىرى بوۋاقنى ئەركىلىتىپ قويۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، بوۋاق تولا يىغلىسا، ئانا شۇ كىشىنىڭ ئىزىدىن ئىسرىق يىغىپ، ئىسرىققا ئوت يېقىپ، بوۋاقنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈيدۇ. ئىسرىق يىغقاندا، ھەر يەتتە قەدەمدىن بىر تال جەمئىي يەتتە تال ئىسرىق يىغىدۇ. بوۋاقنىڭ يىغلىشى بوۋاقنى ئەركىلەتكەن كىشىنىڭ ”ئوت“ى بوۋاققا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن بولغان دەپ قارىلىدۇ.

ئوت تەڭرىسىگە بېغىشلانغان ''دولان ئۇسسۇلى'': دولان ئۇسسۇلى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك ھېسسىياتىنى بىر قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىنىڭ بىرى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇسسۇلنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنىۋى ئاساسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دولان ئۇسسۇلى گەرچە قەدىمىي ئۇسسۇل بولسىمۇ، ئەمما تەتقىقاتچىلار بۇ ئۇسسۇلنى پەقەت ''ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، يەنى دولان خەلقىنىڭ قەدىمكى ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سەنئەت'' دېگەن يەكۈن بىلەنلا چەكلەندى. بۇ خىل قەدىمىي سەنئەتنىڭ ئەسلىدە كوللېكتىپ ھالدىكى مەنىۋى زۆرۈرىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيىتى ئىكەنلىكى، كېيىن سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىلمىدى.

دولان ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە دولان دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭ كەتكەن ئورمانلىق ئىچىدە يېرىم ئوۋچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. پەقەت يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا ئاندىن يېرىم ئوۋچىلىقنىڭ ئورنىنى دېھقانچىلىق ئىگىلەپ، بىر مەزگىل يېرىم چارۋىچىلىق يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس.

قەدىمكى دەۋردە دولان ئۇيغۇرلىرى ئوۋچىلىقنى ئاساسلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى قىلغان. ئوۋچىلىق تۇرمۇش رېئاللىقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. دولان ئۇسسۇلى ئاخشىمى گۈلخان يېقىلىپ، خەلق سازەندىلىرىنىڭ ساز چېلىپ مۇقام ئېيتىشى، خەلق قىززىقچىلىرىنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى (يەنى مەشرەپ ئويۇنلىرى) مۇئەييەن تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشرەپ

سورۇنىدا يىگىت ـ قىزلار، ئەر ـ ئاياللار، بوۋاي ـ مومايلار ... كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسسۇل سەنئىتى. دولان ئۇسسۇلىنىڭ كېچىسى گۈلخان ئەتراپىدا كوللېكتىپ ئوينىلىشى ۋە ئۇنىڭدا ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىگە ئاساسەن دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىدىكى ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ، ئوت ئىلاھىغا ئۆز رەھمىتىنى، تېۋىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پۈتۈن ئورۇق بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ ھالىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بەزىلەر دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەت ئوبرازىغا ئاساسەنلا ئۇنى ”ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سەنئەت“ دەپ يەكۈن چىقاردى. لېكىن قەدىمكى سەنئەتنىڭ يىلتىزى ھەققىدە، مەنبەۋى ئاساسى ھەققىدە ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمىدى. قەدىمكى ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ يىلتىزىنى دىنشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىدىن ئىزدەش مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسانلاردىكى سەنئەت چۈشەنچىسى پەقەت مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدېئال ھادىسە بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە بىلىش ئىقتىدارى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان شارائىتتا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ”پېرە ئويۇنى“دىمۇ ”چوڭ ئويۇن“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان بىمارنىڭ بېشىدىن ئوت ئۆرۈيدۇ، ”تۇغ“نىڭ ئاستىغا ئوت ياقىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پېرە ئويۇنىدا ئوت ئىلاھىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارات ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى قىرىق گەز ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دانە خادىنىڭ ئۇچىغا مايلىق قاپاقنى چىگىپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ، خادىنى بىر مەيدانغا تىكلەپ قويۇپ، خادىنىڭ ئەتراپىدا بىر كېچە تونەيدىغان ئادەت داۋاملىشىپ كەلگەن.

شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئوت ئەڭ پاك، ئىنسان ۋە مال – چارۋىلارنى ”قوغدىغۇچى ئىلاھ“ دەپ قارالغان. جاڭ شىڭلاۋنىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»(«中西交通史料汇编») دا غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر كىرگۈزۈلگەن. مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي رىم ئەلچىسى زىمارچۇس (zemarchuc) غەربىي تۈركلەرگە ئەلچىلىككە چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانا ئېلىگە كەلگەندە، تۈركلەر جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، ئاپەت بېشارىتىنىڭ ئالدىنى ئالغانمىش. يەنى زىمارچۇس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنىمۇ كىشىلەر توپى ئىچىگە قويۇپ، بۇرغا ـ دۇمباقلارنى چالغان ۋە يەنە قوللىرىدا كۈجە، لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ، خۇددى تەلۋىلەشكەن ئادەملەردەك ئۇياق ـ بۇياققا چۆرگىلەپ، يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈپ، خۇددى جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ چىقارغۇچىلارغا ئايلانغان. قەستنامە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زىمارچۇسنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئىككى گۈلخاننىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى خاقان ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلغان(24).

ھازىرمۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئوت ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان پاكلاش ئادەتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەنى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كىشىلەر كۆچۈرۈپ كېلىنگەن يېڭى كېلىننى ھوجرا ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، ئىشىك ئالدىغا گۈلخان يېقىپ يېڭى كېلىننى يىگىت بىللە ئوتتىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. يەنە توي كۈنى يىگىتنىڭ بېلىگە ئۇتنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل رەڭلىك پوتىنى باغلاپ قويىدۇ. ئۇندىن باشقا، يېڭى ئۆي سالغاندا، پۈتكەن تامنىڭ ئۈستىگە خار ياغاچنى چىقىرىش ئالدىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلۇغ روھلارغا ئاتاپ ئىسرىق سالىدۇ، ئوتنىڭ سىمۋولى بولغان بىر دانە قىزىل

رەڭلىك پوتىنى خار ياغاچقا باغلاپ، ئاندىن خار ياغاچنى تامنىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ، ئوت ئىلاھىنىڭ پاكىزلىق ئاتا قىلىشىنى، جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلىشىنى تىلەش مەنىسىگە ئىگە.

ئوت ئېتىقادى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ چوڭقۇر مەنىۋى تەسىرگە ئىگە بولغان. ھازىرمۇ يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئوتقا دەسسەش، كۆلگە دەسسەش، كۆل ئۈستىگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، ئوتنى ئويناش، ئوتتىن ئالغانچە ئاتلاش، كۆلنىڭ ئۈستىگە ئەخلەت تۆكۈش، ئوتنى تىللاش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى يامان كۆرىدۇ.

ئىزاھات:

① ماكس موللېر: «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى، 91-بەت.

② قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 52-بەت.

③ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە — رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل 2-بېسىلىشى، 95-بەت.

④ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997-يىل خەنزۇچە نەشرى، 31-بەت.

⑤ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1995-يىل 2-سانىغا قارالسۇن.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 450-بەت.

⑦ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى.

⑧ «بولاق» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 1 ـ سانىغا قارالسۇن.
⑨ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 306 ـ بەتتىكى ستاتىنغا قارالسۇن.
⑩ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، 58 ـ بەت.
⑪ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 305 ـ بەتتىكى ستاتىنغا قارالسۇن.
⑫ س. گ. كلياشتورنىي: «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، ئابدۇبەسىر شۈكۈر تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑬ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 1 ـ سانىغا قارالسۇن.
⑭ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 65 ـ بەت.
⑮ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 31 ـ بەت.
⑯ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، 192 ـ بەت.
⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 35 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 193 ـ بەت.
⑲ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 301 ـ بەتتىكى ستاتىنغا قارالسۇن.
⑳ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 453 ـ بەت.
㉑ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 ـ قىسىم، 184 ـ بەت.
㉒ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»،

458 ـ بەت.

㉓ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، 29 ـ بەت.

㉔ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 61 ـ بەتتىكى ستاتىستىكىغا قارالسۇن.

# VIII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ھايۋان ئىلاھلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ھايۋان ئىلاھ چۈشەنچىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ماددىي تۇرمۇش شەرت-شارائىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەينى دەۋردە ئەجدادلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ ياشىغان. بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھايۋانلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي مەنبە ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق، كىيىم-كېچەكلىرى ھايۋانلاردىن كېلەتتى. كېيىنچە بەزى ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلار ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ ھەربىي توقۇنۇشلاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھايۋانلارنى ئۇلۇغلىغان؛ يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىنتايىن تۆۋەن ئىجتىمائىي، ماددىي شەرت-شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتقان ئەجدادلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە دائىم تەھدىت سېلىپ كەلگەن. ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ باشقا ئاجىز ھايۋانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغىمۇ تەھدىت سېلىپ، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى قاتتىق ئەجەبلەندۈرگەن. يەنە ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ چەبدەسلىكى، كۈچلۈكلىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئاشۇنداق چەبدەس، كۈچلۈك بولۇش ئارزۇسىنى ئويغاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنداق ۋەھشىي ھۆكۈمران كۈچلەرنى بىر خىل ئىلاھىي كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ئۆي ھايۋانلىرى تۇرىدىكى ئىلاھلاردىن ئات، كالا، تۆگە، قوي، ئىت قاتارلىقلار بار؛ ياۋايى ھايۋانلار تۇرىدىكى ئىلاھلاردىن يولۋاس، ئارسلان، بۇغا، تېكە، ئارقار قاتارلىقلار بار؛ قۇش ماكانلىقلار تۇرىدىكى ئىلاھلاردىن تاشپاقا، پاقا، يىلان قاتارلىقلار بار.

1. ئائىلە ھايۋانلىرى تۇرىدىكى ئىلاھلار

1) ئات — ئاتنى ئۇلۇغلاش

تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەجدادلار ئارىسىدا ئاق ئات ئەڭ ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلانغان. مەيلى ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ۋە ياكى ھەربىي يۈرۈش، قاتناش ئالاقىلىرىدا بولسۇن ئاق ئات ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخ يارىتىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شىمالىي يايلاقلاردا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز ھەربىي يۈرۈشلەردە ئاق ئاتلىق قوشۇننى سەپنىڭ ئالدىغا تىزغان. "ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلىرى ئاتنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش تەڭرىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئاق ئاتقا ئۇرۇش ئىلاھى مىنىپ يۈرەرمىش"①. ئۇنىڭدىن باشقا «ھازاراسپ» («مىڭ ئات») ئەپسانىسىدىمۇ ئاتنىڭ ئىلاھىي ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يەنى بۇ ئەپسانىدە: "رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا تارىم بويىدا مىڭ ئۇچار ئات بار ئىكەن. بۇ ئۇچار ئاتلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دائىم كېلىپ سۇ ئىچىدىغان بۇلىقىغا بېھوش قىلىدىغان دورا سېلىپ قويۇپتۇ، مۇشۇ ھېيلە بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن ئاتلارنى تۇتۇپتۇ، قاناتلىرىنى قىرقىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسان خىزمىتىگە كۆندۈرۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئاشۇ جاينىڭ نامىنى 'ھازاراسپ' (مىڭ ئات) دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ"② دەپ بايان قىلىنغان.

رايونىمىزدا بايقالغان قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ ئات ئوبرازى

ناھايىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلغان. ئۇندىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىمۇ ئەجدادلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇندىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمىي قەبرىدىن مۇنداق تارىخىي پاكىتلار بايقالغان: ”تەكلىماكان قۇملىقى ئەتراپىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەندە، قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىكتە...ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، ئاتنىڭ بىر دانە پاقالچىقى (تېرە بىلەن تويۇقى قالدۇرۇلۇپ، سۆڭىكى ئېلىپ تاشلىنىپ ئىچىگە قۇم تىقىلغان ياسالما پاقالچاق)...قاتارلىقلار قويۇلغان، قەبرە ئۆگزىسى ئاستىدىكى بورا ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بورا تېگىدىن يەنە ئات، تاي ۋە قولان تېرىسى تېپىلغان“③. ”خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، بىر قەبرىدىن چوققىسىغا ئۆكە (پەي) قادالغان، مەخسۇس جابدۇقلۇق ئات جەسىتى تېپىلغان“④. سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن يەنە ”مېيىت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق بوز ئاتنىڭ جەسىتى چىققان. ئاتلارنىمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىگە شاخ-شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمگەن“⑤. بۇ خىل ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئات ياكى ئاتنىڭ مەلۇم ئەزالىرىنى بىللە دەپنە قىلىش — شامان دىنىدىكى ئانىمىزم چۈشەنچىسى بويىچە ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئىلاھىي ئاتنىڭ روھى بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايرىم دەپنە قىلىنغان ئات بولسا ”ئىلاھىي ئات“. بۇ خىل دەپنە قىلىنغان ئات ھەم ئىلاھىي، ھەم روھىي خاراكتېرگە ئىگە. دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ۋە دەپنە قىلىش ھېسسىياتى بۇنداق ئالاھىدە دەپنە

قىلىنغان ئاتىنىڭ روھى يەنىلا ئىلاھىي مەرتىۋە بىلەن ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، يەنى يايلاق كۆچۈش، سودا ـ ئالماشتۇرۇش، لەشكىرىي يۈرۈشلەردە ئات مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ لەشكىرىي ئىشلاردا ئات ئۇستىدىكىلەر ھامان غالىب ئورۇندا تۇرغان. ئەجدادلارنىڭ ئات بىلەن بولغان مۇنداق قويۇق باغلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئەجدادلارنى ئات ھەققىدىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلەرگە ئېلىپ كىرگەن. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا: "كۆلتېگىن ئىلگىرى توققۇز قېتىم ھەرخىل رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ. پەقەت ئاق ئاتقا مىنىپ قىلغان جەڭلەردە غەلىبە قىلىدۇ، باشقا رەڭدىكى ئاتلارنى مىنگەندە مەغلۇب بولىدۇ، دېيىلگەن"⑥. دېمەك، ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. يېقىنقى بىر مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كۆپ ئات قوشۇلىدىغان ئات ھارۋىسىغا ئات قوشقاندا، ئاق ئاتنى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا، باشقا ئاتلارنى ياندامغا قوشىدىغان ئادەت ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل ئادەتنى يەنىلا ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاشنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2) كالا ــ كالىنى ئۇلۇغلاش

كالىمۇ ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ھايۋانلارنىڭ بىرى. كالا ئەجدادلارنىڭ ئوزۇقلۇق، كىيىم ـ كېچەك مەنبەسى بولغان. ئەجدادلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كالىنىڭ جىسمانىي كۈچىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كالىنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. بەزىلەر كالىنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىنى ھىندى

دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇددا دىنىنىڭ رايونىمىزغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھىندى دىنىنىڭ بەزى ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد ئېڭىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، كالا ئۇلۇغلىقىنى نوقۇل ھالدا ھىندى دىنىدىن كەلگەن دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بەزى تارىخىي مەنبەلەردە كالا ئىلاھى ھەققىدىكى ئەپسانە خاتىرىلەنگەن. «زېمىن ۋە ئىلاھىي كالا» ئەپسانىسىدە: "ئاسماننىڭ ئايال تەڭرىسى زېمىننى ياراتقان چاغدا، ئالەمدىكى ھاۋا ۋە چاڭ-توزانلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئارقىدىنلا بىر تۈكۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چوڭ بىر شار دۈمۈلاپ چۈشۈپتۇ. بۇ دەل يەر شارى ئىكەن. ئايال تەڭرى يەر شارىنى تۈكۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئاسماندىن پەسكە چۈشۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ بەك چوڭ، بەك ئېغىر ئىكەن. شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېز تۆۋەنلەپ، ئاسماندىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئايال تەڭرى يەر شارىنىڭ تېخىمۇ يىراققا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىزدەپ تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، يەر شارىنى مۇقىم توختاتماقچى بوپتۇ. ئۇ بۇقىغا مۈڭگۈزى بىلەن يەر شارىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئەمر قىلىپ، يەر شارىنى ئۆزلۈكسىز پەسلەۋېرىشتىن توختىتىپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە ناھايىتى چوڭ بىر تاشپاقىنى ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تىنىقى بىلەن چىققان ھاۋادىن ھاسىل بولغان سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يەر شارىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. بۇقا بىر مۈڭگۈزى بىلەن يەر شارىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ۋاقىت ئۇزارغانچە ھارغىنلىق ھېس قىلىدىكەن، يەر شارىنى تاشلىۋېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەيدىكەن. ھەر قېتىم يۆتكەلگەندە، شۇئان يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن" ⑦. بۇ ئەپسانىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئەجدادلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدىكى ئالەم تەسەۋۋۇرى، شۇنداقلا شامان دىنى

ئېتىقادىدىكى كالا ئىلاھى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچە. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا كالا ئىلاھى ئوبيېكت سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. ھازىرمۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئايرىم كىشىلەر يەرنىڭ تېگىدە ناھايىتى چوڭ بىر كۆك كالىنىڭ يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، بىر مۈڭگۈزى تېلىپ كەتكەندە، يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەيدىغانلىقىنى، كۆك كالا يەرنى ئۇ مۈڭگۈزىدىن بۇ مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەندە قاتتىق يەر تەۋرەپ كېتىدىغانلىقىنى، كۆك كالىنىڭ يەرنى ئۇ مۈڭگۈزىدىن بۇ مۈڭگۈزىگە ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۆتكەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

3) تۆگە — تۆگىنى ئۇلۇغلاش

قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تۆگە ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن قويۇق باغلىنىشلىق بولۇپ كەلگەن. رايونىمىزدا بايقالغان قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ تۆگىنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ رەسىملەردىن تۆگىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد نوقتىئىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار تۆگىنى بىر خىل ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. چۈنكى، تۆگە جىسمانىي تۈزۈلۈش جەھەتتە ئادەمدىن زور دەرىجىدە چوڭ بولغاچقا ۋە ئادەملەرنى زۆرۈر قولايلىقلار بىلەن تەمىن ئەتكەچكە، ئەجدادلار تۆگىنىڭ ئادەملەرگە بۇنداق پايدا، ياردەم يەتكۈزۈشىدىكى سەۋەبلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا روھىي تۈس بېرىپ، تۆگە ئىلاھىنىڭ ھىممىتىدىن پەيدا بولغان دەپ قاراپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇنىڭ بىلەن تۆگە ئىلاھىغا بېغىشلانغان ”تۆگە ئۇسسۇلى“ پەيدا بولغان. ئىسلامىيەت دەۋرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەردىكى ئىسلام دىنى

خاراكتېرىنى ئالغان تۆگە ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى تۆگە ئىلاھى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆگىگە چوقۇنۇش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

ھازىرمۇ يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا قارا باسمايدۇ، قەست ئۆتمەيدۇ، بالايىئاپەتكە ئۇچرىمايدۇ دەپ قاراپ، تۆگە يۇڭىنى تۇمار ئورنىدا يانلىرىغا قىستۇرۇۋالىدىغان، يىپ قىلىپ ئېشىپ بوينىغا ئېسىۋالىدىغان، ئۇنى يەنە بوۋاقلارنى قوغدايدۇ دەپ قاراپ، بوۋاقلارنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەتلەر ساقلانماقتا. بىر قىسىم كىشىلەر يەنە تۆگە يۇڭىدا مايكا توقۇتۇپ كىيىۋالسا، يامان روھلارنىڭ بەدەنگە كېسەللىك ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەردە ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە تۆگىدە جەبرائىلنىڭ سۈرى بار دەيدىغان چۈشەنچىمۇ بار. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلار تۆگىنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدىكى قالدۇق تەسىرى.

4) قوي — قوينى ئۇلۇغلاش

كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى شارائىتىدىكى ئەجدادلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوي ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدە زور سالماقنى ئىگىلەپ قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. يەنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق، كىيىم-كېچەك مەنبەسى بولغان. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنى دائىم كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان. قوينىڭ ئىلاھىي ئوبرازىنى، قوينى ئۇلۇغلاشنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر بىرقەدەر كەم بولسىمۇ، ئەمما «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇز خاقاننىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلتىيىدا قىرىق غولاچ كېلىدىغان ئىككى خادىنىڭ تۈۋىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاق ۋە قارا

ئىككى قوينى باغلاتقۇزغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە قوي خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى شامانلارنىڭ داۋالاش پېرىخونلۇقىدا دائىم "ئاق جان" (ئاق قوي)، "قارا جان" (قارا قوي)غا كۆچۈرۈپ ئوقۇش زۆرۈر دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا شامانلار كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن بىمارغا ئاق ياكى قارا قوي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ئاخشىمى جىنلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاق ئۆچكە بولۇپ كۆرۈنەرمىش، بۇنداق چاغدا ئادەملەر ئاۋاز چىقارسا ياكى ۋارقىرىسا، شۇئان تىلى تۇتۇلۇپ قالارمىش يا ساراڭ بولۇپ قالارمىش دەپ قارايدۇ. يەنە ئۆچكە گۆشىنى تولا يېسە، ئادەمنىڭ ئىسرى تۇتىدىغان بولۇپ قالىدۇ (ئىسرى تۇتۇش — نېرۋىسى ئاجىز كىشىلەردە ئۇچرايدىغان بىر خىل روھىي كېسەللىك) دەيدىغان قاراشمۇ بار.

يېزا ـ قىشلاق ئۇيغۇرلىرىدا ئايال كىشى يەڭگىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەر تەرەپ بىر قوينى سويۇپ، قوينىڭ بويۇن سۆڭىكىنى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ گۆشىنى تۇغۇتلۇق ئايالغا پاك ـ پاكىز يېگۈزۈپ، بويۇن سۆڭەكنى ئازراقمۇ گۆش قالدۇرماي پاكىز قىرىۋېتىپ، ئۇنى ئۆيدىكى ئېگىز تام تەكچىسىگە تىك قىلىپ يۆلەپ قويىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇنداق قىلسا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بوينى ناھايىتى تېزلا تۇتارمىش. ئەگەر بويۇن سۆڭەك تەكچىگە يانتۇراق قويۇلۇپ قالسا، بوۋاقنىڭ بوينىمۇ يانتۇ تۇتۇپ قالارمىش. بۇ ئادەتلەرمۇ قوينى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قوينى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

5) ئىت — ئىتنى ئۇلۇغلاش

ئىت ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرگەن ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىت ھەققىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان:
كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئادەم بىلەن بۇغداي بىرلا ۋاقىتتا
جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغانىكەن. ئەڭ دەسلەپتە جەننەتتىن
زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن بۇغداي غولى تۆۋىدىن ئۇچىغىچە دان تۈتىدىكەن.
بىر كۈنى بىر موماي پوشكال بىلەن نەۋرىسىنىڭ تەرىتىنى
سۈرتىۋېتىپ، پوشكالنى تاشلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغداي
ئاللاغا: 'ئى ئاللا، يەنىلا مېنى جەننەتكە قايتۇرۇپ كەتكىن. سېنىڭ
بەندىلىرىڭ مېنى دەپسەندە قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق خورلۇققا مەن
چىدىيالمىدىم' دەپ ناله قىلىپتۇ. ئاللا بۇغداينىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ،
پەرىشتىلەرگە: 'سىلەر دەرھال پەرشگە چۈشۈپ، بارلىق بۇغدايلارنى
يىغىپ ئەرشكە قايتۇرۇپ كېلىڭلار' دەپ ۋەھى قىپتۇ. پەرىشتىلەر يەر
يۈزىدىكى بۇغدايلارنى ئورۇپ، بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇغداينىڭ
ھالىتىگە كەلگەندە، ئىت سېزىپ قېلىپ ئاللاغا مۇنداق دەپ ئىلتىجا
قىپتۇ: 'قۇدرەتلىك ئاللا، قېپقالغان مۇشۇنچىلىك ئاشلىقنىمۇ بولسا
ماڭا قالدۇرۇپ قويغىن، سەن ھەممە ئاشلىقنى ئالدۇرۇپ كەتسەڭ، مەن
نېمە يەيمەن؟'. ئىتنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، ئاللانىڭ كۆڭلى ئېرىپ،
پەرىشتىلەرگە: 'بوپتۇ. بۇنى ئىتقا قالدۇرۇپ قويۇڭلار' دەپ جېكىلەپتۇ.
شۇڭا بىزنىڭ ھازىر يەۋاتقىنىمىز ئەسلىدە ئاللا ئىتقا قالدۇرۇپ قويغان
ئاشلىق بولۇپ، ئىت باققانلار ئىتنىڭ قۇرسىقىنى تويغۇزۇشنى ئۇنتۇپ
قالسا بولمايدىكەن"⑧. گەرچە بۇ رىۋايەتتە ئىسلام دىنى ئېتىقاد
ئەقىدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ئىت ئادەمنى
قۇتۇلدۇرۇۋالغان دېيىدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئېنىق
گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىتنى ئۇلۇغلاش
ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئادەتلەر ساقلانغان. مەسىلەن،
ئانىلار بالىنىڭ سۈت چىشى چۈشكەندە، ئۇنى ناننىڭ ئارىسىغا سېلىپ

ئىتقا تاشلاپ بېرىپ، ئىتتىن مۇنداق دەپ يېڭى چىش تىلەيدۇ:
پالتا چىشىڭنى ئۆزۈڭ ئال،
ئۇنچە چىشىڭنى ماڭا بەر.

ئۇندىن باشقا ئانىلار لاتىنىڭ ئارىسىغا ئىتنىڭ گەندىسىنى سېلىپ ياسىغان بىلەيزۈكنى بوۋاقنىڭ بىلىكىگە سېلىپ قويىدۇ ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىلگەن تۇمارچىنىڭ ئىچىگە ئىت گەندىسىنى سېلىپ، ئۇنى بوۋاقنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ ۋە ياكى كىيىم-كېچەكلىرىگە تىكىپ قويىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ قويسا، بوۋاققا كۆز تەگمەسمىش، بوۋاقنى قارا باسماسمىش.

ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى، ئۇلۇغلىنىشىدىكى سەۋەب، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا بۇ خىلدىكى ھايۋانلارنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئۇلار بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغانلىقىدا.

2. ياۋايى ھايۋانلار تۇرىدىكى ئىلاھلار

1) يولۋاس-ئارسلان ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش.

ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئاددىي، تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، يولۋاس ۋە ئارسلانغا ئوخشاش ۋەھشىي ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. چۈنكى، جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەت ۋە چەبدەسلىك جەھەتتە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىنسانلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلار يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى مەنىۋى جەھەتتىن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇدرىتىنى ئىلاھىي چۈشەنچىلەرگە باغلىغان. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭكىدەك كۈچ-قۇدرەت، چەبدەسلىك ۋە باتۇرلۇققا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. بۇخىل ئارزۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى دەل ئاشۇ كۈچلۈك، يىرتقۇچ ھايۋانلار (ئىلاھىي ھايۋانلار)غا باغلىغان. يەنى

يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنى قورقۇنچ بىلەن ئارزۇنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش مۇمكىن. يولۋاس، ئارسلانلارغا چوقۇنۇش ماھىيەتتە بۇ ھايۋانلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە چوقۇنۇش بولۇپ، "يەڭگىلى بولمايدىغان" بۇ خىل "ئىلاھىي كۈچ"تىن قورقۇش ھېسسىياتى بىلەن بۇ خىل "ئىلاھىي كۈچ"كە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئىنسانلاردىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل باتۇر، كۈچلۈك، چەبدەس ھايۋانلارنىڭ نامى ئىلاھىي ھايۋانلارنىڭ نامى سۈپىتىدە باتۇر شاھزادە، خاقانلارنىڭ سىمۋوللۇق نامىغا ئايلانغان. تارىخىي مەنبەلەردە "ئارسلانخان"، "ئارسلان تېكىن"، "يولۋاسخان"... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان شەخسلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا باتۇر شاھزادىلەرگە، سەركەردىلەرگە يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق "ئىلاھىي" ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن نام-ئەمەل بېرىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم.

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىلاھىي ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلغان. بۇ ئارقىلىق ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇر شامانلارنىڭ تا بۈگۈنگىچە قەدەر يولۋاسنى "قوغدىغۇچى ئىلاھ" قىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر بۇ ھەقتە: "تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنىدا يولۋاس شاماننىڭ دائىملىق قوغدىغۇچى ئىلاھى بولۇپ، شامان ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر شامانلار ۋە سانجىدىكى قازاق شامانلار ئارىسىدا تۆت شامان يولۋاسنى قوغدىغۇچى ئىلاھ قىلغان"[9] دەپ يازغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا يولۋاس، ئارسلان قاتارلىق هايۋانلارمۇ ئىلاهىي هايۋان سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان.

2) تېكە ـ ئارقار ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش

ئەجدادلارنىڭ تېكە ـ ئارقارنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قىياتاش رەسىملىرىدىنمۇ ۋە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەردىنمۇ بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. رايونىمىزدىن بايقالغان قىياتاش رەسىملىرىدە "هەر خىل قىياپەتتىكى غۇلجا ـ ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق هايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى ئالاهىدە قىلىپ، مەسىلەن، ئارقارنىڭ تېنى قامەتلىك، مۈڭگۈزلىرى ئەگمەچ ئويۇلغاندىن تاشقىرى يەنە شۇ ئەگمەچ مۈڭگۈزلىرىنىڭ ئىچى ـ تېشىغا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۇرۇپ، كىچىك ئارقارنىڭ رەسىمىمۇ بىللە ئويۇلغان. بۇ خىل ئويۇش ئۇسۇلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە توتېمغا ئائىت رەسىملەر قىياتاشلارنىڭ كۆزگە ئالاهىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرلىرىگە ئويۇلىدۇ. ئاشۇ خىل توتېمغا ئائىت رەسىملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان نۇسخىلىرى چوغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ"⑩. گەرچە يۇقىرىقى قىياتاش رەسىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن تېكە ـ ئارقارلارنى ئەجدادلارنىڭ توتېم قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىل هايۋانلارنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، هازىرمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ مەقبەرىسى ئۈستىگە ۋە ئادەتتىكى قەبرىلەر ئۈستىگە تېكە ياكى ئارقارنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېلىپ قويىدىغان ئادەتلەر بار. ئۇندىن باشقا دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ قۇربانلىق قىلىنغان تېكىنىڭ ياكى سەركىنىڭ باش سۆڭىكىنى قەبرە ئۈستىگە ئېسىپ قويىدىغان ئادەتلەر بار. بۇ خىل

هادىسىلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى تېكە ـ ئارقارنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

3) بۇغا ــ بۇغىنى ئۇلۇغلاش

ئەجدادلارنىڭ شامان دىنىدا بۇغىمۇ ئىلاھىي هايۋان سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلاردا ئوۋغا چىقىپ قورسىقىدا بالىسى بار (قوش قات) ئانا بۇغا ئۇچراپ قالسا ئاتماي قويۇپ بېرىدىغان بىر خىل ئادەت بولغان. چۈنكى، ”كىمكى ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئانا بۇغىنى ئېتىپ ئۆلتۈرسە، شۇ بالاغا يولۇقىدۇ“ دەپ قارالغان. رايونىمىزدىكى تاغلاردىن بايقالغان قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ بۇغا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇغىنى ئۇلۇغلىغانلىقىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار كەم بولسىمۇ، ئەمما هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەردىن ئەجدادلارنىڭ ھەقىقەتەن بۇغىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۇغا تېرىسىنى تۇمار سۈپىتىدە يېنىغا ئېسىۋالىدىغان ئادەتلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇغا تېرىسىنى يېنىدا ساقلىسا، قارا باسماسمىش، قەست ئۆتمەسمىش. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، بۇغا ”قوغدىغۇچى ئىلاھ“ دەپ قارالغان.

3. قوش ماكانلىق هايۋانلار تۈردىكى ئىلاھلار

1) تاشپاقىنى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تاشپاقىنىمۇ ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. مەسىلەن، «زېمىن ۋە ئىلاھىي كالا» ئەپسانىسىدە: ”...ئايال تەڭرى يەنە ناهايىتى چوڭ بىر تاشپاقىنى ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تىنىقى بىلەن چىققان هاۋادىن هاسىل بولغان سۇ ئۈستىدە تۇرۇپ، يەرشارىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ...“ ⑪ دەپ بايان قىلىنغان. بۇ ئەپسانىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھىي تاشپاقا چۈشەنچىسى بولۇپ، يەرشارىدىكى سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى

سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي تاشپاقا بىلەن ئىلاھىي كالىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەرگە باغلىنىغان. قۇرۇقلۇقنىڭ سۇ ئۈستىدە تۇرۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدا يەر ئىلاھىي كالىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئىلاھىي كالا ئىلاھىي تاشپاقىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئىلاھىي تاشپاقا سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ دەيدىغان سىرلىق چۈشەنچىلەرگە ئايلانغان. ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىدى.

2) پاقىنى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا پاقىنى ئۇلۇغلاش خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر چۆچەك بار: ”مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ شاھزادىسى بار بولۇپ، بىر كۈنى پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۈچ شاھزادىنى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ نىشانغا ئوقيا ئاتقۇزۇپ، ئوق قايسى جايغا چۈشسە، شۇ جايدىكى ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. چوڭ شاھزادە بىلەن ئوتتۇرانچى شاھزادە ئاتقان ئوق ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئۆينىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىپتۇ. كەنجى شاھزادە ئاتقان ئوق بىر كۆلچەككە چۈشۈپتۇ. كۆلچەكتە بىر كۆك پاقا بار ئىكەن. شاھزادە كۆك پاقىغا ئۆيلىنىپتۇ. پاقا خانىش ئاخشىمى پاقا تېرىسىنى سېلىۋېتىپ گۈزەل بىر پەرىگە ئايلىنىدىكەن. ئۇنىڭ نەپىس كەشتىچىلىك ھۈنىرى بار ئىكەن، كۈندۈزى پاقا تېرىسىنى كىيىۋېلىپ تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىكەن. پاقا پەرى نۇرغۇن قېتىم ئېرىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئېرى ئايالىنىڭ كۈندۈزى سىبىق پاقىغا ئايلىنىۋالماسلىقى ئۈچۈن پاقا تېرىسىنى ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەپسۇسكى، پاقا پەرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلۈپتۇ“. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پاقىنى بوۋاقلارنىڭ ”قوغدىغۇچى ئىلاھى“ دەيدىغان چۈشەنچە بار. بوۋاقلار ئاغرىپ قېلىپ، ھېچنېمە

يېگىلى ـ ئىچكىلى ئۇنىماي، توختىماي يىغلايدىغان بولۇپ قالسا، ئىككى پاقىنى بوۋاقنىڭ دۈمبىسىگە تېڭىپ بۆشۈككە بۆلەپ قويىدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان. بۇنداق قىلسا، بوۋاقلاردىكى كېسەللىك ئالۋاستىلىرىنى ۋە جىننىڭ شامىلىنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولارمىش.

3) يىلاننى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا يىلاننى ئۇلۇغلاش مەزمۇنلىرىمۇ بولغان. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يىلاننى ئۇلۇغلاش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يىلاننى ئۇلۇغلاش بىلەن ئەجدىھانى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى ئۆزئارا بىرلىشىپ تېخىمۇ سىرلىقلاشقان. بۇددا دىنى ئەقىدىسىدە "ئۇلۇغ مايترى" ئەجدىھا دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ئادەم بولۇپ تىرىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يىلان قىرىق ياشقا كىرسە ئەجدىھاغا ئايلىنارمىش دەپ قارايدۇ. بۇ خىل چۈشەنچىلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى يىلاننى ئۇلۇغلاش قارىشى بۇددا دىنى ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ھەم يىلاننى ئۇلۇغلاش، ھەم ئەجدىھانى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېتىقاد مەنىسىگە ئىگە بولغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يىلاننى ئۇلۇغلاش ــ ئوبيېكتىپ ھايۋاننى ئۇلۇغلاش، ئەجدىھانى ئۇلۇغلاش ــ ئوبيېكتىپ دۇنيادا بولمىغان خىيالىي تەسەۋۋۇردىكى "ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرەت"كە ئىگە مەخلۇقنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلاننى ئۇلۇغلاشنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان بەزى ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار يىلان ئۆيگە ئۆتكىنىۋالغان ياكى مەھەللىنىڭ مەلۇم بىر جايىنى ماكان قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ يىلان شۇ ئۆي ياكى مەھەللىنى قوغدارمىش، شۇ ئۆيگە ياكى مەھەللىگە ئامەت ئېلىپ كېلەرمىش. مۇنداق يىلانغا بىھۇدە چېقىلىپ زەخمەت يەتكۈزسە ياكى

يىلاننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ يىلاننىڭ جۈپتى كېلىپ زەخمە يەتكۈزگەن ياكى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى چېقىپ ئۆلتۈرەرمىش ياكى شۇ ئۆي، شۇ مەھەللىگە ئاپەت ياغارمىش. ئۇندىن باشقا بەزى كىشىلەر يىلان مۈڭگۈزىنى ئامەت، بەختەتەرلىكنىڭ تۇمارى سۈپىتىدە بويىنغا ئېسىۋالىدۇ ياكى يېنىدا ساقلايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يىلان ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا "قوغدىغۇچى ئىلاھ"، "ئامەت ئېلىپ كەلگۈچى ئىلاھ" دەپ قارالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا ھايۋان ئىلاھلار "قوغدىغۇچى ئىلاھ" دەپ قارىلىپ ئۇلۇغلانغان.

**ئىزاھات:**

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 464 ـ بەت.

② ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، 35 ـ بەت.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 51 ـ بەت.

⑤ ④ يۇقىرىقى كىتاب، 119 ـ بەت.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 464 ـ بەت.

⑦ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 33 ـ بەت.

⑨ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 79 - بەت.

⑩ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 166 - بەت .

⑪ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى»، 30 - بەت.

## IX باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى دەرەخ ئىلاھلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى دەرەخلەرگە چوقۇنۇش خېلى چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەنىۋى تەسىرىمۇ تا بۈگۈنگە قەدەر بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە خېلى چوڭقۇر ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

چېن لىنشۇ: "دەرەخلەرگە چوقۇنۇش ھايۋانلارغا چوقۇنۇشتىن بىر قەدەر كېيىن پەيدا بولغان، يەنى ئۇ كېيىنكى باشقا تەبىئەت ئوبيېكتلىرىغا چوقۇنۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان ھەمدە بەزى ئېتىقادنىڭ دائىرىسى ھايۋان ئېتىقادىغا ئوخشاش ئۇنچە كەڭ بولمىغان. شۇڭا ئىپتىدائىي دىندا ئۇنىڭ ئورنىمۇ ئانچە گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەنمەيدۇ"① دەپ قارىغان. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا دەرەخ ئېتىقادىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ خۇددى ھايۋان ئېتىقادىنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئوخشاشلا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى تەسىر دائىرىسىمۇ خېلى كەڭ بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ دەسلەپ تاغلار بىلەن ئورمانلار گىرەلىشىپ كەتكەن كەڭ دالىلاردا ياشىغان. يىغىش، ئوۋلاشنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن ياشىغان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە دەرەخلەرنىڭ ياۋا مېۋىلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق مەنبەسى بولغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئوۋلاش ئېڭى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئوۋلاش پائالىيىتىدە دەرەخ ۋە دەرەخ شاخلىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قوغدىنىش قورالى بولغان، يەنى "ھايۋانلار ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتە ئىنسانىيەتتىن بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن. بىزنىڭ شۇنداق پەرەز قىلىشقا ئاساسىمىز باركى، ئىنسانىيەت دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى

چاغلاردا، هايۋانلار سان ۋە كۆچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە تازا روناق تېپىپ گۈللەنگەن دەۋردە ئىدى. كلاسسىك دەۋر شائىرلىرى تەسۋىرلىگەن ئىنسانىيەت قەبىلىلىرى دەرەخزارلىقلار، ئۆڭكۈرلەر ۋە ئورمانلىقلار ئىچىدە ياشاشقان، ئۇلار ئاشۇ ماكانلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن كۆرەش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۆز تىرىكچىلىكىنى تەبىئىي مېۋىلەر بىلەن قامدىغان. ئىنسانىيەت يېڭىلا دۇنياغا كەلگەندە ئۇلاردا تەجرىبىمۇ، قورال ـ ياراغمۇ يوق، ئەتراپى پۈتۈنلەي يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن تولغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاش ئۈچۈن دەرەخلەرنىڭ ئۈستىنى ماكان تۇتقان بولۇشى، كەم دېگەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن"② . ۋاراۋارلىق دەۋردە ئەجدادلار ئاساسەن دەرەخلەرنىڭ ياۋا مېۋىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامدىغان، يەنى ئەڭ دەسلەپ دەرەخلەر ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى زۆرۈر شەرت بىلەن تەمىن ئەتكەن. نەتىجىدە دەرەخ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بېقىندۇرغۇچىسىغا ئايلانغان، يەنى ئۇلار ماددىي ئېھتىياج جەھەتتە دەرەخلەرگە بېقىنغان. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدا دەرەخلەر "قوغدىغۇچى"، "قوغدىغۇچى" دەپ قارىلىدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر شەكىللەنگەن. كېيىن بەزى دەرەخلەر ئەجدادلارنىڭ "ئەجداد" چۈشەنچىسىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان.

تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىدا دەرەخلەر ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ بارغان. يەنى ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكىنى سىرلىق چۈشەنچىلەرگە باغلاپ تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان. دەرەخلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى، ئۆسۈشى، نەچچە ئەسىر ھەتتا نەچچە ئون ئەسىر ياشىشى، كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇشى، دەرەخلەرنىڭ يەنە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇشى، بەزى دەرەخلەرنىڭ مېۋە بېرىشى، بەزى

دەرەخلەرنىڭ مېۋە بەرمەسلىكى، شۇنىڭدەك دەرەخلەرنىڭ پەسىللەردىكى ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇلار بۇ خىل قانۇنىيەتلىك تەبىئىي ھادىسىلەرنى تەبىئەتتىن تاشقىرى يەنە بىر خىل ھاياتلىق چۈشەنچىسىگە باغلاپ تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دەرەخلەردىمۇ روھ بولىدىكەن دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە پەيدا بولغان. نەتىجىدە دەرەخلەرگە ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇش ئېتىقادى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان، سىرلىقلاشقان. ئەڭ دەسلەپتە دەرەخلەرگە چوقۇنۇش دەرەخلەرنىڭ ماددىي ھالىتىگە چوقۇنۇش بولغان بولسا، ئانىمىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن دەۋردىكى دەرەخلەرگە چوقۇنۇش دەرەخلەر روھىغا چوقۇنۇشنى ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلغان.

ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا مۇئەييەن بىر دەرەختىن پەرزەنت تىلەيدىغان ئادەتلەر بار. ئۇلار يالغۇز قېرى دەرەخلەرنى، قەبرىستانلىقتىكى دەرەخلەرنى "روھ بار" دەپ قاراپ كەسمەيدۇ. چۈنكى مۇنداق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ تاشلىسا، كەسكۈچىنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالارمىش، ئەگەر مۇنداق دەرەخنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىسا، كەسكۈچى ئۆلۈپ كېتەرمىش. شۇڭا ھازىرمۇ مۇنداق دەرەخلەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلاھىي دەرەخ دەپ قارىلىپ قوغدالماقتا. مۇنداق سىرلىق دەرەخلەرنى قۇمۇل، تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ھېلىھەم ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بەزى ئۇيغۇر شامانلار بەزى دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى قىلغان، يەنى دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بەزى شامانلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر يالغۇز دەرەخنى ياكى مەلۇم بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقتىكى دەرەخنى ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى قىلىپ، ئۇنىڭ شېخىغا ئاق تۇغ قاداپ قويىدۇ ھەم قەرەللىك ھالدا ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ بۇي سېلىپ تۇرىدۇ.

يېزا ـ قىشلاق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ ”مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن بولغان مېۋىسىز دەرەخلەردە ياخشى روھلار بولىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش دائىرىسىدىن يىراقراق تۇرىدىغان يالغۇز دەرەخلەر (توغراق، تېرەك) نى كۆپىنچە يامان روھلار ئىگىلىۋالىدۇ. كىشىلەر مۇنداق دەرەخنىڭ يېنىدىن كېچىسى ئۆتۈپ قالسا ياكى مۇنداق دەرەخنىڭ ئەتراپىدا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىپ قالسا ۋە ياكى مۇنداق دەرەخلەرگە قارىتىپ تىللاپ، تۈكۈرۈپ قالسا، دەرەخنى ئىگىلىۋالغان يامان روھلار كىشىنى زەخمىلەندۈرۈپ، كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ“ دەيدىغان چۈشەنچىلەر بار. شامانلارنىڭ داۋالاش پېرىخونلىقىدىمۇ مۇشۇ خىل چۈشەنچىلەر ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى دەرەخلەرگە چوقۇنۇش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ھېلىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە.

1. سۆگەت دەرىخىنى ئۇلۇغلاش

سۆگەت دەرىخى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلاھىي دەرەخ. سۆگەت دەرىخى دەرەخلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن كۆكىرىدىغان، ئاسانلا ئۈنىدىغان دەرەخ. گەرچە سۆگەت دەرىخى مېۋىسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەجدادلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن. شۇ سەۋەبتىن ”سۆگەت دەرىخىدە ياخشى روھلار بولىدۇ“ دەپ قارالغان. ھازىرمۇ ئۇيغۇر شامانلار ”سۆگەت دەرىخىدە ياخشى روھلار بار“ دەپ قاراپ، يالغۇز سۆگەتكە ئاتاپ قەرەللىك بۇي سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىدىن باشقا شامان بىمار تېنىگە كىرىۋالغان يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدىكى پېرىخونلۇقتا قىرىق تال سۆگەت نوتىسىدىن تەييارلانغان كىچىك سۈپۈرگە بىلەن بىمارنىڭ بەدىنىگە ئۇرۇپ، سىيرىپ قەسىدە ئوقۇيدۇ. يېزىلاردا يەنە باھار كەلگەندە كىچىك قىزلار بوستان بولغان سۆگەتنىڭ نوتىسىدىن پوستىنى سويۇپ

ئـبلىپ يەتتـە تـال يـاكى توققـۇز تـال ئۆرۈمـە چـاچ ياسـاپ ”بوسـتان چاچ“ تىلەش مەنىسىدە بېشىغا ئېسىۋالىدۇ.

2. ئۈجمە دەرىخىنى ئۇلۇغلاش

ئۈجمـە دەرىخىمـۇ ئۇيغـۇرلارنىڭ شـامان دىنـى ئېتىقادىـدا مـۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلاھىي دەرەخ. بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈجمە دەرىخـى ھەممىـدىن بـۇرۇن مېـۋە بېرىـدۇ. يەنـە بىـر ئېتىقـاد چۈشەنچىسىدىن ئـېلىپ ئېيتقانـدا، ئۈجمـە دەرىخـى ياخشـى روھلارنىـڭ ماكـانى دەپ قارىلىـدۇ. بىـر قىسىـم ئۇيغـۇرلار ھېلىمـۇ ”ئۈجمـە دەرىخـى قىرىـق يىـل ئـۆمۈر كۆرىـدۇ، يـەنى ئـۇ روھلارنىـڭ تۇرالغۇسـى، ئۈجمـە دەرىخىنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئۇششاق قۇشلار روھلىرى ماكانلاشقان دەپ قارايـدۇ. ئەگـەر ئۈجمـە دەرىخـى ئىشـىكنى توسـۇۋالغان تەقدىردىمـۇ، ئىشىكنى باشقا تەرەپتىن ئاچسا ئاچىدۇكى، ھەرگىز ئۈجمە دەرىخىنى كېسىۋەتمەيدۇ ياكى يۆتكىۋەتمەيدۇ“③. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا كىشـىلەر ھويلىسـىغا ئۈجمـە دەرىخـى تىكىـپ ئۆسـتۈرىدىغان ئـادەتنى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلاپ قالغان. بۇ خىـل ئادەت ئۈجمـە دەرىخىنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان.

3. توغراق دەرىخىنى ئۇلۇغلاش

توغراق دەرىخى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە بىر قەدەر چوڭقـۇر تەسىرگـە ئىگـە دەرەخ. دولان دەرياسـى ۋادىسىـدا ياشـاۋاتقان ئۇيغـۇرلاردا يالغـۇز، چـوڭ تـوغراق دەرىخىنـى روھ يـاكى جىـن ـ دېۋىلـەر ماكانلىشىۋالغان دەپ قـاراپ، مۇنـداق توغراقـقا ئاتـاپ بـۇي سـالىدىغان ئـادەت ھازىرغىچـە سـاقلىنىپ كەلگـەن. ھەرقانـداق قۇرۇلـۇش بۇنـداق تـوغراق بىلـەن دۇقۇرۇشـۇپ قالسـا، ئـۇلار قۇرۇلـۇش پىلانىنى ئۆزگەرتسـە ئۆزگەرتىدۇكى، ھەرگىز توغراقنى كېسىۋەتمەيدۇ. يەنى ھېچكىم بۇنداق توغراقنـى كېسىۋېتىشـكە جۈرئـەت قىلالمايـدۇ. شـۇڭا، كىشـىلەر ئادەتتـە مۇنـداق ”ئىلاھـىي“ توغراقنـى قوغدايـدۇ، تـوغراق دەرىخىنىـڭ ئەتراپـىغا تـەرەت قىلمايـدۇ، بۇنـداق تـوغراق دەرىخىنىـڭ شـاخلىرىنى خالىغانچـە

سـۇندۇرمايدۇ. بۇنـداق تـوغراق دەرىخىگـە كـەم چېقىلسـا، ئـۇنى كېسىۋەتسە، شۇ ئادەمنىڭ پۇت ـ قولى تۇتماس، باسماس بولۇپ قالىدۇ ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ۋە ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىدىن باشقا قەبرىستانلىقتىكى توغراق دەرىخىمۇ خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يالغۇز "ئىلاھىي" توغراق دەرىخىگە ئوخشاشلا قوغدىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بەزى شامانلارنىڭ جىن ـ پەرىلىرى مەلۇم بىر تۈپ توغراق دەرىخىگە ماكانلاشقان دەپ قارىلىدۇ. يەنى بۇنداق توغراق دەرىخى شامانىنىڭ "قوغدىغۇچى ئىلاھى دەرىخى"نىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان. شۇڭا شامان مۇنداق توغراقنىڭ ئۈستىگە ئاق تۇغ قاداپ، قەرەللىك هالدا ئۇنىڭ تۈۋىگە "قان قىلىش" ئارقىلىق "قوغدىغۇچى ئىلاھى"غا نەزىر قىلىپ تۇرىدۇ.

4. تېرەك دەرىخىنى ئۇلۇغلاش

تېرەك دەرىخىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا مۇهىم ئورۇندا تۇرغان. تېرەك دەرىخى مېۋىسىز دەرەخ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلىلا يېقىن. شۇڭا كىشىلەر "تېرەك دەرىخىدىمۇ ياخشى روهلار بار" دەپ قارىغان. يەنە بەزى چۈشەنچىلەردە يالغۇز تېرەك دەرىخى جىن ـ ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر بۇنداق قاراشنىڭ ئوبيېكتى بولغان يالغۇز قېرى تېرەك دەرىخىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، هۆرمەتسىزلىك قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى قوغدايدۇ. بىمار شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇنداق تېرەكنىڭ تۈۋىگە بوي سالىدۇ. قەبرىستانلىق دائىرىسى ئىچىدىكى تېرەكلەرمۇ "روهلار بار تېرەك" دەپ قارىلىپ قوغدىلىدۇ.

ئادەتتە مېيىتنى قەبرىگە قويغاندىن كېيىن، كىشىلەر تېرەك شېخىغا بىر دانە تۇغنى چىگىپ قەبرە بېشىغا قادايدۇ. بۇ "ئەلەم" دەپ ئاتىلىدۇ. هەر يىللىق قۇربان هېيت كۈنى كىشىلەر تۇپراق بېشىغا

چىققانىدا، قەبرە بېشىدىكى ”ئەلەم“نى يېڭىلايدۇ، كونىلىرىمۇ ئۆز ئورنىدا قاداقلىق تۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما ”ئەلەم“ دەستىسى چوقۇم تېرەك شېخىدىن ياسىلىدۇ. باشقا دەرەخنىڭ شاخلىرى تۇغ دەستىسى قىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەر يەنىلا ”تېرەك دەرىخىدە روھ بار“ دەيدىغان چۈشەنچىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان.

5. چىلان، جىگدە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئانار قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش

چىلان، جىگدە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئانار قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى مۇھىم ئورنىنى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى چەكلىك ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مېۋىلىك دەرەخلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوزۇقلۇق مەنبەسى، شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى ھاياتلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان. ئەڭ تۆۋەن ياشاش شارائىتىدا ئۇلار پەقەت ياۋا مېۋىلەرنى يىغىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى ماددىي ئوزۇقلۇق شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا ”قوغدىغۇچى ئىلاھ“قا ئايلانغان. ئانىمىزم شارائىتىدا مېۋىلىك دەرەخلەر ياخشى روھ چۈشەنچىسىگە باغلانغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدا پەقەت ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە پايدىلىق بولغانلىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ”ياخشىلىق ئىلاھى“، ”ياخشى روھ“ چۈشەنچىلىرىگە ئىگە قىلىنغان. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ”يامانلىق ئىلاھى“، ”يامان

روھ“ چۈشەنچىلىرىگە ئىگە قىلىنغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا مېۋىلىك دەرەخلەر ياخشى روھلارنىڭ ماكانى دەپ قارالغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يالغۇز، قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرنى جىن-ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان دەرەخ دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئۇچرىمايدۇ.

شامانلارنىڭ داۋالاشنى — بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ”پېرە ئويۇنى“دىمۇ توغ چىگكەندە، شامانلار ئارغامچا (توغ)نىڭ ئۈستى تەرىپىگە يەتتە پۇتاقلىق چىلان شېخىنى ياكى شاپتۇل شېخىنى قىستۇرىدۇ. ئارغامچا (توغ)نىڭ ئاستىنقى ئۇچىنى ئۆرۈك ياكى شاپتۇل شېخىدىن ياسالغان قوزۇققا باغلايدۇ. ئۇندىن باشقا بىمارنى ”پاكلايدىغان“ ئوتنىمۇ جىگدە، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئوتۇنىغا ئوت يېقىش ئارقىلىق تەييارلايدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەردە پۇتۇنلەي مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەتمۇ دەل بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنى مېۋىلىك دەرەخلەردىكى ياخشى روھلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشتۇر. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنە تۇيۇقسىز مىجەزى بۇزۇلۇپ، بەل-پۇتى ئاغرىپ قالسا، ئانار، ئۆرۈك قېقى (گۇلە)، شاپتۇل قېقى، ئالما، ئامۇت، چىلان، جىگدە، ياڭاق قاتارلىقلارنى بىرەر موللىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئايەت ئوقۇتۇپ، ”دىمىدە“ قىلىپ يەيدىغان ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. گەرچە بۇ مېۋىلەرگە مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام دىنى ئايەتلىرى ئوقۇلسىمۇ، ئەمما يەنە بىر مەنىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئادەت مېۋىلەردە ياخشى روھلار بولۇپ، ئۇلار بەدەندىكى يامان روھلارنىڭ كېسەللىك تەسىرىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىنى مەنىۋى ئاساس قىلغان. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئانار يېگەندە، ئانارنىڭ پوستىنى خالىغان جايغا تاشلىۋەتمەي، تەكچىگە ياكى دەسسىلىپ كەتمەيدىغان جايغا قويۇپ قويىدۇ، بەزىدە ئانار پوستىنى كۆيدۈرۈپ روھلارغا بۇي سالىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش بولسا "مېۋىلىك دەرەخلەردە ياخشى روھلار بولىدۇ" دەيدىغان ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان هالدا شەكىللەنگەن.

**ئىزاهات:**

① چېن لىنشۇ تۈزگەن «دىنشۇناسلىق قائىدىلىرى»، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 196 - بەت.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - قىسىم، 37 - بەت.

③ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 98 - بەت.

# X باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى قۇش ئىلاھلىرى

قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا قۇش تۇرىدىكى ئىلاھلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇش شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەن دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شارائىتىدا قۇشلارنى ئوۋلاش باشقا ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن كۆپ قىيىن ئىدى. يەنى قۇشلارنىڭ ئىككى قانىتىغا تايىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلالىشى ئەينى دەۋردىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قۇشلارنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدا قۇشلاردا ئىنسان كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ”ئىلاھىي قۇدرەت بار“ دەيدىغان ئىلاھىي چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا قۇشلارغا ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى پەيدا بولغان. نەتىجىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ھەيران بولۇش بىلەن ئارزۇ قىلىش قارىشى قۇشلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى ۋە ئېتىقاد شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئانىمىزم شارائىتىدا ”ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئىلاھىي قۇشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ“ دەپ قارالغان. ”تۈركىي تىللار بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەردە قۇشقا چوقۇنىدىغان ئادەت خېلى كۆپ ئىدى. ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا Uchdy (ئۇچتى) دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ، ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ’چاچراپ كەتتى‘ دېگەن ئىبارە ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. تاكى X ئەسىردىن كېيىنمۇ، ئادەملەر ئۆلۈپ

كەتكەنلەرنى shungar boedy (شۇڭقار بولدى) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدى"①.

تارىخىي خاتىرىلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭمۇ قۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىلەنگەن، يەنى "جىنيۈەننىڭ 4 - يىلى (788 - يىلى) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇلار "ئۇيغۇر" مەنىسىدىكى "回纥" دېگەن خەتنى "回鹘" قىلىپ يازدى ھەمدە بۇنى ' لاچىندەك چاققان ئۇچىدىغان دېگەن مەنىدە' دەپ ئىزاھلىدى" دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈشلەردىمۇ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ قۇشلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ھەققىدىكى پاكىت ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئالتاي رايونىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئائىت غار رەسىملىرى تېپىلغان. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تاڭبالى تاس (تامغىلىق تاش) غارىغا سىزىلغان رەسىملەردە بىر خىل قىزغۇچ مىنېرال خام ماتېرىيال قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئۇستى قىسمىغا ئوخشاش مەركەزلىك ئىككى يۇملاق، يېنىغا بولۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىم سىزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە بېشىغا پەي قىستۇرۇۋالغان قالپاق كىيگەن، پىشانىسىدە نەچچە ئونلىغان قىسقا قورۇقلار بار ئادەم رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى، قاشلىرى، ئاغزى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ②. ئۇندىن باشقا "تىمەن دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمىي قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ...بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، قالپاقنىڭ يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان (بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرىغا ئىككىدىن تارتىپ بەش تال، توققۇز تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پېيى قىستۇرۇلغان)"③.

يۇقىرىقى تارىخىي ئۇچۇرلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلاردىن

قارىغانـدا قۇشـلارغا چوقۇنـۇش ئۇيغـۇرلارنىڭ شـامان دىنـى ئېتىقادىـدا ۋە ئىچىمـائىي ئىشلەپـچىقىرىش تۇرمۇشـىدا خىلـى چوڭقـۇر ئىـدىيىۋى تەسىرگـە ئىگـە بولغـان. بـەزى قۇشـلار ئىلاھـىي قـۇش سۈپىتىـدە ئۇلـۇغلانغان بولسـا، يەنـە بـەزى قۇشـلار تـوتېم (ئەجـداد) سۈپىتىـدە ئۇلۇغلانغان.

1. قاغىنى ئۇلۇغلاش

قاغـا ئۆلگـەن هايۋانلارنىـڭ تاپىنى (گۆشـىنى) يەيـدىغان گۆشـخور قۇش هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا هازىرغـا قـەدەر ساقلىنىپ قالغان شامان دىنـى چۈشـەنچىلىرى ۋە ئېتىقـاد ئادەتلىرىـدە قاغـا ھەققىـدىكى ئىـدىيىۋى چۈشـەنچىلەرنى ئـۇچراتقىلى بولمايـدۇ. يـەنى ئۇيغـۇرلارنىڭ شـامان دىنـى چۈشـەنچىلىرى بىلـەن قاغىنىـڭ قانـداق ئىـدىيىۋى باغلىنىشـقا ئىگـە ئىكـەنلىكى ھەققىـدە ئېنىـق ماتېرىيـال مەنبەسـى بولمىسىمۇ، ئەمما خەلقىمىز ئىچىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسـىم ئىـدىيىۋى چۈشـەنچىلەردىن قـاغىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىزنـالىرىنى ئـۇچراتقىلى بولـىدۇ. مەسـىلەن، هازىرمـۇ بىـر قىسـىم ئۇيغـۇرلار قاغىنى "خـەۋەرچى قـۇش" دەپ قارايدۇ. شۇڭا بىرەر ئۆينىـڭ يېنىـدىكى دەرەخلەرگـە قاغـا كـېلىپ قونـۇپ قاقىلدىسـا، كىشـىلەر "بىـرەر خـەۋەر ئـېلىپ كەلـدى" يـاكى "ئۆيگـە مېھمـان كېلىـدىغان ئوخشـايدۇ" دەپ بىلىپ، قاغىغا قاراپ:

خوش خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ ئاغزىڭغا ياغ،

شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ ئاغزىڭغا تاش.

دەپ تۇۋلايـدۇ. بۇنىڭـدىن قارىغانـدا، قاغـا هـەم خـوش خـەۋەر هـەم شـۇم خـەۋەر ئـېلىپ كېلـەرمىش. بىـر قىسـىم كىشـىلەر هازىرمـۇ "قـاغىنى ئـۆلتۈرۈش ياخشـى ئەمـەس" دەپ قارايـدۇ. ئۇنـدىن باشـقا ئۇيغـۇر خـەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ خىل قـاراش مەلـۇم دەرىجىـدە ئـۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «ئۇر توقماق» ناملىق چۆچەكتە قاغىنىڭ ئىلاھىي ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ چۆچەكتە بىر بوۋاي بىر قـاغىنى تۇتۇۋالغاندىن

كېيىن، قاغا زوۋانغا كىرىپ بوۋايدىن قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكى، بوۋاي قاغىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، قاغا بوۋاينىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئۆچ تۆرلۈك تەلىپىنى ئورۇنداپ، بوۋايغا "ئېچىل داستىخان"، "ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك"، "ئۇر توقماق" قاتارلىق خاسىيەتلىك، ئىلاھىي خىسلەتكە ئىگە نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. چۆچەكتە ئىپادىلەنگەن قاغا ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى "قاغا ئىلاھ"قا چوقۇنۇشىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى دەپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما چۆچەكتە ئىلاھىي قاغا ئوبرازى يارىتىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى بۇددىزم شارائىتىدا بۇددا نوملىرىدىكى قاغا ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەجدادلار ئارىسىغا تارقىلىپ بەلگىلىك ئىدىيىۋى تەسىر قوزغىغانلىقىدىنمۇ ئايرىم قاراشقا بولمايدۇ. يەنى بۇددا نوم رىۋايەتلىرى ئارىسىدا «قاغا بىلەن توز» دېگەن بىر رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا "بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بوجېلى ئېلى (波遮梨国) دېگى كىشىلەر ئەزەلدىن قۇش كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئەينى چاغدا شىمال تەرەپتە جىخۇەن (智幻) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەل بولۇپ، بۇ ئەلدىكىلەر بوجېلى ئېلىگە بىر قاغىنى ئېلىپ كەپتۇ. بوجېلى ئېلىدىكىلەر قاغىنى كۆرۈپلا قالتىس ياقتۇرۇپ قاپتۇ ھەم ئۇنى ئىلاھىي قۇش بىلىپ ئەتىۋارلاپ بېقىپ ئاشلىق، مېۋە-چېۋىلەرنى بېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇ خەۋەر يىراقلارغا تاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغىلارنىڭ ھەممىسى بوجېلى ئېلىدە قاغىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. يەر-جاھاندىكى ھەممە قاغىلار تەرەپ-تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ سان-ساناقسىز بولۇپ كېتىپتۇ. پۈتۈن ئەلدە يۇقىرى-تۆۋەن ھەممە ئادەم قاغىلارنى بەس-بەستە بېقىپ، قاغىلارغا قاتتىق ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ..."④ دەپ بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىمۇ قاغا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، رابغۇزىنىڭ

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە: ”بىر كۈنى ھەزرىتى ئادەم مەككىنى تاۋاپ قىلىشقا كەتتى. ھابىل جاڭگالدا قوي بېقىپ تۇرغان چاغدا، قابىل كېلىپ ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ ئۇنىڭ تېخىچە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنى يوشۇرۇپ قوياي دەپ ئويلىدى، لېكىن يوشۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاتام كېلىپ كۆرۈپ قالسا، مېنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئىزتىراپقا چۈشتى ـ دە، ھابىلنىڭ ئۆلۈكىنى بىر قاپقا سېلىپ ئۈچ كۈن كۆتۈرۈپ يۈردى. قۇشلار ئۇنى يەردە قويسا يېيىش ئۈچۈن قابىلنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. شۇ ئەسنادا شەيتان لەئىن بىر قاغا سۈرىتىدە بولۇپ، يەنە بىر قاغىنى ئۆلتۈرۈپ تۇمشۇقى بىلەن يەرگە كۆمدى. ئۇنى كۆرگەن قابىل ھابىلنى ھەم يەرگە كۆمدى. ئەمما، ھەزرىتى ئادەم كېتىش ۋاقتىدا ھابىلنى قابىلغا تاپشۇرۇپ، بىر تۇپ سۆگەتنى گۇۋاھچى قىلغانىكەن...“⑤ دەپ بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى قاغا ھەققىدىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلىرى كېيىن قوبۇل قىلىنغان بۇددا، ئىسلام دىنلىرىدىكى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان قاغا ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراش مۇمكىن.

2. كۆك كەپتەرنى ئۇلۇغلاش

كۆك كەپتەر ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆك كەپتەر ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان: ”بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى بوغدايىنى موما تۈۋىگە چەش قىلىپ قاپلارغا قاچىلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قاپلارغا قاچىلا ـ قاچىلا چەش بوغدايىنى قاچىلاپ تۈگىتەلمەپتۇ. ئۇ ئەجەبلىنىپ مومىنىڭ ئۈچىغا شۇنداق قارىسا، مومىنىڭ ئۈچىغا قونۇۋالغان بىر كۆك كەپتەرنىڭ ئاغزىدىن بوغداي تۆكۈلۈۋاتقانىمىش. ھېلىقى كىشى مومىنىڭ ئۈچىغا قارىغان بىلەن تەڭ ھېلىقى كۆك كەپتەرمۇ ئۇچۇپ

كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغدايمۇ چۈشۈشتىن توختاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار ئاشۇ كۆك كەپتەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۈنچىلەرنى يۇمشىتىشتىن باشلاپ تاكى خامان ئېلىشنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر بىر باغلام يۇمشىتىلمىغان ئۈنچىنى موما ئۈچىغا باغلاپ قويىدىغان بوپتۇ".

بۇ رىۋايەتتە كۆك كەپتەر ئاشلىق ئاتا قىلغۇچى "ئىلاھىي قۇش" دېگەن ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئىپادىلەنگەن. ھازىرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا مۇشۇنداق ئادەتنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر شامانلار روھ كۆچۈرۈش پىرىخونلىقىنى ئېلىپ بارغاندا، پۇت-قولى تۇيۇقسىز تېلىپ ئاغرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنى "داۋالاش"تا بىمارنىڭ ئاغرىغان پۇتىغا بىر دانە كۆك كەپتەرنى ئاق يىپ بىلەن باغلاپ، يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىش قەسىدىسى ئوقۇيدۇ. شامانلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق ئوقۇسا، بىمارنىڭ پۇت-قولىغا كىرىۋالغان يامان روھلار كۆك كەپتەرگە كۆچۈپ كېتەرمىش.

### 3. قارلىغاچنى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئانىمىزم چۈشەنچىسىدە قۇشلاردىمۇ روھ بار دەپ قارىلىدۇ؛ يەنە "ياخشى ئادەملەر ئۆلسە، روھى ئىلاھىي قۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ" دەپمۇ قارىلىدۇ. يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغا قەدەر قارلىغاچنى ئۇلۇغلىشىنى يۇقىرىقى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى قارلىغاچ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن قۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارلىغاچ ھەر يىلى باھاردا قايتىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆي-ھۇجرىلىرىغا ياكى ئايۋان-پېشايۋانلارغا ئۇۋا سالىدۇ. كىشىلەر قارلىغاچ ئۇۋىسىنى ھەرگىز بۇزۇۋەتمەيدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، قارلىغاچ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلار

قارلىغاچنى ”ياخشىلىق قۇشى“ ياكى ”ياخشى روھ“ دەپ قاراپ ئۇلۇغلىغان بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر ھازىرمۇ ”قارلىغاچ ئۇۋا سالمىغان ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ“ دەپ قارايدۇ. شۇڭا قارلىغاچنى ئەتىۋارلاپ قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، قارلىغاچنى تۇتقان ياكى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ پۇت-قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالارمىش.

يېزىلاردىكى ياشقا چوڭ كىشىلەر قارلىغاچنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى «پاشا بىلەن يىلان» دېگەن رىۋايەتكە باغلاپ، قارلىغاچ ئىنسانلارنى يىلاننىڭ بالايىئاپەتتىن قوغداپ قالغان دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، «تەۋرات» ئارقىلىق «ئىنجىل»غا، «ئىنجىل» ئارقىلىق ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلىغاچنى ئۇلۇغلىشى ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

4. سېغىزخاننى ئۇلۇغلاش

سېغىزخانمۇ ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلىغان قۇشلارنىڭ بىرى. ئادەتتە سېغىزخان كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىنتايىن سەزگۈر قۇش بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ”خوش خەۋەر يەتكۈزگۈچى“ دەپ قارىغان. ئەجدادلار سېغىزخاننىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ۋە ئۇنىڭ سەزگۈرلىكىگە ئاساسەن ”ياخشى روھ“ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان بولۇشى مۇمكىن. ”بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر، قازاق كىشىلىرى سېغىزخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا سايراۋاتقانلىقىنى كۆرسە، چوقۇم يىراقتىن مېھمان كېلىدىكەن ياكى يىراقتىكى مېھماننىڭ بېشارىتىنى بېرىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا چوقۇنمايدۇ، پەقەت مۇقەددەس قۇش ئورنىدا كۆرىدۇ“⑥.

ئىزاھات:

① ياكۇ شىپخمىن تۆزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 297 ـ بەتتىكى ستاتىغا قارالسۇن.

② ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 12 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 47 ـ بەت.

④ خەن تىڭجى: «نوم بىلىملىرى خەزىنىسى»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 454 ـ بەت.

⑤ رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 51 ـ بەت.

⑥ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 90 ـ بەت.

# XI باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئادەم بەدىنىگە چوقۇنۇش

شامان دىنىدا ئادەم تېنىگە چوقۇنۇش ئادەتتە ئادەم تېنىنىڭ مەلۇم قىسمىغا يەنى ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ــ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ۋە ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ھادىسىسى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ــ ئانا جىنسىنى ئاساسىي نەسەب بىرلىكى قىلىدىغان جەمئىيەتتە پەيدا بولغان. بۇ دەۋردە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىنى ــ كۆپىيىش مەنبەسىنى ئانىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا باغلاپ تەپەككۇر قىلغان. ”ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش بىلەن بىللە بارلىققا كەلگىنى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ــ ئايال جىنسقا چوقۇنۇش بولۇپ، ئايال جىنسقا چوقۇنۇش ماھىيەتتە ‹ئايال ئىلاھ› بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئېتىقاد. ئۇ ئايال ئىلاھقا چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى. ئۇلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئالدىنقىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىر پۈتۈن ئايال ئوبرازىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى بىۋاسىتە ھالدا ئايال جىنسىنىڭ ئۆز تېنىگە چوقۇنىدۇ ھەم سىمۋوللۇق نەرسىلەر بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ“①.

ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئايال جىنسقا چوقۇنغانلىقى ھەققىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى رايونىمىزدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇندىن باشقا قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىچىدىمۇ بۇ توردىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى خېلى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى 4900 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەندە، ”بەزى قەبرىلەردىن يەنە ياغاچ ۋە تاشتىن نەپىس ئىشلەنگەن ئايال ئوبرازىدىكى قورچاقلار تېپىلغان. بۇ قورچاقلارنىڭ كۆكسى ۋە كاسىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قورچاقلارنىڭ يۈزى تۈم سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، كۆكسىگە گەۋدىلىك ئىككى توپچا چىقىرىلغان...“② .

ئۇنىدىن باشقا يەنە ”لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان 3800 ـ 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان جەسەت يېنىغا تاش ۋە ياغاچتىن ئوبرازلىق قىلىپ ياسالغان قورچاقلار قويۇلغان. قۇمۇلدىكى يانبولاق قەدىمكى قەبرىلىرىدىمۇ ئايالغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان (ئۇياتلىق ئەزالىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ياسالغان) ياغاچ قورچاقلار (ئەرلەرنىڭمۇ بار) تېپىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماترىئارخارلىق تۈزۈمى باسقۇچىدىكى ئۇماي (ئايال)غا سېغىنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بەلگىلىرى ئىدى“③ .

ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇلاقتىن پەرزەنت تىلەيدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ”ئىلاھىي بۇلاق“نى ئىككى خىل مەنىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىرى، ئۇ سۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ بىر خىل شەكلى؛ يەنە بىرى، ئۇ ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋولى. ئۇيغۇرلار ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ”پاقا“ دەپمۇ ئاتايدۇ. يەنى پاقا ئايال جىنسىنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر شامانلار ئاياللارنىڭ تۇغماسلىق كېسىلىنى داۋالىغاندا، پاقىغا ئوقۇيدۇ.

ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ئېتىقادى پەيدا بولغان. شۇنداقلا بۇ خىل ئېتىقاد شەكلى ئەر ئەجدادقا چوقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋردە ئىپتىدائىي ئىنسانلار

ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىنى ئايال جىنس بىلەن ئەر جىنسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ــ ئىككى جىنسىنىڭ بىرلىكىگە باغلىغان. مانا بۇنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىرى ۋە مەنبەسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى قەبرىلەردىن يەنە ئەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرخىل قورچاقلار تېپىلغان. ھازىرمۇ خوتەن رايونىدىكى بەزى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئاخشىمى ئورمانلىقتا كىرىپ، مەلۇم بىر دەرەختىن پەرزەنت تىلەپ، ئۇنى قۇچاقلايدىغان ئادەتلەر ئۇچرايدۇ. ئاياللار پەرزەنت تىلەش مەنىسىدە ئاخشىمى قۇچاقلايدىغان ”ئىلاھىي دەرەخ“ ماھىيەتتە ئەر جىنسقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دەرەخنىڭ پۇتاقلىرى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. شامانلارمۇ بىرەر ئەرگە قەست قىلماقچى بولسا، دەرەخنىڭ شېخىدىن قوزۇق ياساپ، ئۇنىڭغا قەستنامە ئوقۇپ، ئۇنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى ئىشىك بوسۇغىسىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر قېقىپ كۆمۈۋېتىدۇ. بۇ قوزۇقمۇ ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

قەدىمكى جەسەتلەرگە ئەر- ئاياللىق جىنسىي ئەزاسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ياسالغان قورچاقلارنىڭ قوشۇپ دەپنە قىلىنىشى ئەجدادلار ئارىسىدا ئەر- ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش ئېتىقادى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئەر- ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە ياسىلىپ، مېيىتلار بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان قورچاقلار ئەر ياكى ئايالنىڭ ”ئىلاھىي ئەزالىرى“غا سىمۋول قىلىنغان. يەنە بىر جەھەتتىن، جەسەتلەرگە ئەر- ئاياللىق جىنسىي پەرقى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ياسالغان قورچاقلارنى قوشۇپ دەپنە قىلىش ئادىتى ئەجدادلارنىڭ ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن ئەجدادنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ خىل ئېتىقاد شەكلىنىڭ شامان دىنىنىڭ

ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئادەم تېنىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى تەركىبىدە يەنە ئانىلارنىڭ كۆكسىنى ئۇلۇغلاش مەزمۇنلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇنى چوقۇنۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئەمما، ئانىلارنىڭ كۆكسى ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوزۇقلۇق مەنبەسى دەپ قارىلىپ ئۇلۇغلانغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئانا سۈتىنى قەدىرلەيدۇ. ئۇنى پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. ئانىلارمۇ كۆكسىدىن بىر تېمىم سۈتىنىمۇ يەرگە زىيادە تېمىتىۋەتمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، سۈت يەرگە تېمىپ كەتسە، ئانىلارنىڭ كۆكسى ئاغرىپ قالارمىش. قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاياللارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان قورچاقلارنىڭ كۆكسى ۋە كۆكس توپچىسىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ياسىلىشىنىمۇ ئانا كۆكسىنى ئۇلۇغلاش مەنىسىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ "85.QZM" نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بوۋاقنىڭ جەستى تېخىمۇ ئالاھىدە ... بوۋاقنىڭ بېشىغا ئالاھىدە توقۇلغان ئىچى قىزغۇچ، تېشى كۆك، تىۋىتلىق يۇڭ بۆك كىيدۈرۈلگەن. ئىككى كۆزىگە ئىككى دانە تاش باستۇرۇپ قويۇلغان... بوۋاقنىڭ باش تەرىپىگە قوينىڭ يېلىنىدىن تىكىلگەن ئېمىزەك (ئىچىدە قېتىپ قالغان سۈت قالدۇقى بار) سېلىنغان..." ④ .بۇ قەبرىدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدىكى قوينىڭ يېلىنىدىن ياسالغان ئېمىزەك سۈت ئۇلۇغلىقى ۋە ئانىلار كۆكسىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ھەققىدىكى پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئىزاھات:

① لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 365 ـ بەت.

② ئادۇقەيىيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 47 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 80 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 55 ـ بە.

## XII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى
## توتېم ئېتىقادى

توتېم ئېتىقادى ئۇيغۇلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل ئېتىقاد كاتېگورىيىسى. شۇنداقلا ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئۆز مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئەڭ دەسلەپكى تەپەككۇر شەكلى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ يارالمىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ھايۋان، دەرەخ ۋە قۇشلارغا باغلىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەجدادلاردىكى بۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار پەقەت ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، تەبىئەتتىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھىيلاشتۇرۇپ چۈشەنگەن بولسا، توتېم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بىرقەدەر تۈزۈملەشكەن توتېم ئېتىقادى ۋە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قانداشلىق چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قالدۇق ئېتىقاد ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدا "توتېم" دەپ قارالغان ئوبيېكتلارنى توتېم ھايۋانلار، توتېم دەرەخلەر ۋە توتېم قۇشلار دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

## §1 توتېم هايۋانلار

بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەر، تارىخىي ئۇچۇرلار ۋە بەزى قالدۇق ئادەتلەردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هايۋانلاردىن بۆرە، قاپلان، شىر، ئېيىق، ئۆچكە قاتارلىقلارنى توتېم دەپ قارىغان.

1. بۆرە توتېمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى "توتېم" دەپ قارىغان بۆرە بەزى رىۋايەتتە چىشى بۆرە، يەنە بەزى رىۋايەتتە ئەركەك بۆرە دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ئىككى خىل فورماتسىيىنىڭ يەنى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «جۇنامە» دە خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتتە: "تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاشىنا ئىسىملىك ئۇرۇق ئىكەن. ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا ساق قاپتۇ. ئۇ بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن چوڭ بوپتۇ. كېيىن بۆرە بالىدىن هامىلىدار بوپتۇ. ئوغۇل بالا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۆرە ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمى بار بولۇپ، ئاشىنا شىر شۇلاردىن بىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، نەچچە يۈز ئائىلىلىككە يېتىپتۇ. نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تاغ غارلىرىدىن چىقىپ جۇرجانلارغا تەۋە بوپتۇ ۋە ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ماكانلىشىپتۇ"① دەپ بايان قىلىنغان. يەنە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: "تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىزنىڭ غەربىدە ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ، باشقىلىرى قەبىلە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپتۇ.

پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن ساق قېلىپ چوڭ بوپتۇ. بۆرە بۇ بالىدىن ھامىلىدار بوپتۇ. كېيىن ھېلىقى بالا ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئەۋلىيا ھېلىقى بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇتنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئۇ جايدا ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ بولۇپ كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇپ، ئاشىنا شىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن. ئاشىنا شىرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە ئۇلار تاغدىن ئايرىلىپ جۇرجانلارغا تەۋە بوپتۇ"② دەپ بايان قىلىنغان. ئۇندىن باشقا يەنە «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن «تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن رىۋايەتتىمۇ: "... ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدىكى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاباگبۇ (阿谤步) ئاكا-ئۇكا 17 ئادەم بولۇپ...ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن..."③ دەپ بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەتتە، 17 ئاكا-ئۇكىنىڭ بىرى بولغان نىشىدۇ (泥师都)نىڭ ئوغلى نادۇلۇش (纳都六设)نىڭ ئون خوتۇن ئالغانلىقى، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئانا جەمەت نامىنى فامىلە قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھەممىسىدە ئانا ئەجداد چۈشەنچىسى ئانا بۆرىنىڭ توتېم قىلىنغانلىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: "تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن، نۆكەرلەر فولى (ئۇيغۇرچە بۆرە) دەپ ئاتالغان. بۇ بۆرە دېگەنلىك. ئۇلار ئەسلى بۆرىدىن تۇغۇلغان دېگەن سۆزدۇر. شۇڭا بۇ ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىقنىڭ نىشانى قىلىنغان" دېيىلگەن④. "1957-يىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە دورۇمجاسولو مىلادى 570-يىلى تۈرك خاقانى مويۇنچۇرنىڭ ئورناتقان بىر ئابىدىسىنى تاپقان. مۇشۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بىر بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان"⑤.

ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئەركەك بۆرىنى "تۇتېم" قىلغانلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق رىۋايەتلەر ساقلانغان: مەسىلەن، «ئوغۇز نامە»دە: "... تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇزخاقاننىڭ (137) چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى (138) ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كۆك (139) تۈكلۈك، كۆك يايلىق چوڭ (140) بىر ئەركەك بۆرە چىقتى (141)... قارىسا، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا (148) كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق (149) چوڭ بىر ئەركەك بۆرە (150) يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن (151) ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن (152) ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى (153) ئەركەك بۆرى يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە توختىدى (156)..."⑥ دېگەن بايانلار بار.

«ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن... ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئايالى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. بۇ ئەلدىكى ئادەملەر ئۇ قىزلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن. ھۇن تەڭرىقۇتى: 'مۇشۇ قىزلىرىم قانداق كىشىلەرگە جورا بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ' دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەڭرىقۇت ھۇنلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپ، قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ: 'قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قارشى ئېلىشىنى ئۆتۈنىمەن' دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلارنى كۆرمەكچى بولغاندا تەڭرىقۇت: 'بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن' دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: 'دادام مېنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا تەڭرى بىلەن جورا بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنگە كەلگەندە

بۆره پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى پەرىشتىنىڭ ئۆزى' دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بولماقچى بوپتۇ. سىڭلىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: 'بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولىمەن دېيىش ئاتا-ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت!' دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بوپتۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ" ⑦.

يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر رىۋايەت «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: "قەدىمكى ھۇن ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىنىڭ بەك چىرايلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغاندەك ئىكەن. قىزلارنىڭ دادىسى بولغان ھۇن ھۆكۈمدارى مۇنداق قىپتۇ: قىزلىرىنى ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن مەملىكىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ناھايىتى ئېگىز بىر راۋاق ياسىتىپتۇ-دە، قىزلىرىنى بۇ راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھۆكۈمدارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ چاقىرىلغان تەڭرى ئاخىرىدا بىر كۆك بۆرىنىڭ شەكلىگە كىرىپتۇ. كۆك بۆره بۇ قىزلارغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. توققۇز ئوغۇز بىلەن ئون ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى كۆپىيىپتۇ" ⑧ دەپ بايان قىلىنغان.

ئوبۇلقاسىم باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدىمۇ مۇشۇ خىلدىكى بىر رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇب بولۇپ بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆره ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆره

كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئۇچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ"⑨. «ئىلاھىي دەرەخ ئانا» رىۋايىتىدە، كۆك بۆرە ئىلاھىي بۆرە سۈپىتىدە ئاسماندىن نۇر بولۇپ چۈشۈپ، بىر قىزنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالماقچى بولغان ئالۋاستىنى مەغلۇب قىلىپ، قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ⑩. بۇ رىۋايەتتىمۇ بۆرە يەنىلا "قوغدىغۇچى ئىلاھ" بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا پەيدا بولۇشى «ئوغۇزنامە» رىۋايىتىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشايدۇ. يەنى ھەر ئىككى رىۋايەتتە كۆك بۆرە ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، توتېمىزم شارائىتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆك بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ "ئەجدادى" دەپ قارىغان بولسا، سىنىپىي جەمئىيەت شارائىتىدا كۆك بۆرىنى "ئاسمان تەڭرىسىنىڭ ئەلچىسى"، كۆك تەڭرى زېمىنغا چۈشۈرگەن "قوغدىغۇچى ئىلاھ" دەپ قارىغان.

ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا بۆرىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنى "ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، بالا-قازادىن ساقلايدۇ" دەپ ياندا ساقلايدىغان، ھەتتا تۇمار ئورنىدا بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان، بۆرىنىڭ سۆڭىكىنى بوۋاقلارنىڭ ياستۇقلىرى ئاستىغا "قارا باسمايدۇ" دەپ قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەتلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

2. قاپلان توتېمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە قاپلان (ياكى ئارسلان)نى توتېم

قىلغان ئۇرۇق تەشكىللىنىش بولغانلىقىغا دائىر ئېنىق ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولالمىساقمۇ، ئەمما مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بەزى مەلۇماتلاردىن ئەجدادلار ئارىسىدا "توڤا" دېگەن بىر ھايۋاننى توتېم قىلغان ياكى ئۇرۇق نامى قىلغان بىر ئۇرۇقنىڭ بولغانلىقىغا ئائىت بەزى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز. دېمەك، ئۇيغۇرلار "توڤا" دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانغىمۇ چوقۇنغانىدى. بۇ ھايۋان قاپلاننىڭ بىر خىلى ئىدى. ئۇلار مۇنداق قاپلان پىلنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ دەپ قارايتتى. رىۋايەتتىكى تۈركلەرنىڭ بىر چوڭ خاقانى ئالپ ئەرتوڤا (قاپلانغا ئوخشاش كۈچتۈڭگۈر ئادەم) دەپ تەرىپلەنگەنىدى [11]. قەدىمكى رىۋايەتلەردە باتۇر شەخسلەرنى شۇ شەخس ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇرۇقنىڭ توتېمى بىلەن سۈپەتلەيدىغان بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»دە: "ئوغۇزخاقاننىڭ بېلى بۆرىنىڭكىدەك ئىدى" دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە "توڤا" دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىنىڭ بارلىقى مەلۇم. ياڭ شېڭمىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: "ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى توڤا قەبىلىسى ئۆز نامىنى مۇشۇ ھايۋان نامى بىلەن ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا توڤرا قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاپلاننى توتېم قىلغانلىقىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس"[12] دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا قاپلان تۈرىدىكى ھايۋانلارنى توتېم قىلغان ئۇرۇق تەشكىلى بولغان دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى "ئارسلان تېكىن"، "ئارسلانخان" دەپ ئاتىغان خاقانلارمۇ بولغان. بۇ خىل ناملار خاقانلارنىڭ ئۇرۇق ئەجدادى چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاپلان تۈرىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان

قالـــدۇق ئادەتلـــەرنىڭ ئىزلـــىرى ئاساســـەن يوقالغـــان. بـــۇ ئـــەھۋال ئۇيغـــۇرلارنىڭ يـــايلاق تۇرمۇشـــىدىن يىـــزا ئىگـــىلىك ئىشلەپـــچىقىرىش ئىقتىسادىغا خىلى بۇرۇنلا كۆچكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

3. شىر توتېمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا شىرنى ئۆزلىرىنىڭ ”ئەجدادى“ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقـۇنغان ئـۆرۈق تەشـكىلىنىڭ بولغـانلىقى رىۋايـەتتىن مەلـۇم. «باساتنىڭ يەكچەشـمىنى يوقاتقانلىقى» ھەققىـدىكى رىۋايەتتـە بۇ خىل توتېم چۈشەنچىسى روشەن ئىپادىلىنىدۇ: ”ئوغـۇزلار دۈشـمەنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئادەملىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ، ماكـانىنى تاشـلاپ تـەرەپ ـ تەرەپـكە قـېچىپ كەتكـەن چاغـدا، ئارۇزنىـڭ ئوغلـى چۆللۈكتـە يوقـاپ كېتىپـتۇ. دۈشـمەن قەبىلىسـى قـوغلاپ چىقىـرىلىپ، ئوغـۇز قەبىلىسـى ئـۆز ماكانىغـا قـايتىپ كەلگـەندە، يـىتىپ كەتكـەن ھېلىقى بالىنى بىر ئانا شىر بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. كىشىلەر ئۇنى تېپىپ قەبىلىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىبتىنى قورقۇتتىن باساتقا يۆتكەپـتۇ...“ ⑬، كېيىن باسات چـوڭ بولـۇپ، قەبىلىسىگـە ئاپـەت ياغـدۇرغان يەكچەشـمىنى يـوقىتىپ، خـەلقنى خاتىرجـەم قىپـتۇ. بـۇ رىۋايەتتـە شـۇ نەرسـە ئېنىقكى، ئانـا شـىر بېقىپ چـوڭ قىلغـان باسـات ئـاخىرقى ھېسـابتا تەڭداشسـىز كـۈچ ـ قۇدرەتكـە ئىگـە قـەھرىمانغا ئايلىنىپ، پۈتۈن خەلقنى قوغدىغان. ئانا شىرنىڭ باققانلىقى باساتنىڭ تەڭداشسىز باتۇرغا ئايلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل — ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنىڭ (ئەجدادىنىڭ) ئانا شىر بولغانلىقىدا. بۇنى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ شىر توتېمىغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ روشەن ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ھازىر قۇمۇل، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شىرغا چوقۇنـۇش ئېتىقـادىنى ئىپـادىلەيدىغان شـىر ئۇسسـۇلى سـاقلىنىپ قالغان.

4. ئېيىق توتېمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا يەنە ئېيىقنى توتېم قىلغان ئۇرۇق تەشكىللىمۇ بولغان. مەسىلەن، «باتۇر ئەلى قۇربان» دېگەن رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە: بىر موماينىڭ مەلىكە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى موماي قىزىنى ئېلىپ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپتۇ. ئۇلار كېمىچىنىڭ ياردىمى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ، بۆك-باراقسان ئورمانلىققا بېرىپتۇ. بۇ يەر قويۇق ئۆسكەن ئېگىز ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ئىككىيلەن تاغ ئېغىزىغا كىرىپ، ئوتۇننى كېسىپ، بىر باغلامدىن مۇرىسىگە ئارتىپ قايتىپ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندا، مەلىكە ھاجەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئانىسىنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئارقىدا قاپتۇ. ئانىسى بىر تاغ قاپتىلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قىزىنى كۈتۈپتۇ. بىراق قىزى كۆرۈنمەپتۇ. ئانىسى ئارقىسىغا قايتىپ بېرىپمۇ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ ئۇزۇن ساقلاشقا جۈرئەت قىلالماي، كېمىگە چىقىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. موماي يالغۇزسىراپ ئۇدا بىر كېچە يىغلاپتۇ. ئەسلىدە، مەلىكە ھاجەت قىلىپ بولۇپ، ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئاق ئېيىق ئۇنىڭ ماڭار يولىنى توسۇۋاپتۇ ۋە ئېتىلىپ كېلىپ قىزنىڭ بويىنىدىن چىشلەپ، ئۇنى مۇرىسىگە ئېلىپ تاغ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئېيىق بىر نەچچە تاغدىن ھالقىپ، بىر نەچچە دەريادىن كېسىپ ئۆتۈپ، مەلىكىنى چوڭقۇر تاغ ئۆڭكۈرىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى بىر تاش ئۈستىگە قويۇپتۇ-دە، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئېتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا بېرىپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى ئاچماقچى بوپتۇيۇ، ئەمما تاشنى مىدىرلىتالماپتۇ. يوچۇقتىن سىرتقا قارىسا كۆزىگە پەقەت تىك قىيالا كۆرۈنىپتۇ، ئاستى تەرەپنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇ ئانىسىنى سېغىنىپ، پۇرسەت تېپىپ بۇ يەردىن قېچىپ كەتكمەكچى بوپتۇ. كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ تاشقا يۆلۈنۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇ يېنىدىكى

تىۋىشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، يېنىدا ئاق ئېيىق تۇرغۇدەك. ئېيىق قولىدىكى ياۋا مېۋىلەرنى قىزنىڭ ئاغزىغا تەڭلەپتۇ. شۇندىن تارتىپ مەلىكە تاغ ئۆڭكۈرىدە ياۋايى ھايۋانلاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ھەر كۈنى ئاق ئېيىق سىرتقا چىقىپ ئۆچكە، بۇغا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ كېلىپ قىزنى بېقىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ قىز بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قامەتلىك بولۇپ، ئانىسىغىلا ئوخشايدىكەن. پەقەت بەدىنىدىلا ئازراق سېرىق تۈكى بار ئىكەن. ئانىسى ئۇنىڭغا "ئەلى قۇربان" دەپ ئات قويۇپتۇ. ئەلى قۇربان چوڭ بولۇپ، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئانىسىدىن ھەممە ئەھۋالنى سوراپ بىلىپ، پۇرسەت تېپىپ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئانىسىنى ئەل ئىچىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئەلى قۇربان كېيىن ئەل ئىچىدە نۇرغۇن باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىپ، شۇ ئەلدە خاقان بوپتۇ ھەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ رىۋايەت خېلى كەڭ تارقالغان. ئەجدادلار بۇ رىۋايەتتىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاق ئېيىقنى توتېم قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. يەنى بۇ رىۋايەتتە ئەلى قۇربان باش بولغان بۇ ئەل ئاق ئېيىقنى "ئەجداد" قىلغان دېگەن ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئالغا سۈرۈلگەن. ئۇندىن باشقا «ئوغۇزنامە» رىۋايىتىدىمۇ ئوغۇزخاقاننىڭ "...كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى" دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېيىق توتېمى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ئېتىقاد ئادەتلىرى ئاساسەن يوقالغان.

### 5. ئۆچكە توتېم

تارىخي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئۆچكە (ياكى قوي)نى ""ئەجداد"" دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئۇرۇق تەشكىلى بولغان. رەشىدى يازغان «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى

ئىچىدە ئۆچكىنى تۇتىپ قىلغان ئۇرۇقلار بولغان. يەنى، ”ئۇلارنىڭ رىۋايەتتىكى ئەجدادلىرى ئىچىدە تىخى ئوغۇز خاقان مەزگىلىدىكى ئۆچكىنى تۇتىپ قىلغان تۆت ئۇرۇق بولغانىدى“⑭. ئۇندىن باشقا «ئوغۇزنامە رىۋايىتىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھات» دېگەن ماقالىدىمۇ ”مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىن سورۇنلىرىدا، ئۇلار ئاق ئۆچكە ۋە قارا ئۆچكىلەرنى ئېگىز ياغاچقا ئېسىپ قوياتتى“⑮ دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ تارىخىي ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە بەزى ئۇرۇقلارنىڭ ”ئاق ئۆچكە ئۇرۇقى“ ۋە ”قارا ئۆچكە ئۇرۇقى“ دەپ ئاتالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە ”ئاق قوي ئۇرۇقى“ ۋە ”قارا قوي ئۇرۇقى“ دەپ ئاتالغان ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» رىۋايىتىدە: ”...قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى (361) ئۇنىڭ تۇۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول (363) تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى (364)... تۇۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى (366)...“⑯ دېگەن بايانلار بار. بۇنداق ئالاھىدە ھەيۋەتلىك سورۇن ئوغۇز خاقان ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بارلىق ئۇرۇق، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كاتتا قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان. كاتتا يىغىلىشلاردا ئېگىز ياغاچلارنىڭ تۇۋىگە باغلانغان ئاق ۋە قارا قويلارنى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى مۇئەييەن ئۇرۇقلارنىڭ ”ئەجداد“ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەمما، كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيۋى چۈشەنچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئۆچكە ۋە قوينىڭ ”تۇتېم“ ئورنى ئۆزگىرىپ، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىدە

قۇربانلىق ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ ئەجدادلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى بىلىشىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلارنىڭ يىرتقۇچ، ۋەھشىي ھايۋانلارنى توتېم ئوبيېكتى قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھايۋانلاردەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## §2 توتېم دەرەخلەر

رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە دەرەخنى ”ئەجداد“ (توتېم) قىلىپ چوقۇنغان ئۇرۇقلار بولغان. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق بايان قىلىنغان: ”ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى (70) ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ (71) دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا (72) بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى (73) ئۇ ئىنتايىن ساھىپجامال ئىدى. ئۇنىڭ (74) كۆزلىرى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك (75)... ئىدى“ (17).

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: ”... ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، توخۇسى دەرياسى؛ يەنە بىرى، شولىڭگې دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەنگە ئوخشاش قورساق سېلىپ قاپتۇ. بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي، ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۆكۈ خاقان ئىكەن. قەددى ـ قامەتلىك ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئايىنتىپتۇ ۋە يۇرتىنى گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئاقساقال بوپتۇ“⑱.

«بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابتىمۇ بۆكۈ خاقان ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: ”ئۇيغۇر ئېلىدە خولىن (قارا قورۇم) ناملىق بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغدىن توغلا ۋە سېلىنگا ناملىق ئىككى دەريا ھاسىل بولغانىكەن. بىر كېچىسى بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىر زەڭگەر نۇر چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىسىدا ياشىغۇچى خەلق ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ. مۇقەددەس نۇر دەرەخنىڭ گەۋدىسىدە ئايلارچە تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپتۇ. مۆڭلۈق مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىپ، كېچىلىرى ئوتتۇز قەدەم ئەتراپىتىكى يەرگە نۇر چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ياغاچنىڭ گەۋدىسى يېرىلىپ، ئىچىدىن بەش بوۋاق چىقىپتۇ. بۇلار نۇردىن تۇغۇلغان مۇقەددەس باللار ئىكەن. ھەممە كىشى بۇ باللارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپتۇ. بۇ باللارنىڭ ئىسىملىرى چوڭ-كىچىكلىك تەرتىپى بىلەن سوڭگۇر تېكىن، قوتۇر تېكىن، تۇكەك تېكىن، ئور تېكىن ۋە بۆكۈ تېكىن دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ باللارنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار، بۇلارنىڭ بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈتېكىن گۈزەللىكتە، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممەيلەن بىردەك قاغانلىققا سايلاپتۇ. داغدۇغىلىق مۇراسىم قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ“⑲.

دوسساننىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بايان قىلىنغان: ”قارا قورۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قويۇلىدىغان جايىدا ‘قوملانچۇ’ دېگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر-بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىرىنىڭ نامى فىستوقا ئىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغاي

ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۈشتۈمتۈتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئىگىزلەشكە باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن، ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىھتىرام بىلدۈرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچە ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. شام بارغانسېرى چاقناپ، ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ... دۆڭدىن ئۈشتۈمتۈت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگۇ بار ئىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، بوۋاقلارغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەنىكەن. بۇ بەش بوۋاق ئوغۇل ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان ھامان ھەرىكەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىشىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاق بالىلارنى ئېمىتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى سورۇشتۇرىدىكەن، كىشىلەر ئىككى دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. بەش ئوغۇل دەرەخقە چوقۇنۇشۇپتۇ. دەرەخ ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسۈشى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۇ ياشىشىنى قۇتلىغانىكەن. شۇ يەردىكى كىشىلەر شۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇپتۇ. بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى قوتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بۇقا تېكىن، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئۇر تېكىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بۆكۈ تېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى خاقان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن ھەم چىرايلىق ھەم ئەقىللىق، ھەم تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى

بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوْكوْ تېكىننى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانىكەن. مانا شۇ بوْكوْ تېكىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان، ئاھالىسى كۆپەيگەن…“ (20).

ئۇندىن باشقا «ئىلاھىي دەرەخ ئانا» دېگەن رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە: كۆككە تاقاشقان بىر مۇز تاغنىڭ باغرىدا بىر بوۋاي قىزى بىلەن يالغۇز ياشايدىكەن. مۇز تاغنىڭ قاپىبىلىدىكى ئۆڭكۈردە بىر ئالۋاستى ياشايدىكەن. بىر كۈنى ھىيلىقى ئالۋاستى كېلىپ بوۋاينىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە مەجبۇرلايدىكەن. بوۋاي ئۇنىمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى بوۋاينى يەپ كېتىدىكەن. قىز بولسا قېچىپ بىر قېرى دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىدىكەن. قېرى دەرەخ غولىنى قوش قانىتىدەك ئېچىپ، قىزنى قوينىغا ئېلىپ ئالۋاستىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىكەن… (21).

ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو شىنجاڭدىن ئۆتكەندە بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان دەرەختىن ئىنسان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن. يەنى ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە: ”ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلغانىكەن… (ئۇ) ‘esca’ دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغانىكەن“ دەپ يازغان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قارىغاي ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ”ئەجداد“ ئوبيېكتى قىلغان. بۇ ئەھۋال ئەجدادلارنىڭ قارلىق تاغلار ئارىسىدىكى ھەيۋەتلىك قارىغايزارلىقلاردىكى، سۈيى ۋە ئوتى مول چەكسىز يايلاقلاردىكى ئېپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىدا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قارىغايلارغا باغلاپ

چۈشەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنى رىۋايەتلەردە مەركەزلىك تىلغا ئېلىنغان دەرەخ تۇتېملار ئەجدادلارنىڭ كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى.

بەزى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ تۇتېم دەرەخكە چوقۇنۇش تارىخىنى بىر قەدەر ئۇزۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى "85.QZM" نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بوۋاقنىڭ جەسىتى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ... بوۋاقنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئىچى ئويۇۋېتىلگەن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان تەڭنە شەكىللىكى ئۇلاق يېپىلغان"㉒. ھازىرمۇ دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بوۋاق ئۆلۈپ كەتسە، توغراق دەرىخىنىڭ غولىدىن نور ياساپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇزۇن بويىنى بويلىتىپ يېرىپ، ئىچىگە بوۋاقنىڭ جەسىتىنى سېلىپ، نورنىڭ يەنە بىر بۆلىكىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ ھىملاپ، ئاندىن دەپنە قىلىدىغان ئادەت بار. بۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتىنى ئەجدادلارنىڭ تۇتېم دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §3 تۇتېم قۇشلار

ئەجدادلارنىڭ قۇشلارنى "ئەجداد" ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادىنىڭ مەنبەسىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلارغا باغلاپ چۈشەنگەنلىكى بولسا، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇشلارنى "تۇتېم" ئوبيېكتى قىلىش ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا خۇددى قۇشلاردەك كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، كۆنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەينى دەۋردە بۇ خىل ئارزۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدا خېلىلا كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

خۇددى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە قۇشلارنى بولۇپمۇ بۈركۈت ئائىلىسىدىكى قۇشلارنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلارنىڭ نىسبەتەن كۆپ بولۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

1. بۈركۈت ئائىلىسىدىكى توتېم قۇشلار

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە بۈركۈت ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئوۋچى قۇشلارنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلار بىر قەدەر كۆپ بولغان. مەسىلەن، رەشىدىنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە: "ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە، ئەڭ باشتا ئۇيغۇر قەبىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن 24 ئۇرۇقتىكى 20 ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى ھەر خىل بۈركۈتلەرنى ئۆزىگە توتېم قىلدى دېگەن گەپلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئۇرۇقنىڭ توتېمى ئاق بۈركۈت؛ تۆت ئۇرۇقنىڭ شۇڭقار؛ تۆت ئۇرۇقنىڭ لاچىن؛ يەنە تۆت ئۇرۇقنىڭ قارچىغا ئىدى"㉓ دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان قىياتاش رەسىملىرىدە، قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىمۇ بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىق قۇشلارنى ئۇلۇغلىغانلىقىغا دائىر پاكىت ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئالتاي رايونىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئائىت غار رەسىملىرى تېپىلغان. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تاڭبالى تاس (تامغىلىق تاش) غارىغا سىزىلغان رەسىملەردە بىر خىل قىزغۇچ مىنېرال خام ماتېرىيال قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئوخشاش مەركەزلىك ئىككى يۇمىلاق، يېنىغا بولۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىم سىزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە بېشىغا پەي قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگەن، پېشانىسىدە نەچچە ئۇنلىغان قىسقا قورۇقلار بار ئادەم رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى، قاشلىرى، ئاغزى

ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ(24). ئۇندىن باشقا "تىمەن دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمىي قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ... بېشىغا ئۈچلۈك كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، قالپاقنىڭ يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان (بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرىغا ئىككىدىن تارتىپ بەش تال، توققۇز تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پېيى قىستۇرۇلغان"(25). توتېم چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلار بېشىغا قىستۇرۇۋالىدىغان قۇش پېيىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ توتېم بەلگىسى قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇر شامانلار روھ كۆچۈرۈش، پېرە ئويىنىتىش قاتارلىق پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بۈركۈت ياكى قارچىغىنىڭ پېيى بىلەن بىمارنىڭ ئاغرىغان جايلىرىنى سىيىرىپ داۋالايدۇ. بۇنىڭدا شامانلار "بۈركۈت، قارچىغىنىڭ پەيلىرى بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ" دەپ قارايدۇ.

دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئەر شامانلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇۋ ئۇۋلاشقا سالىدىغان بۈركۈت ياكى قارچىغىسى بولىدۇ. ئۇلار پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئۇۋچىلىقمۇ قىلىدۇ. بەزى شامانلارنىڭ بۈركۈت ياكى قارچىغا بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىشى، بىرى، ئەڭ دەسلەپكى شامانىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇۋچىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ بۈركۈت ياكى قارچىغىنى ئۆزلىرىنىڭ "قوغدىغۇچى ئەجدادى" دەپ قارىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقەتەن بەزى شامانلارنىڭ بۈركۈت ياكى قارچىغىنى ئۆزىنىڭ "قوغدىغۇچى ئىلاھى" قىلغانلىقى مەلۇم.

ئادەتتە ئۇيغۇر شامانلار ئۆزلىرىنىڭ بۈركۈتكە ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. شامانلار پېرىخونلۇق قىلغاندىمۇ كۆپ ھاللاردا بۈركۈت سىياقىدا ياسىنىدۇ(26).

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەجدادى ئىچىدە كۆپ ئۇرۇقلارنىڭ بۈركۈت

ئائىلىسىدىكى قۇشلارنى ئۆزلىرىنىڭ "ئەجداد قۇشى" دەپ قاراپ چوقۇنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ قوغدىنىش ۋە ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بەزى شامانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۆركۈتكە ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەسلىكى ئەمەلىيەتتە "بۆركۈت ئەجداد" چۈشەنچىسى ئاساسىدا پەيدا بولغان خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت.

2. ئاق قۇ توتېم

ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئاق قۇنى "توتېم" قىلغانلىقى ھەققىدىكى پاكىت ماتېرىياللار ناھايىتى كەم. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى ئاق قۇ توتېم ھەققىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئاق قۇنى "توتېم" قىلغان ئۇرۇقنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، «نېشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن رىۋايەتتە: "... نېشىدۇ (泥师都)نىڭ ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ، تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بىر ئوغلى ئاق قۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ..."㉗ دەپ بايان قىلىنىدۇ.

3. توخۇ توتېم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا توخۇنى "توتېم" قىلغان ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار كەم. ئەمما «ئوغۇزنامە»دىكى بەزى بايانلارنى توتېم ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئەجدادلار ئارىسىدا توخۇنى "توتېم" قىلغان ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»دە: "...قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ... سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى..."㉘ دېگەن بايانلار بار. توتېم نەزەرىيىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك "توتېم" قىلىنغان ئوبيېكتلار

شۇ ئۇرۇقنىڭ "بەلگىسى" ھەم "نامى". ئۇرۇقلار ياكى قەبىلىلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىلىشلاردا ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توتېم ئوبيېكتلىرىنى ئېگىز جايلارغا ئېسىپ قويىدىغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم. بۇ مەنىدىن قارىغاندا ئوغۇزخاقان پۈتۈن ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرۈشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۇرۇق، قەبىلە باشلىقلىرىنى يىغىپ چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزگەندە، قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن ياغاچلارغا ئاستۇرغان ئالتۇن توخۇ بىلەن كۈمۈش توخۇ قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ توتېم بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئەجدادلار ئىچىدە ئالتۇن توخۇ ئۇرۇقى ۋە كۈمۈش توخۇ ئۇرۇقى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى "توتېم" قىلىپ چوقۇنغان ياۋايى ھايۋانلار ئىنتايىن ۋەھشىي، كۈچلۈك ھايۋانلار بولۇپ، رىۋايەتلەردە بۆرە، قاپلان، شىر، ئېيىقلاردىن تۇغۇلغان ياكى شۇ ھايۋانلار باققان بالىلار چوڭ بولغاندا تەڭداشسىز باتۇرلارغا ئايلىنىپ، يىرتقۇچ ۋەھشىي كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆز خەلقىنى گۈللەندۈرگەنلىكى، ئۆز خەلقىگە باش بولۇپ، ئۆز خەلقىنى قوغدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ؛ توتېم دەرەخلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە دەرەخلەردىن ئادەم تۇغۇلغانلىقى ياكى دەرەخلەرنىڭ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ؛ توتېم قۇشلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئادەمنىڭ قۇشلارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتلەردىكى بايانلار بىر جەھەتتىن ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئەجدادلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىزاھات:

① ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل نەشرى، 192-بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 36-بەت.

③ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى»، 1997-يىل خەنزۇچە نەشرى، 11-بەت.

⑤ ④ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 462-بەت.

⑥ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 48 — 49-بەتلەر.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، 83-بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 58-بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 38-بەت.

⑩ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى»، 41 — 42-بەتلەر.

⑪ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 358-بەت.

⑫ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 297-بەت.

⑬ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى»، 23-بەت.

⑭ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 298-بەتتىكى ستاتىغا قارالسۇن.

⑮ «ئوغۇزنامە رىۋايىتىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھات»، «شىنجاڭ

داشۆ ئىلمىي ژورنىلى»، 1978 ـ يىل 1 ـ سان.

⑯ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 61 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 44 ـــ 45 ـ بەتلەر.

⑱ «ئوغۇزنامــە»نىــڭ مۇقەددىمىســىدە كەلتۈرۈلگــەن ســتاتقا قارالسۇن، 12 ـ بەت.

⑲ ئابــدۇكېرىم راخمــان تۈزگــەن «يىپــەك يۇرتــىدىكى ئەپســانە ـ رىۋايەتلەر»، 100 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 110 ـ بەت.

㉑ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، 41 ـ بەت.

㉒ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 55 ـ بەت.

㉓ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 296 ـــ297 ـ بەتلەردىكى ستاتقا قارالسۇن.

㉔ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 12 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 47 ـ بەت.

㉖ دىلمــۇرات ئۆمــەر: «ئالتــاي تىــل سىســتېمىســىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 87 ـ بەت.

㉗ مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى»، 11 ـ بەت.

㉘ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 61 ـ بەت.

# XIII باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى روھلار سىستېمىسى

## §1 روھلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە روھلار — ئىلاھلار دۇنياسى، روھلار دۇنياسى ۋە جىن-ئالۋاستىلار دۇنياسى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن؛ خاراكتېرى جەھەتتىن، ياخشى روھلار ۋە يامان روھلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن.

1. ئىلاھلار ئۈستۈنكى دۇنيادا — ئەرشتە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاساسىي ھۆكۈمران ئىلاھ (كۆك تەڭرى) بولۇپ، باشقا ئىلاھلار كۆك تەڭرىنىڭ ھۇزۇرىدا ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ؛ يەنى، چاقماق تەڭرىسى چاقماق چاقتۇرىدۇ، بۇلۇت تەڭرىسى بۇلۇت پەيدا قىلىدۇ ياكى بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىدۇ؛ يەل (شامال) تەڭرىسى شامال چىقىرىدۇ، گۈلدۈرماما تەڭرىسى ئاسماندا ۋەھىمىلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىرىدۇ، يامغۇر تەڭرىسى يامغۇر ياغدۇرىدۇ، قار تەڭرىسى قار ياغدۇرىدۇ، قىش تەڭرىسى بىلەن ياز تەڭرىسى زېمىنغا پەسىللەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، تاغ تەڭرىسى تاغلارنى باشقۇرىدۇ، سۇ تەڭرىسى سۇنى باشقۇرىدۇ، يەر تەڭرىسى يەرنى باشقۇرىدۇ، زېمىننىڭ تۆت تەرىپىدە تەرەپ تەڭرىلىرى بولۇپ، تۆت تەرەپنى باشقۇرىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئوت تەڭرىسى، ئورمان تەڭرىسى، ھايۋانلار تەڭرىلىرى، قۇشلار تەڭرىلىرى قاتارلىق تەڭرىلەرنىڭ ئايرىم ۋەزىپىلىرى بولىدۇ. يۇقىرىقى تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشى ھاياتلىق شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ، ئىنسانلارنى قوغدايدۇ دەپ قارالغان.

كۆك تەڭرى ھەممىدىن يۈكسەك، غايەت زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە تەڭرى بولۇپ، ئۇمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشايدۇ. چىرايىمۇ ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بالا تەڭرىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىلاھىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. بارلىق تەڭرىلەر كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش بېجىرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىلاھلار دۇنياسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى تۆۋەندىكى ئەپسانىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: " 'ئۆلگېن'نىڭ سارىيىدا ئالتۇندىن تەخت بار ئىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئىنسانغا ئوخشايدىكەن. شامان دۇئالىرىدا ئۇنىڭ نامى 'ئاق ئاياز'، 'ئايازخان'، 'ياراتقان' (ياراتقۇچى)، 'يىلدىرىمچى' دەپ تەۋسىپ قىلىنىدىكەن ... 'ئۆلگەن' نىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بۇغراخان، يېشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختىخان، ئەركانىم بولۇپ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن. 'ئۆلگېن'نىڭ قىزلىرىغا خاس ئىسىملار توشىمايدۇ. ھەر بىرى 'ئاق قىزلار' ياكى 'قىيان'لاردىندۇر. بۇ قىزلار شامانىنىڭ ئىلھام پەرىلىرىدۇر. 'ئۆلگېن'نىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن. بۇلاردىن يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن ئۆلگېن ئارىسىدىكى 'ئالاقىچىدۇر' "① . بۇ ئەپسانىدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەرشتىكى تەڭرىلەر سۆزلىيەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ، ھەتتا ئىنسانلارغا ئوخشاش پائالىيەت قىلالايدۇ، توي قىلالايدۇ، پەرزەنتلىك بولالايدۇ. "قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدە ئىنساننى ئاتا تەڭرى 'ئۆلگېن' بىلەن ئانا تەڭرى 'ئۇماي' ياراتقان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ"② . بۇ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ "تەبىئەت ئىلاھلىرى"نى ئادەملەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

2. ئادەمنىڭ روھى "ياخشى" ۋە "يامان" دەپ ئىككى خىل خاراكتېردىكى روھقا بۆلۈنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە شامانلار روھى، سەلتەنەتلىك خاقانلار روھى، باتۇر سەركەردىلەر روھى ۋە ئۇرۇق، جەمەت ئەزالىرىنىڭ روھى ياخشى روھلارغا مەنسۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شامانلار روھى، خاقانلار روھى ۋە باتۇر سەركەردىلەر روھى يۈكسەك روھلار بولۇپ، بۇ خىل روھلار ئەرشكە چىقىپ ئىلاھلارغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى روھلار ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە روھلار دەپ قارالغان.

ئەجدادلار روھى ئادەتتىكى كىشىلەر روھىدىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇز قوۋملىرى ئارىسىدا ياشايدۇ، بۇ خىلدىكى روھلار ئەبەدىي ئۆز قوۋملىرىگە مەدەت بېرىدۇ، قوۋم ـ قەبىلە ئەزالىرىنى قوغدايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر روھى ئەجدادلار روھىدىن ئاجىزراق بولۇپ، بۇ خىلدىكى روھلارمۇ قوۋم ـ قەبىلە ئەزالىرىنى قوغدايدۇ دەپ قارالغان. ئۇنىدىن باشقا شامان دىنىدا يامان روھلار ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ روھى، ئۇرۇق، قەبىلە ئىچىدە جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ روھى، يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ روھى، يات قوۋمدىكىلەرنىڭ روھى ياكى ياۋ قەبىلىسى ئەزالىرىنىڭ روھى بولۇپ، بۇ روھلار جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قارالغان. شۇڭا قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆز ئۇرۇق، قەبىلىسى ئىچىدىكى يامان ئادەملەر، جازالانغانلار ياكى يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى سىرتقا ئېلىپ چىقىلىپ تاشلىۋېتىلگەن.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئادەمنىڭ روھىنى ”جان“، ”ئەرۋاھ“ دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەرۋاھلار ياخشى روھلار بولۇپ، شامانلار ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئاۋۋال خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن بۇي سالىدۇ؛ ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئەجدادلىرى روھىغا خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن قەرەللىك بۇي سېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، خۇش پۇراق روھلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇقىمىش. خۇش پۇراق تارقىغان ھامان ئۇلار پەيدا بولىدىكەن. چۈنكى، روھلار ھايات كىشىلەردىن دائىم بۇي تەلەپ قىلارمىش.

3. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ”جىن ـ ئالۋاستىلار“ پۈتۈنلەي يامان روھلار بولۇپ، ئۇلار قاراڭغۇلۇق دۇنياسىنى ماكان قىلغان دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، ”دىۋە“، ”ئالۋاستى“ ۋە ”جىن“ دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلگەن. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ”دىۋە“ يامان روھلار دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا، يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە، ئەسكى تاملىقتا، ئەسكى توگمەن ئىچىدە ياشايمىش. شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، دىۋە

ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ‹‹ئادەم روھىغا دائىم زەخىم يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ›› دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر شامانلار زېمىنىدا گەنجى ـ گەنجۋانىدۇ دىۋە، سەنجى دىۋە، سەنجۋانى دىۋە، خالىدۇ دىۋە، خالىخالۇ دىۋە، سەرتان دىۋە، سىماۋاتى دىۋە، هازاروشى دىۋە، نەققىباش دىۋە قاتارلىق توققۇز سەركەردە دىۋە بار دەپ قارايدۇ (مارالبېشى ناهىيىسى تەۋەسىدىكى شامانلار شۇنداق هېكايە قىلىشىدۇ). شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دىۋىلەر ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، چوڭ ئادەملەرنىڭ روهىنى زەخىملەندۈرۈپ، كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قوياليدىكەن؛ قېرىلارنىڭ، ئېغىر ئاياغ، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ۋە بوۋاقلارنىڭ روهى ناهايىتى ئاجىز بولۇپ، ئۇلارغا بۇ دىۋىلەرنىڭ شامىلى تېگىپ كەتسىمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن ياكى ئېغىر راق بولغاندا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ‹‹ئالۋاستى›› دىۋىلەردىن ئاجىزراق بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىكەن. يەنى ‹‹ئالۋاستى›› ئۇرۇق، قەبىلە ئىچىدە جازالانغانلارنىڭ، ۋەهشىي ئادەملەرنىڭ روهى بولۇپ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ دائىم كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قارالغان. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئالۋاستىلار نېرۋىسى ئاجىز ياكى جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرگە، بوۋاقلارغا، ئېغىر ئاياغ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا، قېرىلارغا زىيان يەتكۈزىدىكەن. ئالۋاستى بىرەر ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، كېچىسى هەرىكەت قىلىدىكەن. يەنى، ئاخشىمى شۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن مومىسى، بوۋىسى ياكى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ سىياقىغا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ تېشىدا تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىدىكەن، ئەگەر ئالۋاستى چاقىرغاندا جاۋاب بېرىپ قالسا، سىرتقا چىقىپ قالسا، بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدىكەن. ئالۋاستى ئاخشىمى ئادەمگە يەنى ئاق كىيىملىك، ئاق چاچلىق موماي سىياقىدا ياكى ئاق ئۆچكە سىياقىدىمۇ ئۇچرايدىكەن. ‹‹جىن›› ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، يامان روهلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز روه هېسابلىنىدۇ. شامانلار جىننى ئادەتتە ‹‹پاكىز جىن›› ۋە ‹‹مەينەت جىن›› دەپ ئىككىگە

بۆلىدۇ. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ”پاكىز جىن“ ياخشى روھ بولۇپ، ئەگەر ئادەم ئاخشىمى ”پاكىز جىن“غا ئۇچراپ قالسا، ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىماسمىش. ”پاكىز جىن“ ئاخشىمى ئاق كىيىملىك ئەركىشىنىڭ سىياقىدا ئۇچرارمىش. ئاخشىمى مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان ئادەم شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە سالام قىلىپ كۆرۈشۈشى كېرەككەن. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ ئادەم بىرەر خىسلەتكە مۇيەسسەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىنكەن: ”مەينەت جىن“ ئۆزى ئاجىز بولسىمۇ، دائىم كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىكەن. يەنى، ئۇ ئاخشىمى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ”ئوت“ بولۇپ كۆرۈنۈپ قورقىتىدىكەن. كۆپىنچە بوۋاقلارنىڭ تېنىگە كىرىۋېلىپ، بوۋاقلارنى ئازابلايدىكەن. ئۇ دائىم يۇندا ئازگىلى، ھاجەتخانا... قاتارلىق پاسكىنا جايلاردا تۇرارمىش.

قىسقىسى، روھ چۈشەنچىسى شامان دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزي مەزمۇنى. شامان باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق پىرىخونلۇق، نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرى يۇقىرىقىدەك روھ چۈشەنچىلىرىگە تايىنىدۇ. شامانلارنىڭ قارىشىچە، ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلار ئوتتۇرىسىدىكى ”كۈرەش“ مەڭگۈلۈك داۋام ئېتىدىكەن، يامان روھلار ئىچىدە ”جىن“ ئادەمنىڭ بەدىنىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويىدىكەن. ”دىۋە“ بىلەن ”ئالۋاستى“ ئۇنداق قىلمايدىكەن. مانا بۇ شامانلارنىڭ بىمارنىڭ كېسىلىگە ”دىئاگنوز قويۇش“ ۋە بىمارنى ”داۋالاش“تىكى ئېتىقاد ئاساسى.

## §2 شامان روھىغا چوقۇنۇش

شاماننىڭ روھىغا چوقۇنۇش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى مۇھىم ئېتىقاد مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ خىل چوقۇنۇش شەكلىنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن. شامان دىنى شەكىللىنىشكە باشلىغان دەسلەپكى دەۋرلەردە شامان ھەم ئۇرۇق ئاقساقىلى ھەم شامان بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆزى باشچىلىق قىلغان. ئەينى دەۋردە

شامان يەنە ئىلاھلار، روھلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايدىغان، روھلار ۋە ئىلاھلار بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى شەخس دەپ قارالغان. ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئايال شامان ئەڭ ئۇلۇغ شەخس بولۇپ، شامان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى كۆك تەڭرىسى بىلەن ئۇچرىشالايدۇ ھەم ئۇرۇق ئەزالىرىنى قوغدايدۇ دەپ قارالغان. ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئەر شاماننىڭ روھىمۇ ئوخشاشلا كۆك تەڭرىسى بىلەن ئالاقە قىلالايدۇ ھەم ئۇرۇق ئەزالىرىنى قوغدايدۇ دەپ قارالغان: "A. ئانوخىن تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن رىۋايەتكە قارىغاندا، 'ئۆلگىن' ئاي بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشارمىش. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توسۇق بار ئىكەن. بۇ توسۇقلار ئەركەك شامانلار (قام) كەلگەندە ئېچىلىدىكەن"[3] دەپ بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەت ئاتا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە شامان روھىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلىنىدىغانلىقىنى، ئەينى دەۋردىكى كىشىلەردە شامانلارنىڭ روھىغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئانىمىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، شامانلار ئۆلگەندە ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئاجرىلىپ چىققان "روھ" — ئۇلۇغ روھ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. فۇيۇگۇاڭ، مىڭ خۇيىڭ قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: "شاماننىڭ روھىمۇ ئۇرۇقنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى دەپ قارالغان. ئوتقا دەپنە قىلغاندا ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى ئۇرۇق دائىرىسىدىكى دەريا، تاغلارغا، ھەتتاكى ھەربىر تاغنىڭ چوققىسىغا چېچىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلسا، شامان ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىرىنى، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى مەڭگۈ قوغدايدىكەن"[4].

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىمۇ ئەينى دەۋردە مۇشۇنداق ئېتىقاد مەزمۇنى بولغان.

## §3 ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش

ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە. بىرى، ئۇرۇق ئەجدادىنىڭ روھىغا چوقۇنۇش؛ يەنە بىرى، ئائىلە ئەجدادىنىڭ (جەمەت ئەجدادىنىڭ) روھىغا چوقۇنۇش. ئۇرۇق ئەجدادىنىڭ روھىغا چوقۇنۇش بىر قەدەر قەدىمىي، بىر قەدەر كەڭ مەنىدىكى چوقۇنۇش ئېتىقادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇق ئەجدادىغا چوقۇنۇش بولسا ئۇرۇقنىڭ ئانا ئەجدادىغا چوقۇنۇش بىلەن ئۇرۇقنىڭ ئاتا ئەجدادىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئانا ئەجدادقا چوقۇنۇش ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن. "ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش توتېم ئېتىقادىنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئايال ئەجدادقا چوقۇنۇش بىلەن توتېمغا چوقۇنۇش ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ بولغان مەركىزىي ئېتىقاد شەكلى. ئەمما 'ئايال ئەجداد'قا چوقۇنۇش بولسا تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بىلەن ئەجدادقا چوقۇنۇشنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى"⑤. كەسپىي شامانلار تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن ئانا ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئۇرۇق باشلىقى ئايال بولۇپ، ئۇ ھەم ئۇرۇق ئاقساقلى، ھەم شامان دەپ قارالغان. شۇنداقلا ئۇرۇقنىڭ "ئايال ئەجدادى" دەپ قارالغان. "شامان دىنىدىكى شامان پەيدا بولغان دەۋرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شامانلىقنى ئاياللار ئۈستىگە ئالغان ياكى شامان ئايال ئۇرۇق ئاقساقلىدىن ئۆزگەرگەن، ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىش بولسا ماھىيەتتە ئايال ئەجدادقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى"⑥.

ئەجدادقا چوقۇنۇش ماھىيەتتە ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت. ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش بولسا ئانىمىزم چۈشەنچىسىنىڭ مۇھىم دەلىلى. ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن

ئۆلگەن ئەجدادلارنى مەركەز قىلغان ھالدىكى دەپنە قىلىشنىڭ ئۇسۇل، شەكىللىرى تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن. 1876 - يىلى ئەنگلىيىلىك سپېنسېر (Spencer) دىننىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆز نەزەرىيىسىدە، ئەجداد بولسا ”ئىلاھ“، ئەجدادقا چوقۇنۇش ھەممە دىننىڭ مەنبەسى بولغان دەپ قارىغان⑦.

ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش پەيدا بولغاندىن كېيىن نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقلار ۋە ئىپتىدائىي ھالدىكى دەپنە مۇراسىملىرى بارلىققا كەلگەن.

1. شامانىزم ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى

ئەڭ دەسلەپكى دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساسەن يەرگە دەپنە قىلىش، دەرەختكە دەپنە قىلىش، تاغقا دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش، كۆككە دەپنە قىلىش ۋە ئوتقا دەپنە قىلىش قاتارلىقلارغا بۆلىنەتتى. ھازىرغا قەدەر رايونىمىز تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۇپراق (يەر) قا دەپنە قىلىش بىلەن دەرەختكە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قەبرە تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، قەدىمكى قەبرىلەر چاسا شەكىلدە تىك قىلىپ قېزىلغان. جەسەتلەر كىيىملىرى بىلەن پۈتى شەرققە، بېشى غەربكە قىلىپ ياتقۇزۇلغان. يېڭىغا ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېتىقاد قىلغان ئېتىقاد ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىلاھىي ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق بۇيۇملار ۋە ئۇلارنىڭ روھى ئۇچۇن ئاتالغان جانلىق، جانسىز تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىللە كۆمۈلگەن. قەدىمكى قەبرىلەر ئاساسەن بىر كىشىلىك، قوش كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك قىلىپ قېزىلغان بولۇپ، جەسەتلەرنى قوپال يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بىلەن ئوراپ ياكى توقۇلما بۇيۇملارنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاخ - شۇمبا تاشلاپ ياكى ياغاچ تىزىپ، ئەڭ ئاخىرىدا توپا بىلەن كۆمگەن. تارىخىي مەنبەلەردە مۇنداق بايانلارمۇ بار: ”ئۇيغۇرلار ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا، يەرنى كولاپ

يەرلىك ياسىغاندىن كېيىن، مېيىتنى يەرلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يانىڭ كىرىچنى تارتىۋاتقان هالەتكە كەلتۈرەتتى، يېنىغا خەنجەر ئېسىپ، قولتۇقىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزىنى قىستۇرۇپ قوياتتى، مېيىت خۇددى تىرىك ئادەمگە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇلار يەرلىكنىڭ ئۈستىنى ئوچۇق قوياتتى، ئاتقا مىنىپ يەرلىكنىڭ چۆرىسىنى ئايلىناتتى، بۇنداق ئايلىنىش كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز قېتىمغا يېتەتتى. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىكلەرنىڭ هەممىسى شۇنداق قىلاتتى"⑧. ئۇندىن باشقا بوۋاقلار كۆمۈلگەن قەبرىلەردە بوۋاقلارنى ياغاچ نورنىڭ ئىچىگە ئېلىپ دەپنە قىلغان ياكى دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلغان. قەدىمي قەبرىلەردىن مەلۇم بولغان بۇ خىل دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە تارىخىي مەنبەلەردىكى بەزى ئۇچۇرلار ئەجدادلار ئارىسىدا يەرگە دەپنە قىلىش بىلەن دەرەخكە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان، بىر قەدەر ئومۇملاشقان دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار "هەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ" دەيدىغان شامان دىنىدىكى ئانىمىزملىق ئېتىقادنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان.

كېيىنكى مەنىدىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، هازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەجدادلار روهىغا چوقۇنۇش پەقەت تار مەنىدىكى، ئۆلۈپ كەتكەن ئائىلە ئەجدادى، قان-قېرىنداش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ روهىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت.

2. ئۆلگەنلەرنىڭ روهىغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملار

قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلار روهىغا چوقۇنۇش ئۇرۇق ئەجدادىنىڭ روهىغا چوقۇنۇش بولۇپ، ئەينى چاغلاردا ئۇرۇق ئەجدادىنىڭ روهىغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارمۇ پۈتۈن ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىشى بىلەن ئۇرۇق گەۋدىسىنى ئاساس قىلغان

ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىملار پەقەت بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇنداق ئائىلە ئەجدادىغا ئاتاپ، ئۇنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىم بىرقانچە ئەۋلاد دائىرىسى ئىچىدىلا داۋاملىشىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا سۈرۈلگەنسېرى ئائىلە ئەجدادىمۇ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. يەنى بىر ئائىلىدە دادا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش مەزمۇنىدىكى مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، نەۋرىلەر كۆپ ھاللاردا بوۋىسى بىلەن مومىسىنىلا كۆرەلەيدۇ، شۇڭا ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان ئائىلە ئەجدادىمۇ بوۋا بىلەن موما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە ئۆلۈپ كەتكەن مومىسى، بوۋىسى ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭلا روھىغا ئاتاپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئائىلىسى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دەپنە قىلغان كۈندىن ھېسابلاپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، يىگىرمىنچى قىرىقىنچى، يۈزىنچى كۈنلىرى ۋە بىر يىلى توشقان كۈنى كالا ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەتكە ئۆلۈپ كەتكەن ئائىلە ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ (بەزى جايلاردا يىگىرمىنچى، يۈزىنچى كۈنلىرىدە نەزىر ئۆتكۈزۈلمەيدۇ)، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ روھى مەرھۇم — ئەجداد روھىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، كىشىلەر ھەر يىللىق ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ۋە ھەر ھەپتە ئىچىدىكى جۈمە كۈنلىرى ئەجدادىنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادى چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنى ۋە يامان چۈش كۆرۈپ قالغان كۈنلىرى ئەجداد روھىغا ئاتاپ بۇي سالىدۇ. مانا بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئەجداد روھىغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §4 باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش

باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇشنى مەنبە قىلغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقاد شەكلىنى ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. باتۇر روھلارغا چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشى ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئارا يۈز بېرىپ تۇرغان قانلىق كۆرەشلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى سىياسىي ئاڭ ۋە ھۆكۈمرانلىق ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ خىل ئاڭنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇرۇق، قەبىلە ئەزالىرىدا ياۋدىن قورقماسلىق، كۆرەشلەردە باتۇرلار روھىغا ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلىشتەك ئورتاق جەڭگىۋارلىق ھېسسىياتى تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

جۇڭگو ئەدەبىياتى پېشۋاسى ماۋدۇن: "رىۋايەتتىكى مىللەت قەھرىمانلىرىمۇ، تەبىئىيكى، ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلارغا ئوخشاشلا توقۇپ چىقىرىلغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ قەھرىمانلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئىلاھلار ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئەجدادى ياكى دۆلەت بەرپا قىلغان پادىشاھ-خاقانلىرى بولۇپ سانالغان. شۇڭا، رىۋايەتنىڭ خاراكتېرى تارىخىي تەزكىرىلەرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقى"⑨ دەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلىق ھەققىدىكى رىۋايەت، داستانلار باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەر توڭا»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ» قاتارلىق رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باتۇر شەخسلەر چەكسىز كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا يېقىنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ

تېشى »، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى »، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى » قاتارلىق يادنامىلەردىمۇ باتۇر خاقان، باتۇر شاھزادىلەرنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق تىل بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ يادنامىلەرمۇ ئەجدادلارنىڭ باتۇرلۇق روھىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت بىر خىل ئېتىقاد ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلار ئېڭىدىكى باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ قازا قىلغانلارنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپگاھ قىلىش ئىگىلىگەن. بۇنداق تاۋاپگاھلار رايونىمىز تەۋەسىدە خېلى كۆپ بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن تاۋاپچىلار بېرىپ، نەزىر-چىراغ قىلىپ ئۇلۇغلارنىڭ روھىدىن ھەر خىل كېسەللەرگە شىپالىق تىلەيدۇ، پەرزەنت تىلەيدۇ... بۇ خىل ئېتىقاد ئادىتىنىمۇ يەنىلا باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §5 جىنلارغا ئىشىنىش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە جىن — "پاكىز جىن" ۋە "مەينەت جىن"دىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېردىكى جىن گۇرۇھىغا بۆلۈنگەن. شامانلارنىڭ قارىشىچە، جىنلار دائىم قاراڭغۇ جايلاردا، يالغۇز دەرەختە، قەبرىستانلىقتا، ئەسكى تام، ئەسكى تۈگمەن... قاتارلىق جايلاردا ياشايدىكەن، كۆزدىن غايىب ھەرىكەت قىلمايدىكەن. ئۇلار ئادەم قىياپىتىگىمۇ، ھايۋانلار قىياپىتىگىمۇ، نەرسىلەر قىياپىتىگىمۇ كىرەلەيدىكەن.

شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، "پاكىز جىن" — "ياخشى روھ" بولۇپ، شامان بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىۋالالايدۇ. يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشلاردىنمۇ ئالدىن

خەۋەر تاپالايدۇ. "پاكىز جىن"لار كىشلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شامانلار ئادەتتە "پاكىز جىن"لارنى "ماشايىخ" دەپمۇ ئاتايدۇ. "جىنلار كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ" دەپ قارالغان بولغاچقا، شامانلار ئۆزلىرىنىڭ جىنلىرىنى كېچىسى چاقىرىدۇ. ھەر خىل داۋالاش، پال ئېچىش خاراكتېرىدىكى پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنىمۇ كېچىسى ئېلىپ بارىدۇ.

"مەينەت جىن"لارنى "يامان روھ"لار دەپمۇ قارايدۇ. شامانىنىڭ ئېيتىشىچە، "مەينەت جىن"لار يۇندا ئازگىلى، ھاجەتخانا... قاتارلىق پاسكىنا جايلاردا ياشايدىكەن. بۇ خىلدىكى جىنلار ئاخشىمى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاپئاق چاچلىق موماي، ئاق ئۆچكە، ئوت بولۇپ كۆرۈنۈپ كىشىلەرنىڭ تېنىگە زىيان يەتكۈزۈپ، كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويىدىكەن. بۇ چاغدا، بىمار شامانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆي ئىگىسى بىر پارچە كېسەككە يەتتە كۆز ئېچىپ، ھەر بىر كۆزگە چوغ تۆكۈپ، بۇي سېلىپ بىمارنىڭ كۆزىگە ھېلىقىدەك نەرسىلەر كۆرۈنگەن جايغا ئاخشىمى ئاپىرىپ قويىدۇ.

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئادەتتە جىنلار ماكان تۇتقان دەپ قارالغان جايلاردا يالغۇز ياتمايدۇ.

"مەينەت جىن"لارنىڭ دائىملىق زىيان يەتكۈزۈش ئوبيېكتلىرى يېڭى توغۇلغان بوۋاقلار، ئېغىر ئاياغ، تۇغۇتلۇق ئاياللار دەپ قارالغاچقا، ئادەتتە بوۋاقلارنى، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى، ئېغىر ئاياغ ئاياللارنى ئۆيدە يالغۇز قويمايدۇ. بوۋاقلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە سېلىنچىلىرىنى زاۋال مەزگىلىدە ياكى كېچىسى سىرتتا قويمايدۇ. ئەگەر سىرتتا قالغان بولسا، "بوۋاقنىڭ سېلىنچىسىدا جىن يېتىپ قويىدى"، "بوۋاقنىڭ كىيىم-كېچىكىنى جىن كىيىپ قويىدى" دەپ قاراپ، بوۋاقنىڭ مومىسى بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ، بوۋاقنىڭ سىرتتا قالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئۈستىدىن ئوت ئۆرۈپ، ئوت بىلەن پاكلايدۇ.

سىرتتىن كىرگەن ئادەممۇ تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرمەيدۇ. ئاۋۋال باشقا ئۆيگە بىر قېتىم كىرىۋېتىپ، ئاندىن تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇرلا شۇ ئۆيگە كىرسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن جىن بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا زەخىم يەتكۈزىدۇ دەپ قارايدۇ..

قىسقىسى، جىن شامان دىنى ئېتىقادىدا ئوبيېكتى دەپ قارالمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنى غەيرىي كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ، ئۇنى پەقەت شامانلا كونترول قىلالايدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى كونترول قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ.

## §6 ئالۋاستى، دىۋىلەرگە ئىشىنىش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، ئالۋاستى، دىۋىلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ شامىلى ئادەمنىڭ بەدىنىگە تېگىپ كەتسىمۇ، ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ ياكى پالەچ قىلىپ قويىدۇ ياكى تىلىنى تۇتۇلدۇرۇپ گەپ قىلالماس قىلىپ قويىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئالۋاستى، دىۋىلەر قۇيۇن، شامالغا ئايلىنىپ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەرمىش؛ ئالۋاستى، دىۋىلەر ئاساسەن يالغۇز دەرەخلەرنى ماكان تۇتارمىش.

ئۇيغۇر شامانلار دىۋە-پەرىلەرنى مۇسۇلمان، كاپىر، مۇگ، جوھۇت، تەرسا (خرىستىئان) پەرىلەرگە بۆلگەن. بۇنداق بۆلۈش ئۇسۇلى ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھازىرقى ئۇيغۇر شامانلار مۇسۇلمان دىۋە-پەرىلەرنى باشقا دىۋە-پەرىلەرگە قارىغاندا ئىنسانلارغا چوڭ زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر شامانلار ئالۋاستى، دىۋىلەرنى ئەڭ كۈچلۈك پەرىلەردۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى دىۋە-پەرىلەر گىرىپتار قىلغان كېسەللەرنى

داۋالىغاندا. شامانىنىڭ قوللىنىدىغان ”داۋالاش“ ئۇسۇلىمۇ مۇرەككەپ، سورۇن كەيپىياتىمۇ ناھايىتى سۈرلۈك بولىدۇ. گەرچە شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئالۋاستى، دىۋىلەر ئىللاھ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان، ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىنسان قۇدرىتىدىن ئۈستۈن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ”مەۋجۇت“ نەرسە دەپ قارالغان. شۇڭا كىشىلەر ئالۋاستى، دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە، ئادەملەرگە زەخىم يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

دېمەك، شامان دىنىدىكى ئانىمىزم (”ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ“) چۈشەنچىسىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق زور ”پارتلاش“ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل ”پارتلاش“ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى سىرلىق بىر دۇنياغا ئېلىپ كىرگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ئانىمىزم چۈشەنچىسى ۋە ئانىمىزملىق ئېتىقاد كېيىن ئىنسانلار پەلسەپە مۇنازىرىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالغان.

شامان دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەل ئانىمىزم چۈشەنچىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىدە. شۇ سەۋەبتىن، شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

**ئىزاھات:**

③ ② ① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 450 ـ بەت.

④ فۇيۇگـــۇاڭ، مـــڭ خـــۇيىڭ: «مانجـــۇلارنىڭ شـــامانىزم ئېتىقادى»، بېيجىڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 110 ــ 111 - بەتلەر.

⑤ لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 360 - بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 367 - بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 337 - بەت.

⑧ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 286 - بەتتىكى ستاتىغا قارالسۇن.

⑨ ماۋدۇن: «ئەپسانە تەتقىقاتى»، بەيخۇا ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 ــ 4 - بەتلەر.

# XIV باب ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئانىمىزملىق ئېتىقادنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان روھ تەسەۋۋۇرى

روھ چۈشەنچىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەجدادلارغا ھەم مەنىۋى روھلىنىش ھەم مەنىۋى ئازاب ئېلىپ كەلگەن. بۇ يەنىلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدىكى سىرلىقلاشتۇرۇلغان ئىنكاسى. بۇ ئىككى خىل زىددىيەتلىك مەنىۋى ئالاھ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شامان ۋە پىرىخونلۇقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن شامان ئىنسانلار ئېڭىدىكى زىددىيەتلىك تۇيغۇنى تەڭشەپ تۇرىدىغان، روھلار بىلەن ئىنسانلار، تەڭرىلەر بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋاسىتىچى شەخسكە ئايلانغان.

## §1 روھ تەسەۋۋۇرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئازايىم قوشقى»

"ئازايىم" سۆزىنى ن. پانتوسوۋ: "ئازايىم 'غزيمت' (ئەزىمەت) سۆزىدىن كېلىپ چىققان"① دەپ ئىزاھلىغان. شۋېتسىيىلىك گۇننار ياررىڭنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: "پىرىخون پىرىنى ئويناپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن دۇئا ئوقۇيدۇ. دۇئانى ئوقۇپ بىر يەرگە يەتكەندە 'ئەزىمەت ئىلاھىم، يا دىۋىلەر كەتسەڭ كېتىسەن! كەتمىسەڭ بويۇڭغا بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن!' دەپ دۇئا ئوقۇيدۇ"② دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلار بەلكىم شامانلارنىڭ "ئازايىم" سۆزى بىلەن "ئەزىمەت" سۆزىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىنىگە قاراپلا "ئازايىم" سۆزىنى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتە "ئەزىمەت" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك دەپ چۈشىنىپ

قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ئايەتلىرىدە ”ئازايىم“ سۆزى ”ئازايىم دېۋىلەر“، ”ئازايىم قورچاق“ دەپ كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. قەشقەر رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېغىز تىلىدىمۇ ”ئازايىم“ سۆزى يەرلىك شېۋە سۈپىتىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ. ”ئازايىم“ سۆزىنى مورفولوگىيىلىك تەھلىل قىلغاندا، ”ئازا+ي+ىم ← ئازايىم“ بولىدۇ. يەنى سۆز تومۇرى ”ئازا-“ بولۇپ، بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى ”-ىم“ قوشۇلغاندا ”ي“ تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئاخىرىقى بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا ”ي“ تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن. ئۇيغۇر تىلىدا ”ئازا-“ سۆزىنى تومۇر قىلغان ”ئازا+لاش ← ئازىلاش“، ”ئازا+لاپ ← ئازىلاپ“ دېگەندەك سۆزلەرمۇ بار. ”ئازىلاش“، ”ئازىلاپ“ دېگەن سۆزلەر ئادەتتە ”قەدىرلەش“، ”قەدىرلەپ“ دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. يەنى، ”ئازا“ سۆزى ”قەدىر“ دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ”ئازا“ سۆزىنى ”قەدىر“، ”ئۇلۇغ“ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ قاراش، ”ئازايىم“ سۆزىنى ”قەدىرلىكىم“، ”ئۇلۇغلىرىم“ دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن دەپ قاراش مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، ”ئازايىم دۇئاسى“ دېگەن سۆز بىرىكمىسى ”ئۇلۇغلىرىم دۇئاسى“ دېگەن مەنىگە، ”ئازايىم قورچاق“ دېگەن سۆز بىرىكمىسى ”ئۇلۇغلىرىم قورچىقى“ دېگەن مەنىگە، ”ئازايىم دېۋىلەر“ دېگەن سۆز بىرىكمىسى ”قەدىرلىك دېۋىلەر“، ”ئۇلۇغ دېۋىلەر“ دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

«ئازايىم قوشىقى»نى مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئەر-ئايال شامانلاردىن باشقا، يەنە ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ خېلى تولۇق يادلاپ بېرەلەيدىغانلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەن ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا «ئازايىم قوشىقى»نى بىر نەچچە شاماننىڭ

ئاغزاكى بايانىدىن خاتىرىلەپ چىقتىم. بالىلىق چاغلىرىمدا، بوۋام-موماملارنىڭ ئۆيىدە بىر تۇغقىنىمىزنىڭ پالەچ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىنگەن بىر ئايال شامانىنىڭ پالەچ كېسىلىنى "داۋالاش" ئۈچۈن بۇ قوشاقنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بالىلىق چاغلىرىمدا يادلىۋالغان بىر نەچچە مىسرانى يىپ ئۇچى قىلىپ، كېيىنكى تەكشۈرۈشلىرىمدە مەن ئۇچراتقان شامانلاردىن ئىچكىرىلەپ سوراپ خاتىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قوشاقنى بىلىدىغان كىشىلەرنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدىكەن.

ئۇيغۇر شامانلار بۇ قوشاقنى كىشىلەردە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان پۇت-قولى تۇتىماسلىق، بەدىنى ئېغىرلىشىش، خامۇشلۇق، تىلى تۇتۇلۇش، شامال تېگىش، سارىڭ بولۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىك ھالەتلىرىگە قارىتا ئوقۇيدۇ.

بۇ قوشاق مەزمۇن جەھەتتە ياخشى روھلارنى چاقىرىش، ياخشى روھلارنى سۈپەتلەش، يامان روھلارنى بىمار تېنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە ياخشى روھلارنى ئۆز مەنزىللىرىگە ئۇزىتىپ قويۇش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ. قوشاقتا ئىسلام دىنىنىڭ بەزى تەسىرلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن قوشاقنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى يەنىلا شامانىزم ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز «ئازايىم قوشىقى»نىڭ ئوقۇلۇش باسقۇچ - تەرتىپلىرى ۋە ئەسلىي تېكىستى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

1) ياخشى روھلارنى چاقىرىش باسقۇچى

دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە ئوقۇسا، مۇدھىشلەر، بارچە دىۋە-پەرىلەر يىغىلىپ كېلۇرلەر. نەسىرۇن مالىك قالى ۋە فىتەھى ۋە قىرىپ ۋە بەشرىھۇ ۋە مالىك قالى ۋە ئەزىم.

ئەزەمتۇ ئەلەيكۇم يا تەختى سۇلايمانىنىڭ پەلەقى بىلەن، يەر-كۆك بىمالى بىلەن خىزىر ئىلىياس كەلدى. توققۇز تۇغلۇق ئەلەم ۋە توقسان

مىڭ لەشكەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مېنىڭ بولۇڭلار! مېنىڭ باغرىم سىلەر بىلەن، ئىپتىخار، زەپىران بىلەن، گۆجى-ئەنبەرلەر بىلەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا دۇئا قىلدىم. تەختى سۇلايماننىڭ ھەققى، يەتمىش مىڭ پىر-كامىللارنىڭ ھەققى يېتىپ كېلىڭلار! ئۆيدە بولساڭلار ئولتۇرماي، غەۋسىدە بولساڭلار تۇرماي، دەمبەستى قەدەم بىلەن ھازىر بولۇڭلار!

تەختى سۇلايمان ھەققى، ھەسەن-ھۈسەن ھەققى، ئەزرائىل ھەققى، قەھرى نامىلىقلار ھەققى، پادىشاھلىق ھەققى، دۇنيانىڭ تۆت بۇرجەك سەككىز قىرغىقىدىن مەغرىبتىن مەشرىققىچە، كۇنپاتاردىن كۇنچىقارغىچە، جەنۇبتىن شىمالغىچە تۈمەن مىڭ لەشكىرى بىلەن يۈرگۈچىلەر يەتتە قازى، يەتتە مۇپتى بىلەن، ئالتۇن باشلىق ئايپەرى بىلەن، كۈمۈش باشلىق كۇنپەرى بىلەن، بارلىق ئەزىمەت دىۋە-پادىشاھلارنىڭ دىمى بىلەن، ھۆرلىقانىڭ ھۆرى، زەپىراننىڭ دىمى بىلەن، ھەزرىتى ئەلى شاھىيمەردانىنىڭ دىمى بىلەن ھازىر بولۇڭلار!

2) ياخشى روھلارنى سۈپەتلەش باسقۇچى

ئەزىمەتتۇ ئەلەيكۇم دىۋە-پەرىلەر، رىمىس مىيان ئەرمەنى ئەر بايا شاياتۇن دىمى بىلەن دۇئا قىلدىم سىلەرگە.

بەلەن ئاتقا مىنگەنلەر،
دەردى يوقلارنى باققانلار،
يىلان قامچا تۇتقانلار،
زور ئىگەرلىك دۆ-پەرى.
ئالتۇن ئىكەن كەشىڭلار،
يىنجى-مارجان چىشىڭلار،
تۇزسىز ئىكەن ئېشىڭلار،
كۈمۈش كۆزلۈك دۆ-پەرى.
شېرىن-شىكەردۇر سۆزلىرىڭلار،
چولپان ئىكەن سۈپەتلىرىڭلار،

سىپتىلەنگەن ساچىڭلار،
قەلەم قاشلىق دۆ- پەرى.
ئەۋرىشىم قالپاق بېشىڭلاردا،
لەھەل تاج قېشىڭلاردا،
خوجىساچ باغرى ساچىڭلاردا،
قەمەر يۈزلۈك دۆ- پەرى.
يېشىل تۈغلۈق لەشكەرلەر،
قارا ساچىڭلار بېشىڭلادا،
نازۇنېمەت ئېشىڭلاردا،
تولغۇما ساچلىق دۆ- پەرى.
بۇلۇت ئۈستىدە يۈرگەنلەر،
ئارغىماق ئاتقا مىنگەنلەر،
دەريا كېزىپ يۈرگەنلەر،
گۆھەر كۆزلۈك دۆ- پەرى.
قۇشقۇنلىرىڭلار ئالتۇندىن،
قورساقلىرىڭلار سەدەپتىن،
كىمخاب تونلۇق دۆ- پەيرى.
زىغىر يېغىنى يېگەنلەر،
ھەر خىل كىيىم كىيگەنلەر،
تۇتۇنى يوق ئوتلۇقلار،
ئىپار بۇيلۇق دۆ- پەرى.
مېهرىگىياھ، ياۋا ئوتتىن ساچىڭلار،
زۇمرەت ئىكەن ساچىڭلار،
زەپەر جۇتتۇر بۆشۈكىڭلار،
سەندەل چۇشەكلىك دۆ- پەرى.
سۇلتانىمىدۇ قاياشىڭلار؟
خالىمىدۇ ئويناشىڭلار؟

ئاغچامىدۇ ئويناشىڭلار؟
ئاي ـ كۈن سۈپەتلىك دۆ ـ پەرى.
قىزىل كىيىم كىيگەنلەر،
پىتشان بولۇپ يۈرگەنلەر،
شامال بولۇپ ئۇچقانلار،
قارچۇغا باشلىق دۆ ـ پەرى.
ئەخفامىكىن بەختىڭلار،
شۇڭقار ئىكەن قۇشلىرىڭلار،
ئەۋرىشىمكەن ياغلىقىڭلار،
زور سانلىق دۆ ـ پەرى.
تاۋارمىدۇ تۇغلىرىڭلار،
پەرھىز ئىكەن تەختىڭلار،
دەۋر سۈرگەن دۆ ـ پەرى.
كۈمۈش ئىكەن كۆزلىرىڭلار،
ئالتۇن ئىكەن تونىڭلار،
ئاق مەرۋايىتكەن قەپىزىڭلار،
راھەت سۈرگەن دۆ ـ پەرى.
خار ئىكەنۇ كۈنلىرىڭلار،
قىرى ئاتقا مىنگەنلەر،
كاپىر خۇيلۇق دۆ ـ پەرى.
سەھىرى سەھەر بولغاندا،
تائەتكە مەشغۇل بولغاندا،
ئالا بالداق ئەلەملىرىڭلار،
پەرشى ئاتلىق دۆ ـ پەرى.
مازارلاردا تۇرغۇچىلار،
ئەرۋاھقا قىيىن بولۇپ قالغۇچىلار،
چىلتەن بىلەن سەۋەب قىلغۇچىلار،

ئالتۇن باشلىق دۆ- پەرى.
ئۆتكۈر ئوتلۇق بولغانلار،
مىرادىغا يەتكەنلەر،
تەڭرىگە غاپىل بولغانلار،
كۈمۈش باشلىق دۆ- پەرى.
تەختى سۇلايمانغا بارغۇچىلار،
شاھ- شاھىستاندا تۇرغانلار،
ئۈچ يىللىق يولنى سائەتتىلا باسقۇچىلار،
جۇرجۇلۇس ئاتلىق دۆ- پەرى.
شور دەريادىن ئۆتكەنلەر،
مەككە- مەدىنىگە بارغانلار،
ئىسمى ئەزەم تىلسىماتىنى كەسكەنلەر،
خوجان ئاتلىق دۆ- پەرى.
ئادەم ئوغلى- قىزىغا
سېھىر- جادۇ قىلغانلار،
مەخپىي سۆزلەرنى بىلگۈچىلەر،
قىرقىم ئاتلىق دۆ- پەرى.
18 مىڭ ئالەمنى
سەھرى ئېشىپ يۈرگەنلەر،
يەر ئاستى تەختىدە
جەرجەم ئاتلىق دۆ- پەرى.
پىچاقلىرىڭلار پولاتتىن،
غىلاپلىرىڭلار كۈمۈشتىن،
خەنجەرلىرىڭلار ئالماستىن،
ساھىبجامال دۆ- پەرى.
سەيلىگاھىڭلار ئېگىز تاغ،
ئېلىپ كەلدىم گۈجە- ياغ،

ئالتۇن ئېگەر، قورام ساق،
قۇراق كىيىملىك دۆ- پەرى.
ئۇقلىرىڭلار ئالتۇندىن،
نەيزىلىرىڭلار پولاتتىن،
قىلىچلىرىڭلار مىسراندىن،
قۇلانغا مىنگەن دۆ- پەرى.
كۆكتىن كۆككە ئۇچقانلار،
ھاۋادا ئويناپ يۈرگەنلەر،
ئېگىز تاغقا چىققانلار
ئاق ئۆيلۈك دۆ- پەرى.
تاغدىن تاغقا ئۇچقانلار،
ھېكمەت ئېيتىپ يۈرگەنلەر،
ئالا بالداق ئەلەملىكلەر،
ياخشى سۈپەتلىك دۆ- پەرى.

يىغىن، بۇي سالدىم، ئەزىزلەر ھازىر بولۇڭلار! غايىبلەر ئويۇن-كۈلكە بىلەن مەجلىس تۈزۈپ ھازىر بولۇڭلار!

3) يامان روھلارنى بىمار تېنىدىن قوغلاپ چىقىرىش باسقۇچى

ئادەم ئوغلى-قىزىغا،
366 پارچە تومۇرىغا،
444 پارچە ئۇستىخىنىغا،
كېسەل سالغان دۆ- پەرى.
يەتتە ئەزا ئارىلىقىغا،
بەدەن، بەشىق ئىچىگە،
ئۆچەي، يۈرەك، ئۆپكىسىگە،

نەشتەر ئۇرغان دۆ- پەرى.
پەيلىرىنى قۇرۇتقان،
بەدەن، بېغىشىنى كۆيدۈرگەن،
ئەتلىرىنى سىزدۇرغان،
يۈرەكلىرىنى قىزىتقان،
ئۇلكامچىدۇر دۆ- پەرى.
يۈزلىرىنى ئىششىتقان،
ئەقلىنى بىكار قىلغان،
باش-كۆزىنى ئاغرىتقان،
شەقىق ئائىلىلىك دۆ- پەرى.
جىن ئەۋلادى شاياتۇن،
ئەرۋاھ بىلەن كەلدىم دۆ- پەرى.
خۇدايىمنىڭ بەندىسى،
مۇستاپانىڭ ئۈممىتى،
چاھار يارلار ھۆرمىتى،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
ئۇلۇغ مازاردا شەھرىڭلار،
شەھەر، بازار قىبلىسىدە،
ماكانىڭدۇر دۆ- پەرى.
يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە،
كونا تۇگمەننىڭ ئورنىدا،
ئۇلۇغ كۆۋرۈك تېگىدە،
ئاپەت ئۇرغان دۆ- پەرى.
ئۇلۇغ يولنىڭ ئۈستىدە،
كۆل-ئېرىقنىڭ بويىدا،
گورىستانلىق بېشىدا،
ماكانىڭلار دۆ- پەرى.

ئەخلەت، كۆل تۆككەن يەرلەردە،
چاھار پاي قويغان ئېغىللاردا،
قان تۆككەن گوداڭلاردا،
ئاپەت ئۇرغان دۆ- پەرى.
توققۇز يولنىڭ دوقمۇشىدا،
ئۇلۇغ سۇنىڭ بويىدا،
گورىستانلىق بېشىدا،
ماكانىڭلار دۆ- پەرى.
خىزىر ئىلياس مەدەتكار،
ۋەسلى ئەزەم پىرىم بار،
پىرىم ئەمرى مەندە بار،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
خۇدايىمنىڭ ئەمرىگە،
خوجا ئەلى كەرىماللانىڭ يارلىقىغا پۈتمىسەڭلار،
ئىسمى ئەزەم دېمىگە پۈتمىسەڭلار،
قىرىلىپ كېتەرسىلەر دۆ- پەرى.
پولات پىچاق مەندە بار،
ئالماس ئوقلار مەندە بار،
مىسران قىلىچ مەندە بار،
ئېتىپ، چاپارمەن دۆ- پەرى.
ئىمىس مىيان ئەربا بولساڭلارمۇ —
كۆچۈڭلار، ئەشرە قىلغان بولساڭلارمۇ —
كۆچۈڭلار، جان- پېيىڭلارنى قىرقۇرمەن،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
ۋەيران ئىكەن ئېگىز تاغ،
مىسران ئىكەن قويۇق باغ،
سىلەرنىڭ ئەسلى ماكانىڭلار

چوڭ يول، دەريا دۆ- پەرى.
قايدىن قورقۇنۇچ چاپلىساڭلار،
قايدىن ئاغرىق چاپلىساڭلار،
ئۇنى ئىلىپ كەتمىسەڭلار،
جادۇلىرىڭلارنى يۇغۇرمەن،
ئۆلەرمۇ سۇر قىلارمەن،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
مىنىڭ ئىتىم ئەلىدۇر،
ئەلى ئەمەس پىرىدۇر،
پەرىزاتنىڭ خانىمەن،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
يەر- يىرىگە يىتەلمەس،
قىلىچ تەگكەن قۇتۇلماس،
هازىر بولۇڭلار غايىبلەر ـ
زەڭگەر تۇغلۇق هايۇرخان،
ئىپار بۇيلۇق زەپەرخان،
ئالتۇن باشلىق پەرىزات،
بۇلۇتقا مىنگەن بۇغراخان،
تىك تاراقى لەشكەرخان،
جەيىن ئاتلىق چىپارخان،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
سەبرى- تاقەت ئۆتكەندۇر،
ئەدەپسىزلىك قىلغانلار،
سۇلايماننىڭ هۆرمىتى،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
ئەنبىيالار هۆرمىتى،
ئەۋلىيالار هۆرمىتى،

شەھىستانىنىڭ ھۆرمىتى،
كۆچكىل، كەتكىل دۆ- پەرى.
ئادەم ئوغلى - قىزىدىن،
ئايىتىڭلارنى ئالمىساڭلار،
قىيامەت كۈنى دوزاختا كۆيۈپ كېتەرسىلەر دۆ- پەرى.
ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىساڭلار،
سۇلايماننىڭ پەلىقىگە پۈتمىسەڭلار،
يىپ بويۇڭلارنى يارىمەن،
قىرىلىپ كېتەرسىلەر دۆ- پەرى.
سەھى قارا ئوقۇيمەن،
ۋەھى كۈللى ئوقۇيمەن،
قىسسە سۇلايمان ئوقۇيمەن،
قەبرە بۇردى ئوقۇيمەن،
ئەمدى قويۇپ ياتمىساڭلار،
قىرىلىپ كېتەرسىلەر دۆ- پەرى.

4) ياخشى روھلارنى ئۆز مەنزىللىرىگە ئۇزىتىش باسقۇچى

18 مىڭ ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىگە ئوقۇپ يۈرگەنلەر، بارچە دىۋە- پەرىلەر يىغىلىپ، خوشال - خورام ھالدا ئۆز مۇقامىغا يانغايلەر!

ئەزەمەتتۇ ئەلەيكۇم يا دىۋىلەر، پەرىلەر، ئاق ئاتلىقلار، يىلان قامچىلىقلار، ئالتۇن كىيىملىكلەر، كۈمۈش كۇرسىلىقلار، تۇتۇنسىز ئوتلۇقلار، ئۈنچە چىشلىقلار كەنهان شەھرىگە بېرىڭلار، تۆت يول ئاچىلىغا بېرىڭلار، ئاتىسىدىن قارغىش ئالغانلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! خۇدانىڭ پەلىقى، سۇلايماننىڭ ھۆكۈم - پەلىقى بىلەن بارلىق ئازايىم دىۋە- پەرىلەرگە ئىجازەتتۇر. بۇ تەندىن پارىغ بولۇڭلار! كىشىلەرگە دەخلى قىلماي، ئۆز مۇقامىڭلارغا يېنىپ كەتكەيسىلەر، رۇخسەت بەردۇق.

## §2 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن روھ تەسۋىرى

بۇ قوشاقتا گەرچە ئىسلام دىنى تەسىرى بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شامانىزملىق تەپەككۇر يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قوشاقتىن ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا پەيدا بولغان روھ ئوبرازى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوشاقتىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىدىن قارىغاندا، روھنى تۇتقىلى بولمايدۇ، كۆرگىلى بولمايدۇ، روھلار ھەرىكەت قىلالايدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ. پەقەت شامانلارلا روھلار بىلەن ئۇچرىشالايدۇ، سۆزلىشەلەيدۇ، روھلارغا بۇيرۇق قىلالايدۇ. قوشاقتىكى تەسۋىرلەردىن قارىغاندا، يامان روھلار پاسكىنا جايلاردا، قاراڭغۇ جايلاردا، يالغۇز دەرەخلەردە، يول بويلىرىدا، سۇ بويلىرىدا، خارابىلەر ئارىسىدا، قەبرىستانلىقلاردا ياشايدۇ؛ قوشاقتىكى سۈرەت لىنىيىسىدىن قارىغاندا، ياخشى روھلار نەيزە، قىلىچ، پىچاق ۋە تاش ئوقلار بىلەن قوراللىنىپ، ئاق ئاتلارنى مىنىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز قوۋمىدىكى كىشىلەرنى يامان روھلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدۇ ۋە بىمارلارنى يامان روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شامان گۈجە (كۈجە)، ياغ... قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بوي سالسا، خۇشبۇي پۇراق ھاۋاغا تارقالغان ھامان ياخشى روھلار شامان ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. ياخشى روھلار بارلىق كىشىلەرنىڭ نىيەت-ئىقبالى ۋە مەخپىيىتىنى بىلەلەيدۇ ھەم بۇ ئۇچۇرلارنى شامانلارغا يەتكۈزىدۇ. شامان بىلەن روھلارنىڭ ئۇچرىشىشى ”يىغىن كۆرۈش“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ”يىغىن كۆرۈش“ باسقۇچى پال ئېچىش ياكى بىمارنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، بارلىق روھلار خۇددى ھايات كىشىلەرگە ئوخشاش ياشايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ”ھاياتلىقى“ مەڭگۈلۈك

بولىدۇ. يامان روھلار ــ يات قوۋم ياكى ياۋ قوۋمنىڭ روھى (ئەسلىدىنلا بار دەپ قارىلىدىغان، ئادەم تېنىدىن ئاجرىلىپ چىقمىغان "ئالۋاستى"، "دىۋە ـ پەرىلەر"مۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇلار دائىم پۇرسەت تاپسىلا باشقا قوۋم ئەزالىرىنىڭ تېنىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ. بۇنداق چاغدا، شامانغا تەئەللۇق بولغان ياخشى روھلار "تولۇق قوراللانغان" ھالدا كېلىپ، يامان روھلارنى بىمار تېنىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى كۆرۈنمەس كېسەللەرنىڭ ھەممىسى ئەنە ئاشۇ يامان روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پەيدا بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

## §3 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن روھ چۈشەنچىسى

قوشاقتا ئىپادىلەنگەن ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر شۇكى، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ماددىي گەۋدىسىدىن ئاجرىلىپ چىقالايدىغان ئالاھىدە بىر خىل ھاياتلىققا ئىگە. بۇ خىل ھاياتلىق مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ياخشى روھلار يامان روھلار بىلەن قانچە "قانلىق" ئېلىشىشمۇ پەقەت يامان روھلارنى بىمار تېنىدىن قوغلاپ چىقىرالايدۇ. ئەمما ھېچقايسىسى "مەڭگۈلۈك ئۆلمەيدۇ". شۇڭا ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان تاجۇتەخت، ئاق ئات، تولۇق قوراللانغان "ئەزىمەت"لەر شامانىنىڭ ئۇرۇق، قەبىلىسى ئىچىدە ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلارنىڭ روھلىرى ۋە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ماددىي نەرسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئومۇمىي مەنتىقىدىن قارىغاندا، سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن شاھ ـ سۇلتانلار، خانىش، شاھزادىلەر ۋە دانىش سەركەردىلەر ھايات ۋاقتىدا قانداق ياشىغان بولسا، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھلىرىمۇ شۇنداق سەلتەنەت سۈرۈپ

ياشـايدۇ، ئـۇلار هايـات چېغىـدا ئىشـلەتكەن نەرسـىلەرنىڭ هەممىسـى ئوخشاشلا روهقا ئايلىنىدۇ دەپ قارالغان.

ياخشى روهلار شامانىزىمنىڭ ئىلتىجاسىغا ئاساسەن، بىمار تېنىدىكى يامان روهلار بىلەن ئېلىشىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، كېسەل داۋالاش شامان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مەيدان ئېلىپ بېرىلىدىغان «قانلىق كۈرەش» ھېسابلىنىدۇ.

ياخشى روهلار تولۇق قوراللانغان هالدا ئاق ئاتلارغا مىنىپ پۈتكۈل ئالەمنى سەيلى قىلىپ يۈرىدۇ؛ يامان روهلار بولسا مەينەت، پاسكىنا جايلاردا، قاراڭغۇ، پىنهان جايلاردا ياشايدۇ. روهلاردىن تاشقىرى ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى روهقا ئايلانغان نەرسىلەر بولۇپ، ھەممىسى «ئىلاھىي» نەرسىلەردۇر. دېمەك، بۇ قوشاق شامان دىنىدىكى ئانىمىزم چۈشەنچىسىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان. شۇڭا قوشاقتا تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر ئوبيېكت ۋە ھەر بىر تۇرمۇش دېتاللىرى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھىيەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان.

## §4 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن رېئاللىق

بۇ قوشاق ناهايىتى كەڭ رېئاللىق ئامىللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى دېتاللارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي نەرسىلەر، ئادەملەر ۋە ئادەملەرنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ ماددىي مەنبە قىلغان. مەسىلەن، قوشاقتىكى «ئالتۇن تاج»، «ئالتۇن»، «كۈمۈش»، «شاھانە تون» ، «قىلىچ»، «نەيزە»، «پىچاق»، «تاش ئوق»، «ئاق ئات»، «بۇلۇت»، تولۇق قوراللانغان باتۇر «سەركەردىلەر»، «خانلار»، «خانزادىلەر»، «تاغ - دەريا»لار...نىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ياشايدىغان ئات ئۈستىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى بولۇپ، يايلاق تۇرمۇشىدىكى بۇنداق ماددىي شەرت - شارائىتلار قوشاقتىكى ئىدىيىۋى

چۈشەنچىدە ئەكس ئەتكەن روھلار دۇنياسىنى سۈرەتلەشتە ماتېرىيال ئاساسى بولغان. قوشاقتا ئەكس ئەتكەن رېئاللىق كارتىنىسى بىزگە ئەجدادلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى ھاياتىنى، يايلاق ھاياتىنى ۋە قانلىق جەڭلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

قوشاقتا يەنە روھلار دۇنايىسى باشتىن-ئاخىر ئىنسانلار دۇنياسىغا تەقلىد قىلىنغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە روھلار دۇنياسى مەڭگۈلۈك دۇنيا. شۇنداقلا ئادەتتىكى كىشىلەر كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان دۇنيا دېگەن ئىدىيىۋى قاراش ئالغا سۈرۈلگەن.

قوشاقتىكى تەبىئەت مەنزىرىسى «ئوغۇز نامە»دىكى ئوغۇزخاقان ھەربىي يۈرۈشلەردە دۇچ كەلگەن ھەم ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ مۇساپىسىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ياخشى روھلارنىڭ قوراللىنىش ھالىتىمۇ ئوغۇزخاقان لەشكەرلىرىنىڭ قوراللىنىش ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ياخشى روھلار قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزۈلۈشى ۋە تۇغ سانى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن قەدىمكى خاقانلارنىڭ ۋىلايەت، ئايماقلىرى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىنەزەر تۇغ سانىنىڭ توققۇزدىن ئاشمايدىغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن ئوخشايدۇ③. دېمەك، قوشاقتىكى روھ چۈشەنچىسى ۋە روھ تەسەۋۋۇرى ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

## §5 قوشاقتا ئىپادىلەنگەن ياخشى روھ ۋە يامان روھ چۈشەنچىسى

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرخىل كېسەللىكلەر ۋە پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى روھلارنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارىغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچلىرىدا باراۋەرلىك ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق شارائىتىدا ياشىغان. كېيىن قانداشلىق ئائىلە ئېڭى شەكىللىنىشكە باشلىغان. مانا بۇنى ئىنسانلار تارىخىدىكى دەسلەپكى شەخسىيەتچىلىك ئېڭىنىڭ بىخلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەينى دەۋردىكى ئائىلە شەخسىيىتىنىڭ مەزمۇنى مۈلۈك شەخسىيىتى ۋە جىنسىي شەخسىيەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى مۇنداق ئويغىنىش تار مەنىدىكى ئائىلە، زېمىن، مال-مۈلۈك ۋە ئۇرۇق ئىگىدارچىلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن بۇنداق ئىگىدارچىلىق ئېڭى ۋە شەخسىيەتچىلىك ئېڭىنى باشقا-باشقا ئائىلە ۋە ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان نىزالارنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق ئېڭى شەكىللىنىشكە باشلىغان سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى قارىمۇقارشى ھادىسىلەرنى ياخشىلىق ئىلاھلىرى بىلەن يامانلىق ئىلاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دەپ چۈشەنگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بەدىنى ۋە تۇيغۇسىدىكى خۇشاللىق ۋە ئازابلىنىش ھادىسىلىرىنى ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلارنىڭ مەڭگۈلۈك زىددىيىتىگە باغلىغان. چۈنكى، روھلار (ئادەملەر روھى) تەندىن ئايرىلىپ چىقالايدۇ، تەنگە قايتىپ كىرەلەيدۇ دەپ قارالغان. قوشاقتا ئىپادىلەنگىنىدەك ئادەم تېنىدىكى نورمالسىز كەيپىيات ۋە ئازابلىنىش ھادىسىلىرى يامان روھلارنىڭ زەخمە يەتكۈزۈشى ياكى يامان روھلارنىڭ بىمار تېنىگە كىرىۋېلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ، بۇ خىل ئازابنى پەقەت ياخشى روھلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈگەتكىلى بولىدۇ دەپ قاراشمۇ شامان دىنىدىكى يۇقىرىقى ئىدىيىۋى قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

رېئاللىقتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەم، دۈشمەن ئۇرۇق، يات قوۋمدىكى كىشىلەر بىلەن ئۆز ئۇرۇقى ئىچىدىكى ئۇلۇغ كىشىلەر، ياخشى كىشىلەر ياخشى روھ ۋە يامان روھ

چۈشەنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شامان دىنى چۈشەنچىسى ئىچىدە ياخشى، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ روھى ياخشى روھ خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك يامان كىشىلەرنىڭ روھى يامان روھ خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارالغان.

**ئىزاھات:**

① ن. پانتوسوۋ: «رۇسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان قىسمىدىن دوكلات»، 6 - توم «تارانچىلاردىكى باخشى» دىن ئېلىندى. 1907 - يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى.

② گۇننار ياررىڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 - توم، 175 — 176 - بەتلەردىكى ئىزاھلارغا قارالسۇن.

# XV باب  هازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى شامان

## §1  شامان بولۇشنىڭ شەرتلىرى

هازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەر-ئايال شامانلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى شامانلار مەخسۇس داۋالاش پېرىخونلۇقى ۋە پال ئېچىش پېرىخونلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنە بەزىلىرى يېرىم پېرىخونلۇق ۋە يېرىم موللىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەيلى قايسى خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شامان بولسۇن ھەممىسى يەنىلا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ شامانلارنىڭ هازىرغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كېلىشىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ.

شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، شاگىرتلىققا كىرىش يولى بىلەن شامان بولغىلى بولماسمىش. روھلار (جىنلار ياكى ماشايىخلار) بالاغەتكە يەتكەنلەر ئىچىدىن بىرەرسىنى تاللىۋېلىپ قىرىق كۈن شاگىرتلىققا ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تەبىئىي ھالدا جىنلار، روھلار ۋە تەڭرىلەر بىلەن ئۇچرىشالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولارمىش. جىن، روھلار تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغانلار قىرىق كۈن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتەرمىش. بۇ جەرياندا ئۇلار سۇتسىمان سويۇقلۇق بىلەنلا بېقىلارمىش. قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، يوقاپ كەتكەنلەرنى روھلار ئۆيلىرىگە ئەكىلىپ قويارمىش. كىشىلەر بۇنداقلارنى ”جىن ئەپقېچىپ كەتكەن“ دېيىشىدۇ، بۇنداق ”جىن ئەپقېچىپ كەتكەن“لەرنىڭ روھىي كەيپىياتى ئالاھىدە بولۇپ، باشقىلارغا ئارىلاشمايدىكەن، ئەقىل-هوشى نورمالسىز بولىدىكەن ھەم ھەرىكەت قىلمىقلىرىمۇ غەلىتە بولىدىكەن.

ئۇلار پەقەت شامانلىق مەقامىغا يەتكەندىلا، ئاندىن ئۆز ئەسلىگە قايتىدىكەن. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، جىنلار بىرەر كونا، يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ياكى كونا خارابىلىقتا ۋە ياكى چەت جايلاردىكى قەبرىستانلىقلاردا شامانلىقنى ئۆگىتەرمىش. دېمەك، شامان بولغۇچى ئالدى بىلەن بىر قېتىملىق روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرىدىكەن.

شامانلارنىڭ قارىشىچە، شامان بولۇش مەزگىلىدە ۋە شامانغا ئايلانغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىشنى ئورۇنداش كېرەك:

1. مۇشۇ مەزگىللەردە شامانغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىشى يوقاپ كەتكەن مەزگىلىدە كۆرگەنلىرىنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قىرىق كۈن توشمىغۇچە باشقىلارغا ئېيتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئەگەر مۇددەت توشماي تۇرۇپ ئېيتىپ قويسا، يا ساراڭ بولۇپ قالارمىش، يا ئۆلۈپ كېتەرمىش.

2. ئايال شامانلار شامانغا ئايلىنىش مەزگىللىرىدە ئاق ياكى كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىشى شەرتكەن. گۈللۈك ياكى باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىش چەكلىنىدىكەن.

3. شامان ھەقىقىي شامانلىق سالاھىيىتىگە توشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلايدىكەن. بۇ چاغدا شامان ئۆز ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر يالغۇز دەرەخكە بىر دانە ئاق تۇغنى چىگىپ قويۇشى شەرتكەن (بۇ شۇ شاماننىڭ "قوغدىغۇچى ئىلاھى"نىڭ نىشانى قىلىنىدۇ).

4. شامانلار پەقەت سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرىلا كۈن كىرگەندىن كېيىن، پال ئېچىش ("يىغىن كۆرۈش")، "داۋالاش" پېرىخونلۇقى بىلەن شۇغۇللىنالايدىكەن. ئۇندىن باشقا كۈنلىرى پېرىخونلۇق بىلەن شۇغۇللىنالمايدىكەن. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ ئۈچ كۈننىڭ ئاخشاملىرى روھلار (جىنلار)نىڭ شامانلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىكەن. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە كۈن

كىرىپ بولغاندىن كېيىن شامانلار جىنلار (روھلار ياكى ماشايىخلار)نى چاقىرغان ھامان پەيدا بولارمىش.
5. شامانلار ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان چاغلاردا، جىنلاردىن پىرىخونلۇقنى ئۆگەنگەن كونا جايغا بېرىپ قەرەللىك قان قىلىپ تۇرۇشى، "قوغدىغۇچى ئىلاھى"نىڭ نىشانى قىلغان يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىگە قان قىلىپ ياكى بوي سىلىپ تۇرۇشى شەرتكەن.

## §2 شامانىنىڭ كىيىم-كېچىكى ۋە ياسىنىشى

شامانىنىڭ كىيىم-كېچىكى ۋە ياسىنىشى شامان دىنى پائالىيەتلىرىدىكى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شامانىنىڭ كىيىمى ۋە ياسىنىشى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىيىنىش ۋە ياسىنىش مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. ئۇ يەنە شامان دىنى ئېتىقادىدا شامانىنىڭ "ئىلاھىي قۇدرىتى"نى نامايان قىلىشتىكى ئاساسىي ۋاسىتىلارنىڭ بىرى.
1. ئۇيغۇر شامانلارنىڭ كىيىم-كېچىكى
قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر شامانلارنىڭ قانداق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىز پەقەت ھازىرقى شامانلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى مەلۇم جەھەتتىنلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتەلەيمىز:
"ئىلاھىي باش كىيىم": ئۇيغۇر شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بېشىغا كىيىدىغان ياكى ئارتىدىغان باش كىيىملىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ باش كىيىملىرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. يەنى ئەر شامانلار بېشىغا ئاق دوپپا ياكى ئاق (ياكى كۆك) رەڭدىكى كۇلاھ كىيىدۇ؛ ئايال شامانلار بېشىغا ئاق رومال ياكى قارا رومال ئارتىدۇ.
"ئىلاھىي چاپان": ئۇيغۇر شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە كىيىدىغان چاپىنىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر كىيىدىغان چاپانلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. يەنى ئەر شامانلار ئادەتتە ئاق ئۇزۇن يەكتەك

كىيىپ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ: ئايال شامانلار بولسا پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ئاق رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن خالتا كۆڭلەك كىيىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر شامانلار ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلاردىن بىلىشىمىزچە: "باخشىنىڭ كىيىنىشلىرى باشقا تارانچىلار- پوقرالاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. ئۇلار باشقا تارانچىلارغا ئوخشاشلا ئۇزۇن يەكتەك ۋە كالتا چاپان كىيىدىكەن" ①.

دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە توختالغاندا "ئۇيغۇرلاردىكى شامانلارنىڭ ئىلاھىي كىيىمىنىڭ پاسونى ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاسونى بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما شامان سېھىر-جادۇ قىلغاندا چوقۇم ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ. ئۇندىن باشقا ئازادلىقتىن ئىلگىرى شامانلار مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى. بۇمۇ شاماننىڭ ئايال جىنستىن باشلانغانلىقىنىڭ ئىسپاتى" ② دەيدۇ. بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدىمۇ خۇددى دىلمۇرات ئەپەندى دەپ ئۆتكەندەك ئەھۋاللارنىلا ئۇچراتتۇق.

2. ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ياسىنىشى

ھازىرقى ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ياسىنىش ئۇسۇلى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ياسىنىش ئۇسۇلىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى ئەر شامانلارمۇ ئايالچە ياسىنىپ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋاللار بولغان. ن. پانتوسوۋ ئايال شامانلارنىڭ ياسىنىشى ھەققىدە: "ئەر باخشىلاردىن باشقا يەنە مۇراسىم ئېلىپ بارىدىغان ئايال باخشىلارمۇ ئۇچرايدىكەن. ئايال باخشىلار بېشىغا رومال چىگمەيدىكەن، چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، پاخپايتىپ يۈرىدىكەن" ③ دەپ خاتىرىلىگەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر شامانلار بېشىغا ئىلاھىي قالپاق — كۆك رەڭلىك ياكى ئاق رەڭلىك، ئۈچ قىرلىق كىگىز قالپاق كىيىدۇ،

بۇ ئۇيغۇر تىلىدا ”كۇلاھ“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بەزى شامانلار سېھىر-جادۇ قىلغاندا، ئىلاھىي قالپاق كىيمەيدۇ. يەنى ئۇزۇن چاچلىرىنى پاخپايتىپ مۆرىسىگىچە قويۇۋېتىدۇ، بەزىدە چاچلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ياسىنىشى سىرلىق تۈس ئالىدۇ. ئەمما ھازىر بۇ خىل ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. ئايال شامانلار ئىلاھىي قالپاق كىيمەيدۇ. ئادەتتە چېچىنى تال-تال ئۆرۈپ، ئارقىسىغا ۋە قۇلاق ئەتراپىغىچە چۇشۇرۇۋالىدۇ. ئەمما ھازىر بۇ خىل چاچ پاسونىنى ياتلىق بولمىغان — نارىسىدە قىزلاردىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل چاچ پاسونى كىچىك قىزچاقلارنىڭ ياسىنىش ئادىتىگە ئايلانغان④، ئەمما بېشىغا ئاق ياكى قارا رەڭلىك رومال ئارتىۋېلىش ھەم پېرىخونلۇق ھەم موللىلىق قىلىدىغان شامانلاردا ئۇچرايدۇ.

## §3 شامان ئىشلىتىدىغان دىنىي ئەسۋابلار

شامانلاردا ئۆزىنى ئىلاھىي تۈس بىلەن نىقابلايدىغان ”ئىلاھىي كىيىم“ ۋە ياسىنىش ئۇسۇلىدىن باشقا، يەنە داۋالاش پېرىخونلىقى ئېلىپ بارغاندا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ”ئىلاھىي قورال“لار بولىدۇ. شامانلار دائىم ئىشلىتىدىغان ئىلاھىي قوراللاردىن ئىلاھىي داپ، ئىلاھىي خەنجەر، ئىلاھىي قامچا، ئىلاھىي ئارغامچا، ئىلاھىي دەرەخ شېخى، ئىلاھىي تۇغ، ئىلاھىي چىراغ، ئىلاھىي سۇ، ئىلاھىي ئوت، ئىلاھىي ئەينەك قاتارلىقلار بار.

**ئىلاھىي داپ:** شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيىتى (پېرە ئويۇنى)دىكى ئەڭ ئاساسلىق قوراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يۇمىلاق قاسقانغا ئېشەك تېرىسىنى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. داپ قاسقىنىنىڭ ئىچكى يۈزىدە نۇرغۇن تۆمۈر ھالقىلار بولىدۇ، داپنىڭ دىئامېتىرى ئادەتتە 30 ياكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. داپ ئادەتتە بىمار تېنىگە كىرىۋالغان يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى

مەقسەت قىلغان ”پىرە ئويۇنى“دا ئىشلىتىلىدۇ. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە، داپ شاماننىڭ بارلىق جىن-ئەرۋاھلارنى چاقىرىش، يامان روھلار ئۈستىگە نەرە تارتىپ باستۇرۇپ بېرىشقا بۇيرۇق قىلىش ۋە بىمار تېنىدىكى يامان روھلارغا ۋەھىمە سېلىش رولىغا ئىگە ئىكەن. ئادەتتە بىر قېتىملىق ”پېرە ئويۇنى“دا بىر دانە ياكى ئۈچ دانە ياكى بەش دانە ۋە ياكى يەتتە دانە داپ بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىلاھىي خەنجەر:** شامانلارنىڭ بىمار تېنىدىكى يامان روھلار بىلەن ئېلىشقاندا ئىشلىتىدىغان جەڭ قورالى. ئادەتتە شامانلار ئىشلىتىدىغان ئىلاھىي خەنجەرلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى شامانلارنىڭ ئىلاھىي خەنجىرى 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، دەستىسىگە ياكى خەنجەر بىسىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۈچ تال ياكى توققۇز تال تۆمۈر ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن بولىدۇ؛ يەنە بەزى خەنجەرلەرنىڭ ئۇزۇنلىقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنداق خەنجەرنىڭ دەستىسى ھەرىكەتچان، ئىككى بىسلىق بولىدۇ.

**ئىلاھىي قامچا:** بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە تېرىدىن ئۈچ تال تاسما تىلىپ، ئۇنى ئۈچ قات قىلىپ ئۆرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قامچا دەستىسى ئادەتتە 20-30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ خىل قامچا ئات مىنگەندە ئىشلىتىلىدىغان قامچا بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ.

**ئىلاھىي ئارغامچا:** ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ”پىرە ئويۇنى“دىكى ئەڭ ئاساسلىق دىنىي ئەسۋابلارنىڭ بىرى بولۇپ، ”پىرە ئويۇنى“دا تۇغ چىگىكەندە ئىشلىتىلىدۇ. شامان دىنى چۈشەنچىسىدە بۇ خىل ئاق ئارغامچا كۆكتىن زېمىنغا چۈشىدىغان نۇر (يورۇقلۇق)نىڭ سىمۋولى بولۇپ، بۇ ”يورۇقلۇق ئىنسانلار بىلەن ئۆلگەن ئارىسىدىكى ’ئالاقىچىدۇر‘“⑤. ئىلاھىي ئاغامچا ئىككى قات بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 4-5 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ ئاق ئۆچكىنىڭ چۇپۇرىنى يىپ قىلىپ ئېشىپ، يىپلارنى يەنە بىر قانچە قات قىلىپ ئېشىش

ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئىلاھىي دەرەخ شېخى:** شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ”قوغدىغۇچى ئىلاھ“ دەپ قارالغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، شامان ئۇنى ”پېرە ئويۇنى“نىڭ ”توغ چىگىش“ باسقۇچىدا ئۆينىڭ پەگاھىدىن تورۇسىغا تارتىلغان ”ئىلاھىي ئارغامچا“نىڭ ئۈستۈنكى بېشىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل دەرەخ شېخى ئادەتتە پۇتاقلىق چىلان شېخىدىن تەييارلىنىدۇ، ئەگەر چىلان شېخى تېپىلمىسا، باشقا مېۋىلىك دەرەخ شېخى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

**ئىلاھىي توغ:** تۆت خىل رەڭدىكى پارچە رەخت تاياقلارغا بايراق شەكلىدە چىگىلىش ئارقىلىق ياسىلىپ، ”پېرە ئويۇنى“ بولىدىغان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قادىلىدۇ. بۇ خىل توغلارنىڭ رەڭگى ئاق، كۆك، قىزىل، قارا بولۇپ، شامان دىنى چۈشەنچىسىدە تۆت تەرەپ ئىلاھلىرىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ.

**ئىلاھىي چىراغ:** 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 40 تال قومۇشنىڭ بىر ئۇچىغا پاختا يۆگەپ، سۇ مېيىغا چىلاپ ئوت يېقىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ چىراغلارنىڭ سانى 40 بولۇپ، ”چىلتەن“نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ۋە چىگىلگەن توغنىڭ ئەتراپىغا سانچىلىدۇ.

**ئىلاھىي سۇ:** قاچىغا قويۇپ ئالدىن تەييارلانغان سۇ ياكى سۈت بولۇپ، ”خان سۈيى“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شامان بۇنى ”پېرە ئويۇنى“ ئاخىرلاشقاندا بىمار تېنىنى ”پاكلاش“قا ئىشلىتىدۇ.

**ئىلاھىي ئەينەك:** ئادەتتىكى تەسۋىر ئەينىكى بولۇپ، شامانلارنىڭ قارىشىچە، جىن ـ ئالۋاستىلار بۇنداق ئەينەكتىن قورقارمىش.

**ئىلاھىي ئوت:** بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىش ئارقىلىق تەييارلىنىپ، ”پېرە ئويۇنى“ ئاخىرلاشقاندا، شامان ئۇنى بىمارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، بىمار تېنىنى ”پاكلاش“قا ئىشلىتىدۇ.

ئىلاھىي داپ، ئىلاھىي خەنجەر، ئىلاھىي قامچا، ئىلاھىي ئارغامچا،

ئىلاھىي ئەينەك، ئىلاھىي دەرەخ شىخى قاتارلىقلارنى شامان دائىم يېنىدا ساقلايدۇ. بىمارنى پىرە ئارقىلىق ''داۋالاش''تا، شامان يۇقىرىقى قوراللارنى ئۆزى ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما ئىلاھىي تۇغ، ئىلاھىي چىراغ، ئىلاھىي سۇ، ئىلاھىي ئوت ۋە باشقا نەرسىلەرگە كېتەرلىك بۇيۇملارنى بىمار ئائىلىسىدىكىلەر تەييارلايدۇ.

## §4 شامانىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى

شامانلارنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى — بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھېلى ھەم شامانلاردا ئالاھىدە، سىرلىق ئىلاھىي كۈچ- قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدە. بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ شامانلار تۆۋەندىكىدەك ''ئىقتىدار''غا ئىگە دەپ ئىشىنىدۇ:

1. شامانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشچىلىق قىلىدىغان مازار- ماشايىخلىرى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ.

2. شامانلارنىڭ روھلار، جىن، دىۋە- پەرىلەر بىلەن ئالاقە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر شامانلارنىڭ بىمارلارنى داۋالاش جەريانىدىكى بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

شۋېتسىيىلىك گۇننار ياررىڭ گوما، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا مۇنداق ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان:

''جىنلار بەزى ئادەملەرگە ئىگىلىنىپ قالىدۇ، دېگەن گەپ بار. بىر ئادەم بىر چۈنكەش (جىنكەش) قىلىدىغان ئاخۇنۇمنى قىچقىرىپ كېلىپ چۈنكەش قىلدۇرسا، جىنلار: 'پالانى يەردە بالامنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتىم. بۇ ئەركىشى يا بۇ مەزلۇم كىشى كېلىپ بىر بالامنى دەسسىۋەتتى. مەن شۇڭا بۇ ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويدۇم' دەپ

چۈنكەش قىلغان ئادەمگە دەپ بېرەر ئىكەن. شۇ فارىسى زەبان جىنكەش ئاخۇنۇم دۇئا ئوقۇسا، جىنلار يىغلىشىپ كېلەرمىش. ئۇ جىنكەش ئاخۇنۇم دۇئا ئوقۇپ جىنلار يىغىلغاندىن كېيىن، بىر چىنىگە سۇ قۇيۇپ، چىنىدىكى سۇغا بىر نارسىدە بالىنى قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئۇ بالىغا چىنىنىڭ ئىچىدە جىنلار كۆرۈنەرمىش. جىنكەش ئاخۇنۇم:

— سەن بۇ ئادەمگە نېمىشقا ئەسەر قىلدىڭ؟ نېمىشقا بۇ ئادەمنى كېسەل قىلدىڭ؟— دەپ جىنلاردىن گەپ سورىسا، جىنلار چىنىنىڭ سۈيىگە قاراپ تۇرغان بالىغا:

— بۇ ئادەم بىزگە ئۇ قىلدى، بۇ قىلدى، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

بالىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرغان باشقا چوڭ ئادەم يا كىچىك بالا بولسا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىكەن، ھېچ گەپ ئاڭلانمايدىكەن. ئەمما، چىنىنىڭ سۈيىگە قاراپ تۇرغان بالا جىنلارنى كۆرەلەيدىكەن، ھەم جىنلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايدىكەن. ئاخۇنۇم گەپ سورىغاندا، چىنىنىڭ سۈيىگە قاراپ تۇرغان ئۇ بالا: 'جىن ئۇ گەپنى قىلدى، بۇ گەپنى قىلدى' دەپ ئاخۇنۇمغا دەپ بېرەر ئىكەن" ⑥.

3. شامانلارنىڭ روھلارنىڭ ياردىمىدە بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنى ۋە يامان روھلارنىڭ ئاپەت تەسىرىنى قوغلاپ چىقىرالايدىغانلىقىغا. قەستنامە ئوقۇپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھىر-مۇھەببەت ياكى غەزەپ-نەپرەت پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

4. شامانلارنىڭ ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەر قانداق ئىش ئۈستىدە پال ئاچالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، شامان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە؛ بىرەر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش تەدبىرى ھەققىدە؛ ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى قايسى يۆلۈنۈشتىكى قانداق ئادەمنىڭ قايسى چاغدا ئوغرىلارپ كەتكەنلىكى ھەققىدە؛ بۇندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ

بولىدىغانلىقى ھەققىدە؛ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە نىمە ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقى ھەققىدە... ئالدىن بىشارەت بېرەلەيمىش.

ھازىرقى ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى داۋالاش ۋە پال ئېچىشتەك ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ھازىرقى شامانلار مۇشۇ ئىككى خىل ۋەزىپىنى شەكسىز ئادا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىدىكى مۇشۇ خىل ۋەزىپىنى ئادا قىلالايدىغان ”سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەت“كە ئىشەندۇرگەن. شامانلاردىكى ئۆزلىرىمۇ ئىشىنىدىغان ھەم باشقىلارنىمۇ ئىشەندۇرگەن ”سىرلىق كۈچ“ ئۇلارنىڭ داۋالاش ۋە پال ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ.

ن. پانتوسوۋ ئىلى رايونىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرىلىگەن رىۋايەت يۇقىرىقى پىكىرنى دەلىللەيدۇ. بۇ رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

بىر كۈنى دۆمىنىخان بىر توپ نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپتۇ. ئوۋدا ئۇنىڭغا بىر ياۋا ئات ئۇچراپتۇ. دۆمىنىخان ئۇنى قوغلاپتۇ. قوغلا ـ قوغلا ئاخىر توپتىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ياۋا ئات بىردىنلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. دۆمىنىخان يېقىنلا يەردە بىر ئەسكى تاملىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردە ئۇ ئىككى كۆزى قاندەك قىزىل، يۈزىنى قورۇق باسقان، چاچلىرى تازا ئۆسۈپ كەتكەن، سېرىق چاپان كىيىۋالغان دەرۋىش سۈپەت بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ. ئۇ توختىماستىن چۆرگىلەۋاتقۇدەك. دۆمىنىخان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: ”ھەي، سەن نىمە ئادەمسەن، نىمىشقا بىكاردىن چۆرگىلەيسەن؟“ دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم: ”ھەي شاھىم، مەن باخشىمەن. مەن بولسام قالماق ئۇلۇسىدىن. ئېتىم داۋانچۇق، داچىكنىڭ ئوغلى بولىمەن. مەن دائىم مۇشۇنداق چۆرگىلەش ئارقىلىق بىمارلارنى داۋالايمەن“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان يەنە: ”سېنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بار ئىكەن، ئۇنداقتا سەن قايسى ئەلدىن؟“ دەپ

سوراپتۇ. داۋانچۇق جاۋابەن: ”مەن ئۆزۈم كايانا شەھىرىدىن، خوتۇن-بالىلىرىم شۇ يەردە. خوتۇنۇمنىڭ ئېتى دامۇرچېن، ئوغلۇمنىڭ ئېتى مۇنگاي“ دەپتۇ. خان سوراپتۇ: ”بۇ يەردە ئۆزۈڭ يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسەن؟“. داۋانچۇق: ”مەن يالغۇز ئەمەسمەن، يېنىمدا شاگىرتىم بار“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان: ”شاگىرتىڭ قەيەردە؟“ دەپ سوراپتۇ. داۋانچۇق: ”ئۇ سىلىنىڭ ئارقىلىرىدا. ئەمما سىلى كۆرەلمەيلا“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان: ”قېنى ماڭا كۆرسەت، مەن ئۇنى كۆرەي“ دەپتۇ.

داۋانچۇق نېمىنىدۇر ئوقۇپ، بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە پۈۋلەپتۇ. ئاندىن يەنە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، تۆت ئەتراپتىكى چىراغقا سۈپلەپتۇ. خان قانداقتۇر ئاجايىپ بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. يەنى، ئىككى قاناتلىق، تۆت مۈڭگۈزلۈك (بۇغا مۈڭگۈزىگە ئوخشايدۇ)، غۇلىچى كەڭرى ئېچىلغان، قوللىرى چوڭ، ئۈچ كۆزلۈك، ئېغىز-بۇرنىدىن ئوت چېچىپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنىڭ ئادەم سىياقىغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دۇمىنىخان قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ، بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ ۋە شۇ ھامان بۇد پەرەسلىكتىن قايتىپتۇ. داۋانچۇق خاننىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، نېمىنىدۇر قايتا-قايتا ئوقۇپ سۈپلەپتۇ. دىۋە شۇئان يوقاپتۇ. بۇ ئەسلىدە ”تۆت مۈڭگۈزلۈك دىۋە بىد“ دەپ ئاتىلىدىغان دىۋە ئىكەن.

دۇمىنىخان داۋانچۇقنى ئۆزىنىڭ قەلئەسىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلى كائىدخان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. دۋانچۇق: ”شاھزادىگە جىن چاپلىشىپتۇ. ياخشىراق پېرە ئويناتماق لازىمدۇر“ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيگە تۇغ تارتىپ، داپ-دۇمباقلارنى ھازىر قىلىپ، كائىدخانغا پېرە ئويناپتۇ. كائىدخان ساقىيىپتۇ. دۇمىنىخان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، داۋانچۇققا نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش، ئات ۋە لىباس-تونلارنى تارتۇق قىپتۇ. داۋانچۇق نۇرغۇن كىسەللەرنى پېرە ئويناش ئارقىلىق داۋالاپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىپتۇ. داۋانچۇق ھەققىدە ”داۋانچۇق باخشى پېرە ئوينىسا، ساقايماس كېسەل

قالمايدۇ“ دەيدىغان گەپلەرمۇ تارقىلىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن خەلق ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، ”تەڭرىمىزنىڭ ئەلچىسى“ دەپ قاراپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىپتۇ...⑦.

بۇ رىۋايەتتە يەنە، داۋانچوق باخشىنىڭ شاگىرتلىرىدىن تەلىم ئېلىپ يېتىشكەن ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

گەرچە بۇ رىۋايەت تارىخىي چىنلىقتا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ رىۋايەتنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ كېلىشىدە، بىرى، شاماننىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى، يەنە بىرى كىشىلەرنىڭ شاماننىڭ ”ئىقتىدارى“غا بولغان ئىشىنىش تۇيغۇسى مۇھىم رول ئوينىغان. رىۋايەتتە شامان ھەممىگە قادىر، سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، ئۇ داۋالاش، پال ئېچىش مەقسىدىگە مۇتلەق يېتەلەيدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

دېمەك، كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش، قوغدىنىش ئارزۇسى ۋە ئالدىن بىلىش ئارزۇسى شامانلارنى ”ئىلاھىي ئىقتىدار“غا، ”سىرلىق كۈچ“كە ئىگە قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە شامانلارنىڭ ”ئىلاھىي ئىقتىدارى“نىڭ ھېلىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشى شامانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مەنىۋى ئاساس. شۇڭا شامانلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ”قوغداش“، ”داۋالاش“، ئالدىن بىلىش“ ۋەزىپىسىنىڭ قالدۇق تەسىرىنى ساقلاپ قالالىغان.

**ئىزاھات:**

① ن. پانتوسوۋ: «رۇسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان قىسمىدىن دوكلاتلار»، 6 ـ توم، «تارانچىلاردىكى باخشى»غا قارالسۇن، 1907 ـ يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى.

② دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى

مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 125 ـ بەت.

③ ن. پانتوسوۋ: «تارانچىلاردىكى باخشى»، 1907 ـ يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى.

④ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، 124 ـ بەت.

⑤ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 450 ـ بەت.

⑥ گۇننار ياررىڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى»،مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 302 ـ بەت.

⑦ ن. پانتوسوۋ: «تارانچىلاردىكى باخشى»، 1907 ـ يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى.

# XVI باب شامانلارنىڭ بىر نەچچە خىل پال ئېچىش ئۇسۇللىرى

پال ئېچىش ــ شامانلارنىڭ مۇھىم دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، پال ئېچىش ــ شامانلاردا بولىدىغان ''ئالاھىدە ئىقتىدار'' بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر شامانلار ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل پال ئېچىش ئۇسۇلىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئەر-ئايال شامانلارنىڭ پال ئېچىش ئۇسۇللىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

## §1 بوغۇلۇپ پال ئېچىش (چۈنكەشكە قاراش)

بۇخىل پال ئېچىش ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن ''سىرلىق'' پال ئېچىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. پال ئېچىش ئوخشاشلا سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى كەچقۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. پال ئېچىشتىن بۇرۇن شامان قوي مېيى، كۆجە، ئارچا ياغىچى، بۇغداي كېپىكى ياكى قوي مايىقى بىلەن ئۆزىنىڭ مازار-ماشايىخلىرى ئۈچۈن بۇي سېلىپ، بۇي قاچىسىنى ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرەپ بوسۇغىسىغا قويۇپ، ئىشىكنى داغدام ئېچىۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ-چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شامان ئىشىككە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تەسۋى سىيرىپ ''چاقىرىش دۇئاسى''نى ئوقۇيدۇ. ئارىدىن بەش-ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، شامان خۇددى تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك ئارقىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ تولغىنىدۇ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شاماننىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالىدۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شامان پەسكويغا

چۈشۈپ، ھاجەتمەنلەر سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. سوئال-جاۋابنىڭ دائىرىسى ئادەتتە بىرەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ۋە داۋاسى، يوتكەن نەرسىنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ تېپىلىش-تېپىلماسلىقى، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى، بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئالدىن بېشارەت... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوئال-جاۋاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان ئاستا-ئاستا ئېسىگە كېلىپ، "ئۇزىتىش دۇئاسى" ئوقۇيدۇ. شاماننىڭ ئېيتىشىچە، بوغۇلۇش — روھلار (ماشايىخلار)نىڭ سەۋەبىدىن بولارمىش، يەنى روھلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن شاماننىڭ گېلىنى بوغۇپ، يەرگە يىقىتىپ، شاماننىڭ ئاغزى بىلەن ھاجەتمەنلەر سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەرمىش. شۇڭا، شامان ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. پال ئېچىش (چۈنكەشكە قاراش) ئاخىرلاشقاندا، ھاجەتمەنلەر ئۆزىنىڭ تەييارلىغان (پۇل ياكى نان) نەرسىلىرىنى شاماننىڭ ئالدىغا قويىدۇ، شامان دۇئا بىلەن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق پال ئېچىش ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل پال ئېچىش ئادەتتە "يىغىن كۆرۈش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## §2 يۈزنى ئېتىپ تۇرۇپ پال ئېچىش

بۇ خىل پال ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ئەر ياكى ئايال شامان ۋە ھاجەتمەنلەر ئاۋۋال تەرەت ئالىدۇ. ئاندىن شامان روھلار ھەققىدە بۆي سېلىپ، تەسۋى سىيرىپ روھلارنى "چاقىرىش دۇئاسى" ئوقۇيدۇ. دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەر شامان بولسا يۈزنى ئالقانلىرى بىلەن توسىدۇ؛ ئايال شامان بولسا روملى بىلەن يۈزنى توسىدۇ. شامان مۇشۇ ھالەتتە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھاجەتمەنلەر سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. سوئال-جاۋاب ئاخىرلاشقاندىن

كېيىن، شامان ‹‹ئۆزبېتىش دۇئاسى›› ئوقۇپ، پال ئېچىشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ھاجەتمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغىنىنى شامانىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. شامانىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىل ئۇسۇلدا پال ئاچىدىغان شامانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەسمىش.

## §3 ئوت ۋە سۆڭەك ئارقىلىق پال ئېچىش ئۇسۇلى

بۇ بىر قەدەر قەدىمىي پال ئېچىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاراتۈرك ناھىيىسى دائىرىسىدە بۇ خىلدىكى پال ئېچىش ئۇسۇلىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ خىل پال ئېچىش ئۇسۇلىدا شامان قوينىڭ تارغاق سۆڭىكىنى ئوتقا تاشلاپ، ئوتنىڭ سۆڭەك يۈزىدىكى كۆيۈش يۆنىلىشىگە ۋە كۆيۈش سىزىقلىرىغا ئاساسەن، ھاجەتمەنلەرنىڭ قايسى تەرەپتىن ئېھتىياجى بولسا، شۇ تەرەپتىن بېشارەت بېرىدۇ. پال ئېچىش ئاخىرلاشقاندا، ھاجەتمەنلەر مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ.

## §4 تاش ياكى قوي مايىقى ساناپ پال ئېچىش

بۇ خىل پال ئېچىش مەخسۇس پال ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، باشقا پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشمايدىغان شامانلارنىڭ كەسپىي پال ئېچىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە 41 تال تاش (ياكى قوي مايىقى) بىلەن پال ئاچىدۇ. يەنى شامان چېچىلغان تاش (ياكى ماياق)لارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن ياكى يىراق چۈشكەنلىكىگە، تاش (ياكى ماياق)لارنىڭ تاق-جۈپلىكىگە قاراپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەھۋالىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى پال ئېچىش ئاخىرلاشقاندىمۇ ھاجەتمەنلەر شامانغا مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ.

# §5 ئەبجەد ھېسابى بويىچە پال ئېچىش

ئەبجەد ھېسابى — ئەرەب ھەرپىنىڭ ھەر بىرى مەلۇم بىر سانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، يېزىلغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپ ۋەكىللىك قىلغان سانلارنى ئۆزئارا قوشۇپ بەلگىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى تېپىپ چىققىلى بولىدىغان يېزىق بىلەن سان ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى كلاسسىك شائىرلار شېئىر مىسرالىرىدا ھەم مەنە ھەم سانلىق مەلۇماتلارنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر شامانلار بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى پال ئېچىش ئۈچۈن قوللانغان.

ئەبجەد ھېسابىدا، 1=ا، 2=ب، 3=ت، 4=ث، 5=ج، 6=ح 7=خ، 8=د، 9=ذ، 10=ر، 20=ز، 30=س، 40=ش، 50=ص، 60=ض، 70=ط، 80=ظ، 90=ع، 100=غ، 200=ف، 300=ق، 400=ك، 500=ل، 600=م، 700=ن، 800=و، 900=ھ، 1000=ي غا تەڭ بولىدۇ.

شامان پال ئاچقاندا، ئاۋۋال بىمارنىڭ ئىسمى ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمى تەركىبىدىكى ئەرەب ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى قوشۇپ، يەتتىگە بۆلگەندىن كېيىنكى قالدۇق سانغا ئاساسەن، كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "داۋالايدۇ".

بېشارەت بېرىش ۋە داۋالاش تەدبىرلىرى:

قالدۇق سان 1 گە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى — يەكشەنبە، يۇلتۇزى — ئوت، تەبىئىتى قان ھارارەتلىك، ئۇستىخىنىغا تەرسا پېرە ئاپەت يەتكۈزىدۇ. كېسەللىك ئالامەتلىرى: ئادەمزاتقا تېز-تېز قارايدۇ، لەۋلىرى قۇرۇپ تۇرىدۇ؛ بۇ بىمارغا يەنە تەھرىر نامىلىق بىر دىۋە ئاپەت يەتكۈزىدۇ؛ ئاپەت يەتكۈزۈش ئورنى: قېرى دەرەخلىك ئارىسى. بۇنىڭ داۋالاش تەدبىرى: بىر قارا كەپتەر ياكى توخۇغا "ئازايىم دۇئاسى"نى ئوقۇپ كۆچۈرۈش، يەنى بىر دانە تۇغ بىلەن كۆچۈرۈش،

تۇغنى بىر دەرەخكە قاداش، ئۇندىن باشقا ئۈچ جۈپ بىر تاق (7 دانە) نان پىشۇرۇپ پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش كېرەك، شۇندىلا بىمار شىپا تاپىدۇ.

قالدۇق سان 2 گە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-سائىتى — قەمەر، كۈنى — دۈشەنبە بولىدۇ. بىمارغا مۇسۇلمان دىۋە زىيان يەتكۈزىدۇ. كېسەللىك ئالامەتلىرى: روھسىزلىنىدۇ، كۆزى، پۇت-قولى، بېلى ئاغرىيدۇ، مەڭزى قىزىرىپ كېتىدۇ، سەپرايى ئۆرلەيدۇ. بۇ خىل ھالنى پەيدا قىلىدىغان دىۋىنىڭ ئىسمى جەلۇساتۇر. بۇ دىۋىنىڭ ماكانى: كونا تام، ۋەيرانە ئۆيلەر، خارابىي جايلار بولۇپ، دىۋە مۇشۇنداق جايلاردا بىمارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنداق بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى يەنە سېھىر-جادۇدىن بولىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ داۋاسى: "ئىننەللاھە نەستاپىا" دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا، بىمار شىپا تاپىدۇ.

قالدۇق سان 3 كە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-سائىتى — مۇرخى، كۈنى — سەيشەنبە، يۇلتۇزى — ئوت. بۇنداق بىمارنىڭ كېسىلى مىسلىمىيان ئىسىملىك دىۋىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن بولىدۇ. كېسەللىك ئالامەتلىرى: ئۆزلۈكىدىن بىخۇد بولىدۇ، گاھىدا تىترەك بېسىپ كېتىدۇ، گاھىدا يۈرىكى، جىگىرى تارتىشىپ ئاغرىيدۇ، چىرايى سارغىيىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۇسۇلى: «قۇرئان»دىكى «ئال» دۇئاسىنى ئوقۇش، يەنە خانى كەئىبىدىكى يەتتە تۇۋرۈكنىڭ نامى (ھەننان، مەننان، دەييان، بورھان، سۇلتان، بەدئى ئۇس، ساماۋاتى)نى ئاتاپ ئوقۇش كېرەك، ئاندىن شىپا تاپىدۇ.

قالدۇق سان 4 كە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-سائىتى — ئاتارود، كۈنى — چارشەنبە، يۇلتۇزى — شامال. بۇنداق بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى: پۇت-قولى ئاغرىيدۇ، گاھىدا بوينى ئاغرىيدۇ، قاتتىق قېتىپ قالىدۇ، گاھىدا چىرايى سارغىيىدۇ، گاھىدا كۆكىرىدۇ، بىردەم ساقىيىپ، يەنە بىر دەم ئۆزگىرىپ قالىدۇ، گاھىدا خۇددى

ئارقىسىدىن بىر نەرسە شىپىرلاپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، قاتتىق قورقۇنچ باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كېسەلنى پەيدا قىلىدىغان دىۋىنىڭ ئىسمى — قەۋەس پەرمەن. بۇ دىۋىنىڭ تۇرارگاھى: كونا مورا، هامام (بۇندا ئازگىلى)، خارابىي جايلار، يالغۇز دەرەخ تۈۋى. بۇنىڭ داۋاسى: "ئازايىم دۇئاسى" نى ئوقۇش ۋە "سېرىق جان"غا روھىنى كۆچۈرۈش.

قالدۇق سان 5 كە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-سائىتى — مۇشتىرى، كۈنى — پەيشەنبە. كېسەللىك ئالامەتلىرى: بىمارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بېغىشلىرى ئاغرىيدۇ. گاھىدا خۇدىنى يوقۇتىدۇ، ئۇخلىسا چۆچۈيدۇ، گاھىدا تىترەك بېسىپ كېتىدۇ، سۇنى تولا ئىچىدۇ، پۇت-قوللىرى قولىشىپ ئاغرىيدۇ. بۇنداق كېسەل مۇسۇلمان پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن بولىدۇ. بۇ پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزىدىغان جايى: هەر خىل ئېغىل، سۇ ياقىسى، چارۋا-ماللارنىڭ ئۆتەر يولى. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى: بىر قىزىل كەپتەرگە "ئازايىم دۇئاسى"نى ئوقۇپ، روھىنى كۆچۈرسە، يەنە بۇلاق ئېشى ئېتىپ يەتتە ئىتنى تويغۇزسا، ئاخشىمى تەرەتسىز ئۇخلىمىسا، شىپا تاپىدۇ.

قالدۇق سان 6 گە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-سائىتى — زۆھرە، كۈنى — جۈمە بولىدۇ. بىمارنىڭ كېسىلى هەنۇتاجگەن دېگەن مۇسۇلمان پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن بولىدۇ. بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى: سەۋدا بولۇپ، بېلىنىڭ يۇقىرىسى ئىسسىق، تۆۋىنى سوغۇق بولىدۇ، بىمار ئۆزىچە غەمگە پاتىدۇ، ئۇخلاش مەزگىلىدە يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، هوشىنى يوقىتىدۇ، زۇكامدايدۇ، كۆڭلى ئاغرىيدۇ، قالايمىقان سۆزلەيدۇ. بۇ پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈش ئۇسۇلى: ئۇلۇغ جايلاردا، گەمىدە، كونا مورىنىڭ تۈۋىدە، تونۇردا، كونا تۈگمەن ياكى چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدە هايۋان سىياقىدا بىمارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېسەلگە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ داۋاسى: 60 هۆل پوشكال، 60 قۇرۇق پوشكال پىشۇرۇپ، ئىككى

داستىخانغا يۆگەپ دۇئا قىلدۇرسا، ئۆيدە ”خەتمە قۇرئان“ قىلدۇرۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن بۇي سىلىپ تۇرسا، ”ئازايىم دۇئاسى“نى ئوقۇپ روھىنى كۆچۈرسە، تۇمار پۈتۈپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا شىپا تاپىدۇ.

قالدۇق سان 7 گە تەڭ بولسا، بىمارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى - سائىتى - زەھلە، كۈنى — شەنبە بولىدۇ. بۇنداق كىسەللىك بەھتۇج كەھۇبى ئىسىملىك تەرسا پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. كىسەللىك ئالامەتلىرى: بىمارنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىدۇ، گاھىدا تىترەيدۇ، گاھىدا چىرايى كۆكىرىپ كېتىدۇ، ئۇخلىغان چاغدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، ئاغزىدىن كۆپۈك يانىدۇ، شالى ئاقىدۇ، بەزىدە خۇدىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق كىسەللىك كىچىك باللاردا، ئاياللاردا تولىراق يۈز بېرىدۇ. پېرىنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈش ئورنى: چۆل - باياۋاندا، يوللاردا، مازاردا ئاپەت يەتكۈزىدۇ. كىسەلنىڭ داۋاسى: بىر ”قارا جان“نى بىمارغا باغلاپ، يەتتە جۈپ ”چىراغ نان“ تەييارلاپ، بىر دانە تۇغ تەييارلاپ، ”ئازايىم دۇئاسى“نى ئوقۇپ بەرسە، شىپا تاپىدۇ.

بۇ خىل پال ئېچىش ئۇسۇلى مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىسىدىكى ئابدۇقادىر باخشىنىڭ قوليازما خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇ خاتىرىدىكى بايانلار ئاساسىدا ئېلىندى.

## §6 «قۇرئان» بىلەن پال ئېچىش ئۇسۇلى

«قۇرئان» بىلەن پال ئېچىش ئۇسۇلى خۇددى ئەبجەد ھېسابى بىلەن پال ئېچىش ئۇسۇلىغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنى تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان بىر خىل پال ئېچىش ئۇسۇلى بولۇپ، شامان بۇنداق پال ئېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ”پېرە ئويۇنى“نىڭ قېتىم سانىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى شامان ئاۋۋال «قۇرئان»نىڭ خالىغان ئۈچ بېتىنى ئېچىپ، ھەر بىر بەتنىڭ يەتتىنچى قۇردىكى ئايەتنىڭ باش ھەرپىنى

تېپىپ چىقىدۇ. ئاندىن بۇ ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى تېپىپ ھېسابلاش ئارقىلىق "پىرە ئويۇنى"نىڭ قېتىم سانىنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىقىلار ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامانلارنىڭ بېشارەت پىرىخونلۇقىغا مەنسۇپ پائالىيەتلەردۇر.

# XVII باب شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بىر قىسىم ئۇيغۇر رايونلىرىدا بىر قانچە خىل پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى — داۋالاش پېرىخونلۇقى، يامغۇر تىلەش پېرىخونلۇقى، تۇغۇت پېرىخونلۇقى، پاكلاش پېرىخونلۇقى، روھنى چاقىرىش پېرىخونلۇقى، روھنى تۇرغۇزۇش پېرىخونلۇقى، روھنى ئۇزىتىش پېرىخونلۇقى، بېشارەت پېرىخونلۇقى، قەست قىلىش پېرىخونلۇقى، پەرھىز پېرىخونلۇقى، ئاپەتتىن ساقلىنىش پېرىخونلۇقى قاتارلىق پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى ھېلىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

بېشارەت پېرىخونلۇقى ھەققىدە ئالدىنقى بابتا توختالغانىدۇق. تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىرقانچە خىل پېرىخونلۇق پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## §1 داۋالاش پېرىخونلۇقى

1. ”پېرە ئويۇنى“ ۋە داۋالاش باسقۇچلىرى

”پېرە ئويۇنى“ — شامانىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى، ياخشى روھلارنىڭ ياردىمى ۋە ئىلاھىي قوراللارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بىمار تېنىگە زىيان يەتكۈزگەن يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىمارنى داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پېرىخونلۇق پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر شامانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پېرىخونلۇق شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1) تۇغ چىگىش

”پىرە ئويۇنى“دىكى تۇغ چىگىش جەريانى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچى

شامان ئۆزى ياكى ئۆزى بىلەن بىر نەچچە هاپىز (يەرلىك تىلدا ”هېپىز“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆزبېك تىلىدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنى ”هاپىز“ دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ”هاپىز“ ئىشانغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان، سوفى - ئىشانلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىدا هېكمەت ئېيتىدىغانلارغىمۇ قارىتىلىدۇ)نى، بىر دانە، ئۈچ دانە، بەش دانە ياكى يەتتە دانە ئىلاهىي داپ، 40 - 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خەنجەر (ياكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى پىچاق)، ياغاچ ساپلىق سېپەرلىك قامچا، 4 - 5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى قات ئاق ئارغامچا، يەتتە پوتاقلىق چىلان شىخى (بەزىدە بۇنى ئۈي ئىگىسى تەييارلايدۇ)، بوركۇت ياكى قارچىغا پېيى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىمار ئائىلىسىدىكىلەر شاپتۇل ياكى باشقا مېۋىلىك دەرەخ شېخىدىن ياسالغان بىر دانە قوزۇق، جىنلارنى باغلاشقا ئىشلىتىدىغان ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق يىپ، كالا سۈتى ياكى سۇغا تۇز تەڭشەپ تەييارلانغان ”خان سۈيى“دىن بىر قاچا، بىر ئاق خوراز، 50 سانتىمېتىردىن قىزىل، قارا، ئاق، كۆك رەڭلىك پارچە رەخت، بەش مېتىر ئاق رەخت، يەتتە ئۆيدىن تىلەپ چىققان يەتتە پارچە پورۇچ ۋە 40 چىراغ، 40 دانە پوشكال قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ.

ئىككىنچى، پال ئېچىش باسقۇچى

شامان «قۇرئان»نىڭ خالىغان ئۈچ بېتىنى ئېچىپ، هەر بىر بەتنىڭ يەتتىنچى قۇرىنىڭ باش هەرپىنى تېپىپ، بۇ هەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى هېسابلاش ئارقىلىق ”پىرە ئويۇنى“نىڭ مەيدان سانىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە ”پىرە ئويۇنى“ شامال تېگىش كېسەللى، روهىي كېسەل ۋە تۇتقاقلىق، دېۋەڭلىك كېسەللىرىگە

گىرىپتار بولغانلارنى ''داۋالاش'' مەقسىتىدە ئوينىلىدۇ.

ئۈچىنچى، توغ چىگىش باسقۇچى

شامان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تورۇستىن پەگاھقا تىك قىلىپ، ئىككى قات ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تورۇسقا، يەنە بىر ئۇچىنى پەگاھقا قېقىلغان قوزۇققا چىڭ باغلايدۇ. ئاندىن ئارغامچىغا ئاق رەختنى يۆگەيدۇ. ئارغامچىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يەتتە پۇتاقلىق چىلان شېخىنى قىستۇرىدۇ. ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ئاق، كۆك، قىزىل، قارا رەڭلىك پارچە رەختلەردىن توغ ياساپ قادايدۇ (يەنى بۇ تۆت خىل رەڭدىكى توغلار تەرەپ ئىلاھلىرىغا سىمۋول قىلىنىدۇ). مانا بۇ ''توغ چىگىش'' دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر قېتىملىق ''پىرە ئويۇنى'' ئادەتتە 1، 3، 5، 7، 9، 11، 13... مەيدان ئوينىلىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 17 مەيدان ئوينىلىدۇ. مەيدان سانى بىمارنىڭ كېسەللىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۈچ مەيدانغا بۆلۈپ ئوينالغان ''پىرە ئويۇنى''نى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

2) بىرىنچى ئويۇن

توغ چىگىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارغامچىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىمار تەرەپ يەتتە ئۆيدىن تىلەپ چىققان يەتتە خىل رەڭدىكى پۇرۇچلار چىگىلىدۇ. توغنىڭ ئۈستىگە قىستۇرۇلغان يەتتە پۇتاقلىق شاخ بىر دانە رومال بىلەن ئورىلىدۇ (زۇرۇن قىلىنىدۇ). يامان روھلار كېسەلنىڭ (بىمارنىڭ) قايسى ئەزاسىغا يىغىلىۋالغان بولسا، ئۇلارنى بىمار تېنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشمۇ ''زۇرۇن'' دەپ ئاتىلىدۇ. توغ ئۈستىگە چىگىلگەن پۇتاقلىق شاخ لاتا بىلەن ئورىلىدۇ. شاخنى ئورىغان لاتا چوقۇم قىزىل ياكى ئاق رەڭدە بولۇشى شەرت. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆت تامغا تۆت تەرەپ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ بىردىن چىراغ (نۆكچە) قادىلىدۇ ۋە چىلتەنلەرگە ئاتاپ تەييارلانغان 40 تال چىراغ (نۆكچە) توغنى چۆرىدىتىپ ئۈچ قۇر قىلىپ قادىلىپياندۇرۇلىدۇ. شامان بىمارنى

توغنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. ھاپىزلار تۆت تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. قولۇم-قوشنىلار ۋە باشقا ئەر-ئاياللار توغنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىدۇ.

شامان بىر دانە چىراغنى كۆتۈرۈپ بىمارنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن توغنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىدۇ. دۇئا "ئامىن" سۆزى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئادراسمان (پۇراقلىق ئۆسۈملۈك) ئېلىپ كېلىپ توغنىڭ ئاستىغا قويۇلغان بويداندىكى چوغقا سالىدۇ (بۇ ئىسرىق سېلىش ياكى بوي سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ). ئاندىن شامان ئىسرىق (ياكى بوي) قاچىسىنى كۆتۈرۈپ توغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.

ئاخىرىدا شامان پىيالىدىكى "خان سۇيى"نى توغنىڭ ئۈستىگە چاچىدۇ، ئاندىن پىيالىدىكى "خان سۇيى"نى كۆتۈرۈپ يەنە توغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ."خان سۇيى"نى يەنە توغنىڭ ئەتراپىغا ئۈچ قېتىم چاچىدۇ. ھاپىزلارمۇ داپلارنى چېلىپ توغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. شامان داپلارغىمۇ "خان سۇيى"دىن ئۈچ قېتىم چاچىدۇ.

"داۋالاش" سورۇنى باشلىنىش بىلەن تەڭ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دۇئا قىلىدۇ. ھاپىزلار بىلەن شامان داپلارنى چېلىپ قەسىدە ئوقۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا بىمار توغنى تۇتۇپ، توغنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. شامان ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى داپلارنى تەڭكەش قىلىپ "بىسمىللا، لائىلاھە ئىللەللا، ئادەم سافىئەللا، چاھارىيار، ئىككى ئىمام..." دەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كۆپىنچە شامان قولىغا داپنى ئېلىپ، قىبلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، نەۋائى كىتابلىرىدىكى غەزەللەرنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن "ئىللا تەنكەرىيمىدىن..." دەپ ئۇلۇغ روھلاردىن مەدەت تىلەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلايدۇ.

روھلارغا بېغىشلانغان قەسىدە ئاخىرلاشقاندا، شامان (داپنىڭ رىتىمى ئۆزگىرىدۇ) بىمارنى يېتىلەپ تۆت ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. بۇ

پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا، شامان داپنى قويۇپ قويىدۇ، ھاپىزلارمۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ شاماننىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىدۇ. يەنى شامان بىمارنى ئېلىپ تۇغنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىغاندا، ھاپىزلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، قولىدىكى داپلارنى سەنەمگە چېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن كېيىن شامان بىمارنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى تۇغنى تۇتۇپ تۇرۇپ دۇئا ۋە تەكبىر قىلىدۇ. بۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شامان تۇغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. بىمارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توغنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئارقىدىن دۇئا يەنە تەكرارلىنىدۇ. شامان تۇغقا سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن، غۇلچىنى كېرىگەن پېتى تۇغنى چۆرگىلەيدۇ. ئۇ تۇغنى ئاستا-ئاستا سەكرەپ ئايلىنىدۇ. ئارقىدىن تۇغنىڭ يېنىدىكى بىمارمۇ باركۈچى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە تۇغنى پىرقىرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاپىزلارمۇ داپ چېلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شامان تۇغنى قانچىلىك تېز سۈرئەتتە ئايلانسا، ھاپىزلارمۇ داپنى پىرقىراش سۈرئىتىگە تەڭكەش قىلىپ چالىدۇ. كۆپچىلىك خۇشال كەيپىياتتا تۈرلۈك ھۆرمەت سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايدۇ.

ئاخىردا شامان پىرقىراشنى توختىتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن شامان يەنە بىمارنى ئېلىپ بىرلىكتە ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئايلىنىشنى يەنە توختىتىدۇ ۋە بىماردىن: ”كۆز ئالدىڭدا نېمە ئىش يۈز بەردى؟ كۆك قوچقارنى كۆردۈڭمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ئەگەر بىمار ھېچنەرسىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتسا، شامان يىڭنىگە توم يىپنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى بىمارنىڭ تىلىغا سانجىپ، ئۇنىڭغا تۇغنى تۇتقۇزۇپ تۇغنى ئايلاندۇرغاچ يەنە: ”كۆز ئالدىڭدا نېمە ئىش يۈز بەردى؟“ دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا ئاغرىق ئاستا-ئاستا بىمارنىڭ تىلىغا يۆتكىلىپ: ”كۆك قوچقارنى كۆردۈم“ دەيدۇ. ئاندىن شامان تۇغنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

شامان تۇغنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قايتا دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىمارنى قامچىلاپ ئۇرۇپ تۇغنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى "ئويۇن" ئاخىرلىشىپ، دەم ئېلىش باشلىنىدۇ.

3) ئىككىنچى ئويۇن

ئىككىنچى ئويۇن باشلانغاندا، شامان بىمارنى تۇغنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزىدۇ. ھاپىزلار بولسا داپ چېلىپ قەسىدە ئوقۇشنى باشلايدۇ. بۇ چاغدا بىمار ئورنىدىن تۇرۇپ تۇغنى چۆرگىلەيدۇ. ئەمما شامان ئۆز جايىدا جىم ئولتۇرىدۇ. بىمار بىردەم پىرقىرىغاندىن كېيىن تۇغنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ، داپ چېلىنىشمۇ، قەسىدە ئوقۇشمۇ توختايدۇ. شامان ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇغنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىمارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىمار تېنىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا كىرىۋالغان يامان روھلارنى بىر جايغا يىغىش مەقسىتىدە بىمارنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلايدۇ. ئۇۋۇلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ھاپىزلار داپ چېلىپ قەسىدە ئوقۇشنى يەنە باشلايدۇ. شامان يەنە بىمارنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىمارنى باشلاپ تۇغنى چۆرگىلەيدۇ (ئادەتتە شامان بىمارنى باشلاپ تۇغنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. شاماننىڭ ئۆز ئورنىغا قايتىش، بىمارنىڭ قېشىغا كېلىش قېتىم سانىمۇ يەتتە قېتىم بولىدۇ). شامان تۇغنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن توختايدۇ.

بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دۇئا-تىلاۋەت بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شامان ئىككىنچى قېتىمدا بىمارنىڭ مۇرىسىنى تۇغ تەرەپكە باسىدۇ. ئاندىن بىمارنى ئەگەشتۇرۇپ تۆت ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، شامان ئۆزى يالغۇز تۇغنى ئايلىنىپ چىقىپ، تۇغنى تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە تەكبىر قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن داپ چېلىنىش بىلەن غۇلىچىنى كېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ ۋە تۇغنى تېز سۇرئەتتە پىرقىرايدۇ ۋە خۇدنى يوقاتقانغا قەدەر پىرقىراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك "ئاللا" دەپ ۋارقىرىشىدۇ.

بۇ پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان خەنجەرنى چىقىرىپ لاتا ئارقىلىق بىمارغا ”سالىدۇ“. شامان يەنە خەنجەرنى ئېلىپ، تۇغنىڭ ئەتراپىنى يوگىۋرۈپ ئايلىنىدۇ ۋە خەنجەرنى تۇغقا ئۇرۇپ، ئارقىدىن بىمارغا ”سالىدۇ“، ئاندىن شامان تۇغنىڭ ئەتراپىنى ئاۋۋالقىدەك ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ بولۇپ، كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ”خەنجەر سالىدۇ“. ئاخىرىدا خەنجەرنى بىمارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. شامان بىمار تېنىدىن يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدە بىمارنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇزۇپ، كۆزلىرى، بوغۇزى، شۇنىڭدەك بىمارنىڭ ھەر قايسى ئەزاسى (يۈزى، قورسىقى، دۇمبىسى) غا كۆچەپ، تېز-تېز ”خەنجەر سېلىش“قا كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك يەنە ”ئاللا“ دەپ ۋارقىرىشىدۇ.

شامان بىمارنى ئۆرۈپ دۈم قىلغاندىن كېيىن، خەنجەرنى تۇغدىن ئايلاندۇرۇپ بىمارنىڭ تارغاقلىرى ئارىسىغا ”سالىدۇ“ ھەم خەنجەرنىڭ ئۇچىنى بىمارنىڭ مۇرىسىگە سانجىيدۇ. بۇ ئارىلىقتا شامان يەنە قوش پېيى بىلەن بىمارغا ”خان سۈيى“ چاچىدۇ ۋە ”ئەئۇزى بىللاھى ئەزەمتۇ ئەلەيكۇم يا دىۋىلەر، يا پەرىلەر، سىزەمتۇ ئەلەيكۇم دىۋىلەر، شاياتۇنلار...“ دەپ تۇرۇپ بىمارغا يەنە بىر نەچچە قېتىم خان سۈيى چېچىپ، بىر نەچچە قېتىم ”خەنجەر سالىدۇ“. ئاندىن شامان ”ئاللا تۆۋبە“ دېگىنىچە بىمارنى جايىدىن ئاستا يۆلەپ، بىمارنىڭ مۈرىسىدىن بېشىغىچە ”خەنجەر سالغان“دىن كېيىن، خەنجەرنى سۇرتىدۇ.

بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندا، بىمارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تۇغنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، شامان ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ھاپىزلار يەنە داپلارنى چېلىشقا باشلايدۇ. شامان ئورنىدىن تۇرۇپ تۇغنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر قولىدا خەنجەرنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا تۇغنى تۇتۇپ چۆرگىلەيدۇ. ئۇ بىردەمدىن كېيىن بىمارنىڭ يېنىدا توختاپ، بىمارنىڭ ھەممە يېرىگە ”خەنجەر سېلىپ“، ئاندىن خەنجەرنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىك

تەرەپكە ئېتىلىپ بارىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىمار تەرەپكە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يەنە ”خەنجەر سالىدۇ“... بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، باشقا پائالىيەتلەرگە ئۆتىدۇ. يەنى، شامان بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش، ئۆزىنىڭ قولىغا يىڭنە سانجىش، نەيچىدىن قان ئاققۇزۇش... قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بىمارنىڭ ھەقىقەتەن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شامان بىر قولىغا يىڭنە سانجىپ قان چىقىرىپ، يەنە بىر قولىنى قانغا تەگكۈزىدۇ، ئاندىن خەنجەرنى ئۆزىنىڭ تىلىغا ۋە بوغۇزىغا تەگكۈزۈپ، تۇغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىپ، بىمارغا ”خەنجەر سالىدۇ“.

”روھى كېسەللەر دوختۇرى“نىڭ بۇ ئويۇنى سورۇنغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ بىرلىكتە ”ئامىن“ دەپ دۇئا قىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بىمار چارچاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شامان بىمارنى كىمنىڭ قانداق مەقسەتتە ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ يورمەي ئۇنى داۋالاۋېرىدۇ.

دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسى بارلىق كىشىلەرگە چاي بېرىدۇ.

بۇ خىل قورقۇنچلۇق داۋالاش پائالىيىتىدە چارچاپ كەتكەنلەرگە ۋە بىمارغا سوغۇق چاي بېرىلىدۇ. بۇ پائالىيەتتە زىيادە چارچاپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم بىمارلار داۋالىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈنگىچە ياكى بىر مەزگىلگىچە سىرتقا چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ”داۋالىنىش“ ئارقىلىق يامان روھلار قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، بىمار تېنىدىكى يامان روھلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتكەنمىش.

4) چوك ئويۇن

شامان بىمارنى تۇغقا ئېسىلدۇرۇپ ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى تۇغنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى تۇغقا ئېسىلىپ پىرقىرايدۇ. ھاپىزلارمۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە تەڭكەش قىلىپ داپلارنى چالىدۇ. شامان

پىرقىراپ بولغاندىن كېيىن، قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ "ئاللا" دەپ ۋارقىراپ تۇغنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرەيدۇ ۋە قولىدىكى خەنجەرنى بىمار ئەتراپىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىدىن كېيىن بىمارنىڭ بەدىنىگە "خەنجەر سالىدۇ"، ئارقىدىنلا خەنجەرنى "خان سۈيى"گە چىلاپ بىمارنىڭ كۆزلىرىگە ۋە باشقا جايلىرىغا "سالىدۇ". ئاخىرىدا بىمارنىڭ بەدىنىگە "خان سۈيى" چېچىپ، خەنجەرنى بىمارنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ بىمار بىللە تۇغنى ئايلىنىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن ياستۇقنى تۇغنىڭ يېنىغا قويۇپ بىمارنى ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى پۈتىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئۇۋۇلايدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان ئاۋۋالقىدەك بىمارغا تۇغنى تۇتقۇزۇپ بىرلىكتە ئايلىنىدۇ. كۈن چىقىپ يورۇق چۈشكىچە بايراق كىشىلەر چاپان، كەمبەغەللەر كىلىرى رەخت بىلەن بىمارنىڭ بېشىنى ئوراپ، داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن بىمارنى باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقىدۇ.

شامان ئاق (ياكى قارا) مېكىيان ياكى خورازنى (كېسەل توخۇ بولسا بولمايدۇ) بىمارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ روھىنى كۆچۈرىدۇ. بەزى بىمارلارنى توخۇ بىلەن ئۇرىدۇ. روھىنى كۆچۈرۈش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، شامان توخۇنى شاگىرتلىرىغا بېرىپ، بىمارنىڭ بېشىدىكى چاپاننى ياكى رەختنى ئۆزى ئالىدۇ.

ئاندىن شامان ئېلىپ كېلىنگەن قومۇشلارنى ئۆيگە چىگىلگەن تۇغدىكى لاتا بىلەن باغلاپ ئوت يېقىپ، بىمارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ تۇرۇپ بېشىدىن ئوت ئۆرۈيدۇ ("ئوتلاپ قاقىدۇ"). ئاندىن قالدۇق قومۇشلارنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، شۇ يەردە پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شامان قايتا دۇئا قىلىپ، "خان سۈيى"نى قومۇشلار بىلەن بىمارغا چاچىدۇ. شاياتۇنلارنىڭ ئۆيدە قېپقالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ يوسۇندا تۆت تامدىكى چىراغلارغىچە چاچىدۇ. تۇغ چىگىلگەن پەگاھدىكى قوزۇقنىڭ تۈۋىگە

كىچىك ئورەك كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ماي قۇيۇپ، ئوت تۇتاشتۇرۇلغان پىلتىنى ئورەككە تاشلايدۇ.

روھلارنى قوغلاپ چىقىرىپ بىمارنى داۋالاش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىمار سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ ياكى ئاتا-ئانىسى ۋە ياكى ياردەملەشكۈچىلىرى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ (بەزىدە بىمار ئائىلىسىدىكىلەر شامانىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئەتراپتىكى باشقا بىمارلارمۇ پېرىگە چۈشۈش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە يىغىلىدۇ. داۋالاش ئاخىرلاشقاندا، بىمارلار بىر ئۆيگە يىغىلغان ئەھۋالدا ياكى بىر قانچە بىمار شامانىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغاندا بىمار ياردەمچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىدۇ). شامان ئېشىپ قالغان ”خان سۈيى“نى ئۆزى تۆكۈۋېتىدۇ ۋە پېرىدە ئىشلىتىلگەن ئارغامچا، چاپان، رەخت، پىيالە، قوشۇق، بىمارنىڭ بېشىنى ئورىغان رەخت قاتارلىقلارنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ. توخۇنى شاگىرتلىرىغا بېرىدۇ. بۇلارنى بىمار ئېلىپ كەتسە بولمايدۇ. چۈنكى، شامانىنىڭ قارىشىچە، بىمارنى پېرىگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنى بىمار تەرەپ ئېلىپ كەتسە، بىمار يەنە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالارمىش.

كۆپ چاغلاردا بايراق كىشىلەر شامانغا كۆپرەك، كەمبەغەلرەك كىشىلەر ئازراق ھەق بېرىپ ئۇنى رازى قىلىدۇ. شاگىرتلار پېرە ئويۇنىدا ئىشلىتىلگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئادەتتە ”پېرە ئويۇنى“ كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بارلىق ”داۋالاش“ پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شامانغا يەنە ناندىن يەتتىنى، مايدا پىشۇرۇلغان پوشكالدىن يەتتىنى ۋە چىلتەنلەر ھەققىدە تەييارلانغان پوشكالدىن قىرىقنى بېرىدۇ. پوشكاللارنى تەييارلاپ بولالمىغان بولسا، كېتەرلىك نەرسىلەرنى شامانىنىڭ ئۆزىگە بېرىدۇ. شامان ئۆزى تەييارلىۋالىدۇ①.

## 2. ”خەنجەر سېلىپ“ ئوقۇش ۋە قوش پىيى بىلەن سىيرىپ

ئوقۇش

”خەنجەر سېلىپ“ ئوقۇش ۋە قوش پېيى بىلەن سىيرىپ ئوقۇش ئارقىلىق داۋالاش پېرىخونلۇقى ”پىرە ئويۇنى“دىن ئايرىلىپ چىققان پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى بولۇپ، بۇ خىل پېرىخونلۇقنىڭ پائالىيەت جەريانى بىر قەدەر ئاددىي بولىدۇ. يەنى، بىمار نىڭ مەلۇم ئەزاسى ياكى ھەممە يېرى ئاغرىسا ياكى بەدىنى ئېغىرلىشىپ كەتسە شامانىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شامان بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، بىماردىن مەلۇم بىر يالغۇز دەرەخ، ئەسكى تام ياكى مەينەت جاينىڭ يېنىدىن ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكىنى سورايدۇ. بىمار مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ بىرەرسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، شامان بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ جايدىكى مەلۇم بىر دىۋە-پەرى ياكى يامان روھلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ-دە، ”خەنجەر سېلىپ“ ياكى بولمىسا بۇركۈت، قارچىغا پېيى بىلەن سىيرىپ ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە شۇ خىل ئۇسۇلدا ”داۋالايدۇ.“ ”خەنجەر سېلىپ“ ئوقۇشنىڭ جەريانى مۇنداق: شامان ئۇزۇن ساپلىق خەنجەر (ياكى ھەرىكەتچان ساپلىق پىچاق)نى يېنىدا قويۇپ، ئاۋۋال بوي سېلىپ، ياخشى روھلار ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ، بىمار تېنىگە زىيان يەتكۈزگەن يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ”ئازايىم دۇئاسى“نى ئوقۇشقا باشلايدۇ. شامان ھەربىر ئوقۇش باسقۇچى ئاخىرلاشقاندا، خەنجەرنى ئالدىدا ياتقان بىمارنىڭ ئايىغىدىن بېشىغىچە سىيرىيدۇ. ھەر بىر باسقۇچتا خەنجەرنى مۇشۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم سىيرىيدۇ. يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بارغاندا، شامان خەنجەرنىڭ ئۇچىنى بىمارنىڭ ئاغرىغان جايىغا توغرىلاپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە خۇددى خەنجەرنى بىمارنىڭ بەدىنىگە سانجىۋاتقاندەك ھالەتنى ئىپادىلەپ، بىمار بەدىنىگە ”سالىدۇ“. قوش پېيى بىلەن بىمارنىڭ بەدىنىنى سىيرىپ ئوقۇشنىڭ جەريانى مۇنداق

بولىدۇ: شامان قۇش پېيى بىلەن سىيرىپ ئوقۇغاندىمۇ ئوخشاشلا ''ئازايىم دۇئاسى''نى ئوقۇيدۇ. پەقەت خەنجەرنىڭ ئورنىغا قۇش پېيىنى ئىشلىتىدۇ. يەنى، ئايەت ئوقۇغاچ قۇش پېيىنى بىمارنىڭ ئايىغىدىن بېشىغىچە ياكى بېشىدىن ئايىغىغىچە سىيرىيدۇ. داۋالاشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، قۇش پېيى بىلەن بىمارنىڭ بەدىنىگە ئۇرىدۇ.

''داۋالاش'' ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىمار شامانغا مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ.

3. روھ يۆتكەش

بەزى بوۋاقلار تولۇق يېتىلمەي بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ھالەتتە تۇغۇلۇپ قالىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار ''ئاۋاق'' بولۇپ قېلىش دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق چاغدا ياكى شامان بىمارنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە ياكى بىمار شامانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شامان بىمارنىڭ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن پال ئېچىپ، بىمارغا قورساقتىكى چاغدىلا مەلۇم بىر دۇۋە-پەرى ئاپەت يەتكۈزگەنلىكىنى ياكى مەلۇم بىر جىننىڭ بىمار تېنىگە كىرىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە يامان روھلارنى قورچاققا كۆچۈرۈپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىمار ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر دانە ''ئازايىم قورچاق'' تىكىپ بەلگىلەنگەن كۈنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

قورچاق تىكىش: قورچاق ئاق لاتا بىلەن تىكىلىپ، ئىچىگە پاختا تىقىلىپ ياسىلىدۇ. قورچاقنى بىمار تەرەپتىن چوڭ ئاياللار تەييارلايدۇ. ئادەتتە قورچاقنىڭ ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قورچاقنىڭ جىنسىي پەرقى بىمار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

قورچاق ئېشى تەييارلاش:

بىمار تەرەپ ''جىن قورچىقى'' (''ئازايىم قورچاق'') ياسىغاندىن

باشقا يەنە "جىن ئېشى"، "جىن چۆچەكى" ("جىن قاچىسى") ۋە "جىن قوشۇقى" تەييارلايدۇ. "جىن ئېشى" بىر قېتىم نىكاھلانغان يەتتە ئۆيلۈكتىن قورۇق ئۇن تىلەپ كېلىپ، ئۇنى قازاندا قايناۋاتقان تۇز قويۇلمىغان سۇغا چېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇنداق ئاش ئادەتتە "ئۇماچ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىپ باقمىغان يېڭى قاچا، قوشۇقلار "جىن قاچىسى"، "جىن قوشۇقى" قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بىمار تەرەپ شامان بۇيرۇغان ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ شاماننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شامان ئاۋۋال بوي سېلىپ، روھ چاقىرىش دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قورچاقنى بىمارنىڭ يېنىدا قويۇپ، "ئازايىم دۇئاسى"نى ئوقۇيدۇ. روھ كۆچۈرۈش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاۋۋال بوۋاق قازان ئۈستىدە ھورلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن بوۋاققا تۇزسىز ئېتىلگەن "ئاۋاق ئېشى" ئىچكۈزۈلىدۇ، قالغىنى ئىشلىتىلمىگەن يېڭى قاچىغا قويۇلۇپ، قاچا ئىچىگە ئىشلىتىلمىگەن يېڭى قوشۇق سېلىنىدۇ. شاماننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىمار تەرەپ قورچاق ۋە تەييارلانغان ئاشنى شۇ كېچىسىلا تۆت يول دوقمۇشىدىكى دەرەخكە يۆلەپ، قورچاقنىڭ ئالدىغا قاچىدىكى ئاشنى قوشۇقى بىلەن توختىتىپ قويۇپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي قايتىپ كېلىدۇ. شاماننىڭ ئېيتىشىچە، قورچاقنى ئاپىرىپ توختاتقۇچى ئارقىسىغا قاراپ سالسا، قورچاققا كۆچۈرۈلگەن يامان روھ يەنە بىمار تېنىگە يۆتكىلىۋالارمىش. ئادەتتە بۇ خىل پائالىيەتمۇ كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر چوڭلاردا ئاۋاق كېسىلى كۆرۈلسە، شامان پال ئېچىش ئارقىلىق مەلۇم بىر كىشىنىڭ قەستىنامە ئوقۇتۇشى سەۋەبىدىن بولغان دەپ بېشارەت بېرىدۇ ھەم يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا "داۋالايدۇ". لېكىن روھ كۆچۈرۈلۈپ بولغان قورچاقنى "روھ كۆچۈرۈلگەن" كېچىسىلا شامان كۆرسەتكەن قەبرىستانلىقتىكى بىرەر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ ياكى دەرەخكە يۆلەپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋال دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا

كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

تورانلاندۇرۇش: بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ ئاۋاق بولۇپ قالسا، شامان "تورانلاندۇرۇش" ئۇسۇلى بىلەن "داۋالايدۇ". بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: بىمار تەرەپ يەتتە تۈگمەنگە بېرىپ تۈگمەن تورىنىنى يىغىپ كېلىدۇ. شامان بۇ تورانىنى ئاۋاق بالىنىڭ بەدىنىگە ھەر چارشەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن جەمئىي يەتتە قېتىم سۈرىدۇ ۋە "تورانلاندۇرۇش" ئەپسۇنى ئوقۇپ ھۈرىدۇ ياكى ئاشۇ تورانىنى خېمىر قىلىپ نېپىز يايىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاۋاق بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە چاپلايدۇ. بۇمۇ يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ "تورانلاندۇرۇش" دېيىلىدۇ②.

## 4. ئال قىلىش

بىمارنىڭ قولى ياكى پۇتى ئاغرىپ قالسا، شاماننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شامان پال ئېچىپ كۆرۈپ، بۇنى مەلۇم بىر يامان روھنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن دەپ بېشارەت بېرىدۇ ھەم بىمارغا "ئاق جان" ياكى "قاراجان" (ئاق جان — ئاق توخۇ، ئاق قوي، ئاق كەپتەرلەرگە قارىتىلىدۇ: قارا جان — قارا توخۇ، قارا قوي، قارا كەپتەرلەرگە قارىتىلىدۇ) تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. بىمار ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن (بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا)، شامان ئۇنى بىمارنىڭ پۇتىغا ياكى قولىغا ئاق يىپ بىلەن باغلاپ، "روھ كۆچۈرۈش دۇئاسى" ئوقۇيدۇ. ھەر بىر ئوقۇش باسقۇچىدا شامان قولىدىكى بۇركۈت ياكى قارچىغا پېيى بىلەن بىمارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ياكى ئايىغىدىن بېشىغىچە سىيرىپ، سۈپىلەيدۇ. "داۋالاش" ئاخىرلاشقاندا، بىمار شاماننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە "جان"نى بىرەر قەبرىستانلىقتا ياكى بىرەر يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بوغۇزلاپ، شۇ جايغا كۆمۈۋېتىدۇ. بۇ خىل "داۋالاش" ئۇسۇلى كۆپىنچە تۇغماس ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

5. نۆكچە (چىراغ) قاداپ ئوقۇش

بۇ خىل "داۋالاش" ئۇسۇلىنىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىمارنىڭ پۇتى ياكى قولى ۋە ياكى بېلى قەرەللىك (مۇئەييەن بىر ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە) ئاغرىسا، شاماننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شامان پال ئېچىپ كۆرۈپ، مەلۇم روھلارنىڭ ئاپەت يەتكۈزۈشىدىن پەيدا بولغان ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىمار تەرەپ شاماننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەتتە جۈپ بىر تاق پوشكال ۋە قومۇشتىن ياسالغان يەتتە تال چىراغ تەييارلايدۇ. شامان بىمارنى ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە جۈپ بىر تاق پوشكالنى دەستىلەپ تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە تال چىراغنى سانجىپ ۋە يەنە بىمار تەرەپ تەييارلىغان تۆت چىراغنى ئۆينىڭ تۆت تېمىغا سانجىپ يورۇتۇپ، "روھ كۆچۈرۈش دۇئاسى"نى ئوقۇيدۇ. بۇ خىل "داۋالاش" دۇئا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئادەتتە "نۆكچە قاداپ ئوقۇش" دەپ ئاتىلىدۇ.

6. كەتمەن بېسىپ ئوقۇش

شامان ئاساسەن بېلى ئاغرىيدىغانلارنى، تۇغماس ئاياللارنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن "داۋالايدۇ". "داۋالاش" جەريانى مۇنداق بولىدۇ: بىمار شاماننىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، شامان پال ئېچىپ كۆرۈپ، ئوخشاشلا مەلۇم روھلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن شامان بۇي سىبلىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىر كەتمەننى ئوتقا تاشلايدۇ. كەتمەن ئوتتا قىزارغاندىن كېيىن، بىمارنى دۈم ياتقۇزۇپ، كەتمەننى ئوتتىن ئېلىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن قىزىق كەتمەننىڭ يۈزىگە دەسسەپ، ئارقىدىنلا بىمارنىڭ بېلىگە ئۈچ قېتىم دەسسەيدۇ. ھەر قېتىم دەسسىگەندە، شامان روھلاردىن مەدەت تىلەيدۇ ھەم يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇيدۇ. بۇنداق دەسسەش تەكرار يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامان دۇئا قىلىپ "كەتمەن بېسىپ

ئوقۇش“نى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

7. چاچراتقۇ سېلىش

بۇ خىل ”داۋالاش“ ئۇسۇلى يۈزنى، بېشىنى ياكى بەدىنىنى يارا قاپلاپ كەتكەن بىمارلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ”داۋالاش“ جەريانى مۇنداق بولىدۇ: ئاۋۋال شامان ياغاچتەك چوڭلۇقتىكى ئۈچ پارچە خېمىرنى ئەيلەپ بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا سۇپكۆچ قىلىپ قوقاس ئوتقا كۆمىدۇ. ئاندىن شامان ئوتقا ھۆرۈپ ئەپسۇن ئوقۇيدۇ. چوغقا كۆمۈلگەن خېمىر بىر ئازدىن كېيىن ”پوك“ قىلىپ ئېتىلىپ، تەرەپ- تەرەپكە چاچراپ كېتىدۇ. شامانىنىڭ قارىشىچە، بۇ ”چاچراتقۇ سېھرى“نىڭ كۈچى بىلەن يارا ساقىيارمىش③.

ئۇندىن باشقا ”ئوت كۆچۈرۈش“ ئۇسۇلىمۇ بار بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالسا ياكى تولا يىغلاپ ئارام بەرمىسە، ”باشقىلارنىڭ ئوتى تۇتۇپ قاپتۇ“ دەپ قاراپ شامانىنىڭ ئالدىغا ياكى ”ئۇدۇمى بار“ بۇۋىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار چاۋار- چاتقال، ناننىڭ كۆيۈكى ياكى كېپەكلەرنى ئالىقىنىغا ئېلىپ سۈپلىگەندىن كېيىن، بىمارنىڭ دۈمبە، قورساقلىرىغا دوملايدۇ ياكى يۇقىرىقى نەرسىلەرنى لاتا ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنى ئوتتا ئىسسىتىپ سۈپلىگەچ بىمارنىڭ ئاغرىغان جايلىرىغا تەگكۈزىدۇ. ئوت كۆچۈرگۈچى (شامان ياكى بۇۋىلەر) ”ئوت كۆچۈرۈش“ جەريانىدا تولا ئەسنىسە، بۇ بىمارنى ھەقىقەتەن ”ئوت تۇتۇۋالغان“لىقىنى ئىپادىلەرمىش. ”داۋالاش“ ئاخىرلاشقاندا، ئوت كۆچۈرگۈچى ”كۆچسەڭ كۆچتۇڭ. كۆچمىسەڭ بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن“ دەپ ئوت تۇتتۇرغان روھلارغا ”بۇيرۇق“ قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن، ئۇيغۇر شامانلارنىڭ داۋالاش پىرىخونلۇقىنىڭ بىر قىسىم رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە ھېلى ھەم مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2§ يامغۇر تىلەش پىرىخونلۇقى

"ياداتاش" چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان بىر خىل پىرىخونلۇق چۈشەنچىسىدۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، "ياداتاش" ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرغىلى، شامال چىقارغىلى ياكى قار ياغدۇرغىلى بولارمىش. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ شامانىنىڭ "ياداتاش" سېھرى بىلەن يازدا قار ياغدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

شۆبتىسىيلىك گۇننار ياررىڭنىڭ خاتىرىسىدە: "يادىچى گۇمىدا يوق ئىكەن. قاغىلىق تەۋەسىدە زوڭلاڭ دېگەن كەنتتە بار. ئاۋۋال زاماندىن تارتىپ شۇ جايدىن تولا يادىچى چىقىدۇ. مېنىڭ ئاڭلىغىنىم: ياداتاشنى سۇغا سېلىپ دۇئاسىنى ئوقۇسا، يامغۇر ياغارمىش. ئىسسىق جايدا ياداتاشنى قويۇپ دۇئاسىنى ئوقۇسا كۈن چىقارئىمىش. ياداتاش تاپماقنىڭ بايانى مۇنداق: ياداتاش كۈز ۋاقتىدا ئاسماندىن چۈشەر ئىمىش. بېدىلىككە، كۆكلىككە، ئوتلاق جايغا چۈشىدۇ دەيدۇ. ئوت بىلەن قوشۇپ ئۇي يېسە، ئۇ ئۇي ھەر بىر ئازنىغاندا ئون ـ ئون بەشنى ئازناپ توختايدۇ. شۇنداق ئۇيدىن بەزى ئادەملەر يادا تاش تېپىپ ئالغانىكەن. ئەلۋەتتە، شۇنداق ئۇينى ئۆلتۈرۈپ، يادا تاشنى ئالغان ئادەملەر ئالتە شەھەردە بار."④ دەپ خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، "يادا تاش" ئارقىلىق شامان ئاسمانغا تەسىر كۆرسىتىپ، يامغۇر، شامال، قار ۋە باشقا ھادىسىلەرنى پەيدا قىلالايدۇ دەپ قارالغان. ھازىرمۇ بەزى كىشىلەردە "ياداتاش" ھەققىدىكى مۇشۇنداق چۈشەنچە ساقلىنىپ قالغان.

## §3 پەرزەنت تىلەش پىرىخونلۇقى

پەرزەنت تىلەش پىرىخونلۇقى شامانىنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرى ئىچىدە خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، هازىرمۇ بەزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قالدۇق تەسىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئاياللار پەرزەنت تىلىمەكچى بولسا، شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېرىنىڭ هەمراهلىقىدا ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ، مەلۇم بىر دەرەخنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرەخ غولىنى قۇچاقلايدۇ ياكى دەرەخ ئاستىدا ئېرى بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلسا، پەرزەنت كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى بۇ خىل دەرەخنى ”يالغۇز ئوغۇل“ دېگەن مەنىدە ئاتايدۇ. ئۇندىن باشقا قومۇل ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرىنى هەمراھ قىلىپ، شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ”ئىلاھىي بۇلاق“ بېشىغا بېرىپ پەرزەنت تىلەيدۇ. يەنى پەرزەنت تىلىگۈچىنىڭ ئېرى كەتمەن بىلەن بۇلاق كۆزىدىن ئۈچ كەتمەن لاي ئالىدۇ. ئەگەر ”ئىلاھىي بۇلاق“تىن تەڭگە چىقسا، ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىغا: ئۈزۈك ياكى يىڭنە چىقسا، قىز پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەگەر هېچنەرسە چىقمىسا، هامىلىدارلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ⑤.

قىسمەن ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى هامىلە دائىم دېگۈدەك چۈشۈپ كەتسە ياكى ئۆلۈك تۇغۇلۇپ قالسا، شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ بالىنى ئېشەك تېرىسىگە تۇغسا، بالا هايات قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ⑥.

ئۇندىن باشقا خوتەن گۇما ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار بالىنى تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈر ئالدىغا ئاپىرىپ، بالىنىڭ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ ئۆڭكۈر ئالدىدا يالغۇز قالدۇرىدۇ ۋە بالىنى ئۆڭكۈردىن ئۈچ قېتىم ئۆمىلىتىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن يەنە بالىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ، بالىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق قىلسا،

بالا ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ⑦.

يۇقىرىقى پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ئۆچكۈر، بۇلاق كۆزى ۋە دەرەخ غولى قاتارلىقلار " ئانا تىنى"گە سىمۋول قىلىنغان.

## §4 پاكلاش پىرىخونلۇقى

"پاكلاش" پىرىخونلۇقى قەدىمىي پىرىخونلۇق شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا مال - چارۋىلارغا تۇيۇقسىز كېسەل تەگسە ياكى يىراقتىن مېھمان كەلسە، ئاۋۋال ئىككى تەرەپكە گۈلخان يېقىپ مال - چارۋىلارنى ياكى يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى گۈلخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ "پاكلايدىغان" ئادەتلەر بار ئىدى. ھازىرقى قالدۇق پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىمۇ ئوت بىلەن "پاكلاش" ئۇسۇلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئوتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى "پاكلاش" قورالى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە سۇ ۋە سۈت بىلەن "پاكلاش" ئۇسۇلىمۇ بولغان.

دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگىچە، ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن "ئاق چىراغ" ۋە "قارا چىراغ" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل جەمەت تەشكىلى بولغان بولۇپ، ھەر قايسى "چىراغ" تەشكىلىگە مەنسۇپ بولغان (قول بەرگەن) ئەزالار "ئۆي چىرىغى"، "كالا چىرىغى"، "مال چىرىغى" قاتارلىق چىراغ پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ھوقۇقلۇق بولغان. بۇ خىل پائالىيەتنىڭ مۇقىم ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى يوق بولۇپ، پائالىيەت ۋاقتىنى ئۆي ئىگىسى بەلگىلىگەن.

"ئۆي چىرىغى": ئۆي چىرىغى ئۆي ئىچىنى پاكلاپ، ئائىلىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى تىلەش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل

دىنىي پائالىيەت. بۇ خىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى 40 دانە ھۆل پوشكال (مايدا پىشۇرۇلغان پوشكال)، 40 دانە قۇرۇق پوشكال (مايسىز پىشۇرۇلغان پوشكال) ۋە 40 دانە چىراغ تەييارلايدۇ. ئاندىن ئۆيگە بىر قانچە موللا (ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى شامان چاقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن) چاقىرىدۇ. ئۇلار 40 دانە چىراغقا ئوت يېقىپ، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تۆت چىراغنى سانجىيدۇ، 40 دانە ھۆل پوشكال ۋە 40 دانە قۇرۇق پوشكالنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى بۆلەك قىلىپ دەستىلەپ، ئۈستىگە 7 دانىدىن چىراغ سانجىيدۇ، ئېشىپ قالغان چىراغلارنى تامنىڭ تۈۋىگە ئۆي ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ سانجىيدۇ. ئاندىن موللىلار «قۇرئان» ئوقۇيدۇ. ئاخىرىدا موللىلار پوشكاللارغا ئازراقتىن ئېغىز تېگىپ، قالغىنىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل پائالىيەت ئاخشىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ (بەزىدە كۈندۈزىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ). كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۆي ئىچىدە "چىراغ" قىلسا، ئۆي ئىچى بالا-قازادىن خالى بولارمىش، كېسەللىك ئاپەتلىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتەرمىش.

"كالا ۋە قوي چىرىغى": كالا-قويلارغا تۇيۇقسىز كېسەل تەگسە، ئىنەك، ساغلىقلارنىڭ سۈتى تارتىلىپ كەتسە ياكى تۇغمىسا كالا-قويلارنىڭ ئىگىسى يەتتە جۈپ، بىر تاق پوشكال تەييارلايدۇ. ئاندىن بىر موللىنى چاقىرىپ كېلىدۇ. موللا قوي-كالىلارنى قوتانغا سولاتقۇزۇۋېتىپ (كالا باقىدىغانلار "كالا چىرىغى" ئۆتكۈزىدۇ؛ قوي باقىدىغانلار "قوي چىرىغى" ئۆتكۈزىدۇ) قوتاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا داستىخان سېلىپ، داستىخاننىڭ ئۈستىگە يەتتە جۈپ، بىر تاق پوشكالنى قويۇپ «قۇرئان» ئوقۇيدۇ. بۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، «قۇرئان»نى قوتاننىڭ ئىشىكى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاستىدىن قوي-كالىلارنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا موللا دۇئا قىلىپ بولۇپ، تېگىشلىك رازى قىلىنغاندىن كېيىن كېتىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە بۇنداق "پاكلاش" پائالىيەتلىرى ئوت ئارقىلىق

ئېلىپ بېرىلغان. ئەمما ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ، شەكىل جەھەتتە شامان دىنى تەسىرىنى ساقلاپ قالغان. يەنى قەدىمكى دەۋرلەردە مال-چارۋىلاردا يۇقىرىقىدەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن چاغلاردا، مال-چارۋىلار گۈلخان ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ "پاكلانغان" بولسا، ئىسلام دىنى شارائىتىدا «قۇرئان» بىلەن "پاكلاش"قا ئۆزگەرگەن.

"ئوتلاپ قېقىش": بۆشۈكتىكى بوۋاق زاۋالدا قالسا (بوۋاقنىڭ بۆشۈكى ۋە ھەر خىل جابدۇقلىرىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە)، بوۋاقنىڭ ئانىسى بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۈستىگە چاپان ياكى چوڭراق رومال ۋە ياكى بىر پارچە رەختنى ئارتىپ ئولتۇرىدۇ. بوۋاقنىڭ مومىسى بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ سۈپكۈچ قىلىپ، بوۋاق بىلەن ئانىسىنىڭ بېشىدىن ئوت ئۆرۈيدۇ. موماي ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ بېشىدىن ھەر بىر يۆتكەلگەندە ئۈچ قېتىم ئوت ئۆرۈيدۇ. ئانا-بالا ئىككىيلەن مۇشۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم يۆتكىلىدۇ. ئوت ئۆرۈش ئاخىرلاشقاندا، ئانا بوۋاق بىلەن ئۆزىنى ئورىغان چاپان، رومال ياكى رەختنى بېشىدىن ئالماي تۇرۇپلا، بوۋاقنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار توي كۈنى يېڭى كېلىننى يۆتكەپ كەلگەندە، يېڭى ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن كېلىننى ئوتتىن ئايلاندۇرۇپ "پاكلايدۇ". بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يېڭى ئۆي سالغاندا، تام قوپۇرۇپ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ياپىدىغان چاغدا، تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلىدىغان خارغا ئوتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قىزىل لاتا باغلاپ، ئاندىن خارنى تامنىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم ئۆينىڭ ئىچىگە بۇي سالىدۇ. بۇمۇ يېڭى ئۆينىڭ خاتىرجەملىكىنى تىلەش، يامان روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش، يېڭى ئۆينى "پاكلاش" مەنىسىگە ئىگە.

## §5 روھنى چاقىرىش پېرىخونلۇقى

بۇ خىل پېرىخونلۇق كۆپ ھاللاردا بالىلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بالا ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتسە، بالىنىڭ روھى ئۇنى چۆچۈتىۋېتىپ چىقىپ كەتتى دەپ قارىلىپ، روھنى چاقىرىش پېرىخونلۇقى ئارقىلىق بالىنىڭ "روھى قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ". ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل پېرىخونلۇقنى كۆپىنچە بالىنىڭ مومىسى ئورۇنلايدۇ پېرىخونلۇقنىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ: ئانا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. بالىنىڭ مومىسى بالىنىڭ كىيىمىنى سۆپۈرگىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىپ بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ بالىنىڭ روھىنىڭ قايتىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى سورايدۇ. بىرى "قايتىپ كەلدى" دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن بالىغا كىيىملىرىنى كىيدۈرىدۇ. بۇ چىقىپ كەتكەن روھنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ⑧.

## §6 قەست پېرىخونلۇقى

قەست پېرىخونلۇقى كۆپىنچە ئەر بىلەن ئايال، يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پېرىخونلۇق پائالىيىتى بولۇپ، بۇ ئادەتتە "قەست قىلىش" ۋە "قەستنى قايتۇرۇش"تىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە.

قەست قىلىش: ئەگەر بىر ئايال ئۆز ئېرىگە قەست قىلماقچى بولسا، ئۇ شاماننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. شامان ھاجەتمەن ئايالغا مىۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدىن بىر دانە قوزۇق تەييارلاپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئايال شاماننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بەلگىلەنگەن كۈنى قوزۇقنى ئېلىپ

كېلىدۇ. شامان قورۇققا ”قەستنامە“ ئوقۇپ، قورۇقنى ئايالغا بېرىدۇ. ئايال شاماننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى بوسۇغىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر قېزىپ كۆمىدۇ. شاماننىڭ قارىشىچە، ئەر ئۆيگە كىرىپ قورۇق كۆمۈلگەن جايدىن ئاتلاپ ئۆتكەندە ”قەستنامە“ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەرمىش. ئەر ئايالغا قەست قىلماقچى بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا شاماننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شامان ھاجەتمەنگە بىر دانە پاقا تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ھاجەتمەن پاقىنى تۇتۇپ شاماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. شامان پاقىنى ئوچاقتىكى قوقاسقا كۆمۈپ ”قەستنامە“ ئوقۇيدۇ، ئاندىن ھاجەتمەن شاماننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پاقىنى ئايالنىڭ ئۆتەر يولىغا كۆمىدۇ. ئايال كۆمۈلگەن پاقىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ قالسا، ”قەست“ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەرمىش.ئۇندىن باشقا ئۈچىنچى شەخس ئەر-ئايال ياكى قىز-يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بولسا، شاماننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. شاماندا ئەر-ئايالغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بىر جۈپ تۆمۈر قورچاق بولىدۇ. شامان ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپى بويىچە قەست پىرىخونلۇقى قىلغاندا، ئاۋۋال تۆمۈر قورچاقلارنى بىر-بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ جۈپلەپ چىگىپ، ئوچاقتىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ ”قەستنامە“ ئوقۇيدۇ. شاماننىڭ دېيىشىچە، قورچاقلار ئوتتا قىزىغانچە ”قەستنامە“نىڭ تەسىرىدە قەست قىلىنغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، بىر-بىرىدىن تېزلا سەسكىنەرمىش. بۇنداق قەست قىلىش شەكىللىرى كۆپ بولۇپ، ھەر قايسى شامانلارنىڭ قەست قىلىش ئۇسۇللىرى بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

قەست قايتۇرۇش: قەستنى قايتۇرۇش پىرىخونلۇقى قەست قىلىنغۇچى ئۆزىگە قەست قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەست قىلىش ئۇسۇلى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، شامان قەست قىلىنىش ئۇسۇلىنى تەتۈرىسىگە ياندۇرۇپ ”قەستنامە“ ئوقۇيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەست قىلىش پېرىخونلۇقى — "ئىسسىتقۇ" ۋە "سوۋۇتقۇ" دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. "سوۋۇتقۇ" — بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قەست قىلىش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. "ئىسسىتقۇ" — ئادەتتە بىر ئوغۇل بىر قىزغا ياكى بىر قىز بىر ئوغۇلغا قارىتا ئوقۇتىدىغان "قەستلەش" پائالىيىتىدىن ئىبارەت. يەنى، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋېلىش (رام قىلىۋېلىش) مەقسىتىدە شامانغا "قەستنامە" ئوقۇتىدۇ. بۇنداق مەقسەتتە كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شامان بىر جۈپ تۆمۈر قورچاقنى بىر-بىرىگە ئالدىنى قىلىپ جۈپلەپ چىگىپ، ئۇنى ئوتقا سېلىپ "قەستنامە" ئوقۇيدۇ. شامانىنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلسا، ئەر بىلەن ئايال ياكى يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىغا مېھىر چۈشەرمىش.

شامانىنىڭ ئېيتىشىچە، مەيلى "قەست قىلىش" بولسۇن ۋە مەيلى "قەستنى قايتۇرۇش" بولسۇن ھەممىسى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىكەن. "قەست" پېرىخونلۇقىنىڭ "سېھرىي كۈچى" قەست قىلىنغۇچى سېزىپ قالغانغا قەدەر ساقلىنىدىكەن. شۇڭا قايسى خىلدىكى "قەست قىلىش"بولسۇن قەست قىلىنغۇچى ھەرگىز سېزىپ قالماسلىقى شەرت ئىكەن.

## §7 پەرھىز پېرىخونلۇقى

پەرھىز پېرىخونلۇقى: كىشىلەرنىڭ تىل ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى چەكلەش ۋە چەكلىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەردىكى ھۆرمەت ۋە قورقۇنچ ھېسسىياتىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىلىنىشى. ھازىرمۇ يېزىلاردا بەزى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرى، ئاتا-بوۋىسى ۋە ئەر تەرەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالمايدۇ. شامان دىنىدىكى پەرھىز چۈشەنچىسى ۋە قالدۇق

پەرھىز ئادەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. چۈنكى، شامان دىنىدا ئېتىقاد ئوبيېكتى دەپ قارالغان ”ئىلاھ“لار ھەققىدە توختالغاندا، ئاشۇ ”ئىلاھىي“ نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تىل - ھەرىكەت پەرھىز ئادەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئۇنىدىن باشقا ”روھنى توختىتىش“ پېرىخونلۇقى ۋە ”روھنى چاقىرىش“ پېرىخونلۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى ”پېرە ئويۇنى“دا خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئايرىم توختالمايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ”ئاپەتتىن ساقلىنىش“ پېرىخونلۇقى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى قاراشلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بۇ خىل پېرىخونلۇقنى ئاخىرقى بابتا ئايرىم بايان قىلىمىز.

**ئىزاھات:**

① ن. پانتوسوۋ: «رۇسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان قىسمىدىن دوكلات»، 6 - توم «تارانچىلاردىكى باخشى»، 1907 - يىل، تاشكەنت، رۇسچە نەشرى.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 489 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 490 - بەت.

④ گۇننار ياررىڭ: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 304 - بەت.

⑤ ⑥ ⑦ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 156 — 157 - بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 159 - بەت.

# XVIII باب هازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرى

دىن بىر خىل ئاڭ فورماتسىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن مەزمۇن تەركىبلىرى ۋە شەكىل قۇرۇلمىلىرىغا ئىگە. شۇنىڭدەك شامان دىنىمۇ ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىپ هالدىكى دىنىي چۈشەنچىلەرگە ۋە ئاشۇ دىنىي چۈشەنچىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئېتىقاد شەكىللىرىگە ئىگە. شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد شەكىللىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت- شارائىتىنى چىقىش قىلىپ شەكىللەنگەن. شۇڭا شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد شەكىللىرىدە ماكان- زامان ئالاھىدىلىكلىرى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداقلا مىللىي ئۆزگىچىلىكلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى كونكرېت ئېتىقاد پائالىيەتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شامان دىنىدىكى نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرى شامان دىنى ئېتىقاد پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم تەركىبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شامان دىنىدىكى نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىتىدىن قارىغاندا، بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر ئانىمىزم چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. چۈنكى، نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەقسەتكە يېتىشىدىكى بىر خىل ۋاسىتە. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، نەزىر- چىراغ پائالىيىتىگە ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر (نەزىر ئېشى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قۇربانلىق بۇيۇملىرى) نىڭ ھەممىسى پائالىيەت ئاخىرىدا روھقا ئايلىنىپ تەڭرىلەرنىڭ (ياكى روھلارنىڭ) ھوزۇرىغا يېتىپ بارىدۇ. تەڭرىلەر (ياكى روھلار) نەزىر بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، نەزىر قىلغۇچىلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ

چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، نەزىر پائالىيىتىنى ئاۋۋال " سوۋغا " تەقدىم قىلىپ، ئاندىن تەڭرى ( ياكى روھ )نىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش جەريانى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شامان دىنىدىكى نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ھەر خىل خاراكتېردىكى نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىنى دائىرىسى جەھەتتىن كوللېكتىپ نەزىر، ئائىلىۋى نەزىر ۋە شەخس نەزىرىسى دەپ ئۈچ تۈرگە؛ خاراكتېرى جەھەتتىن كۆككە نەزىر قىلىش، ئەجدادقا نەزىر قىلىش، ئۆلگەنلەر روھىغا نەزىر قىلىش ۋە جىن-ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلىش دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر قىلىش پائالىيىتىدە دائىم دېگۈدەك بىر قازان ئاش ( پولو ) ئېتىلىدۇ. قوي-كالا ياكى ئات قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇربانلىق قىلىش ئۇسۇلى ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ گۆشى پىشۇرۇپ نەزىر قىلىش ۋە خام نەزىر ( " خام تالاش " ) قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا نەزىر قىلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا قۇربانلىقنىڭ گۆشى پىشۇرۇلۇپ نەزىر قىلىنىدۇ، خام نەزىر قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

## §1 كوللېكتىپ نەزىر

1 . كۆككە نەزىر قىلىش

قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆك تەڭرىگە ئەڭ يېقىن جايدا ( مۇقەددەس تاغنىڭ ئۇستىدە ) كۆك تەڭرىگە ئاتاپ كوللېكتىپ ھالدا نەزىر-چىراغ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. مۇشۇ خىل ئادەتلەرنىڭ قالدۇق تەسىرى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا " زارا خەتمە " دەپ ئاتىلىدىغان

بىر خىل نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى بار بولۇپ، ئادەتتە بۇ خىل نەزىر يۇرتنى قوۇرغاقچىلىق، كېسەللىك ئاپەتلىرى بېسىپ كەتكەندە ئۆتكۈزۈلەتتى. يۇرت ئاقساقاللىرى. مولla ـ ئاخۇنلار مەسلىھەتلىشىپ، مەلۇم بىر جۇمە كۈنى "زارا خەتمە" ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئائىلىلەرگىچە خەۋەر قىلاتتى. "زارا خەتمە" كەنت دائىرىسى ئىچىدىلا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولسا، كەنت دائىرىسىدىكى بارلىق ئائىلىلەر شۇ جۇمە كۈنى بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىپ، ھەر قايسى ئائىلە ئۆز ئالدىغا بىر قازاندىن " نەزىر ئېشى " تەييارلايتتى (تۇرمۇشى ئەھۋالىغا ئاساسەن " نەزىر ئېشى " تەييارلايتتى). نەزىرگە قاتناشقان چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا بارلىق نەزىر ئېشىغا بىرلىكتە ئېغىز تېگىپ، قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ، يامغۇر تىلەيتتى ياكى يۇرت ئەھلىنىڭ تۈرلۈك كېسەللىك ئاپەتلىرىدىن خالىي بولۇشىنى، يۇرتتا مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىق بولۇشىنى تىلەيتتى. مارالبېشى ناھىيىسىدە بۇنداق پائالىيەت ئادەتتە زاراتگاھلىقتا يېقىن جايلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى. پائالىيەت ئاخىرىدا نەزىر ـ چىراغ جامائىتى زاراتگاھلىقتا بېرىپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرە بېشىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئۆيلىرىگە قايتاتتى. قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ خىل پائالىيەتلەرگە شامان باشچىلىق قىلغان. ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، پائالىيەت مەزمۇنى ئۆزگىرىپ ئىسلامىي تۈس ئالغان.

ئۇندىن باشقا يەنە قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدىمۇ كۆككە نەزىر قىلىشنىڭ بىر خىل پائالىيەت شەكلى ساقلانغان. بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلار ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەلۇم بىر كۈننى تاللاپ يېزا بويىچە يېزىنىڭ سىرتىدىكى ئالاھىدە بىر جايغا يىغىلىپ، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىپ، كۆكتىن شامال، يامغۇر، باياشاتچىلىق؛ ئادەم ۋە چارۋا ـ ماللارغا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. بۇ پائالىيەتكىمۇ مولla ـ ئاخۇنلار

باشچىلىق قىلىدۇ①.

قىسقىسى، بۇ خىل پائالىيەت يېزا-قىشلاق دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان.

2. ئەجدادقا نەزىر قىلىش

ئەجدادقا نەزىر قىلىش پائالىيىتى كوللېكتىپ نەزىر-چىراغ پائالىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ خىل پائالىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. قەشقەر رايونىدىكى " ئوردام " پائالىيىتى ئەجدادقا نەزىر قىلىش پائالىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى. " ئوردام " پائالىيىتى ھەر يىلى بارات ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جاي-جايلاردىن كەلگەن ھاجەتمەنلەر ۋە تاۋاپچىلار ئۆزلىرىنىڭ قۇربى يېتىشىچە چارۋا مال ( ياكى گۆش )، ئاشلىق، كۆكتاتلارنى ئېلىپ، " ئوردا خېنىم مازىرى "غا يىغىلىپ، نەزىرگە ئاتىغانلىرىنى چوڭ داش قازانغا تاشلاپ نەزىر قىلىپ، ئۆلۈغ روھلاردىن بەخت، سالامەتلىك، پەرزەنت... تىلەيدۇ. ھازىرمۇ بۇ خىل پائالىيەتنىڭ قالدۇق تەسىرى ساقلانماقتا.

## §2 ئائىلىۋى نەزىر

1. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش

بۇ خىلدىكى نەزىر-چىراغ پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش پائالىيىتى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى سېغىنىش، ئەسلەپ تۇرۇش، ئۆلۈلەرنىڭ روھىنى" روھلار دۇنياسى "دا خۇددى ھايات ۋاقتىدىكىدەك " شارائىت "قا ئىگە قىلىش، ئۆلۈلەرنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلار مېيىتنى ئۆزىتىپ ئۈچىنچى كۈنى "ئۈچ نەزىرىسى" ( ئۈچ كۈنلۈك نەزىرىسى )نى

ئۆتكۈزىدۇ. بۇ نەزىرگە ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن باشقا يەنە يار-بۇرادەرلىرى، شۇ ئائىلە تۇرۇشلۇق جايدىكى چاقىرىلغان ئەل-جامائەت قاتنىشىدۇ. نەزىر ئىگىسى كالا ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ بىر قازان ئاشقا سېلىپ پىشۇرۇپ، نەزىر ئېشى تەييارلايدۇ. نەزىرگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى نەزىر ئېشىغا ئېغىز تېگىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە مېيىتنى ئۇزىتىپ يەتتىنچى كۈنى ”يەتتە نەزىرسى“نى، قىرىقىنچى كۈنى ”قىرىق نەزىرسى“نى، يىل توشقاندا ”يىل نەزىرسى“نى ئۆتكۈزىدۇ. خوتەن رايونىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقى نەزىرلەردىن باشقا يەنە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ”يىگىرمە نەزىرسى“نى ئۆتكۈزىدىغان ئادەتمۇ بار بولۇپ، ئېھتىمال بۇ شامان دىنىدىكى ”ئۈچ يەتتە نەزىرسى“ چۈشەنچىسىنىڭ قالدۇق تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان يۇقىرىقى نەزىرلەردىن باشقا يەنە مېيىتنى ئۇزىتىپ يۈز كۈن توشقاندا ”يۈز نەزىرسى“نى ئۆتكۈزىدىغان ئادەت بار.

دوكتور دىلمۇرات ئەپەندى تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 7 نىڭ ھەسسىلىك سانى بويىچە نەزىر ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئىگىلىگەن. يەنى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ھازىرمۇ تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەر يەنىلا ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىك مۇراسىملىرىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇرلارنى مىسال ئالساق، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. مال ئۆلتۈرۈپ، نەزىر ئېشى تەييارلاپ، ئەل-جامائەت، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىدۇ. يەتتىنچى، ئون تۆتىنچى، يىگىرمە بىرىنچى، يىگىرمە سەككىزىنچى، ئوتتۇز بەشىنچى كۈنلىرى كىچىك تىپتىكى نەزىر-چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. قەبرە بېشىغا چىقىپ سەدىقە قىلغاندىن باشقا، شەرت-شارائىت يار بەرگەن ئۇرۇق-تۇغقانلار قوي ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈپ

كەتكۈچىنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا تەسەللى چىپى بېرىدۇ. بۇ مۇراسىملارنى 'بىر يەتتە'، 'ئىككى يەتتە'... دەپ ئاتايدۇ..."② .

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆتكۈزىدىغان نەزىر ـ چىراغ پائالىيىتى ئىچىدە " ئۈچ نەزىرسى " بىلەن " قىرىق نەزىرسى" بىر قەدەر چوڭ تىپتىكى نەزىر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

2. "تىلىۋالغان" پەرزەنتكە ئاتاپ نەزىر قىلىش

دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بېشىغا بىر تال ئۆرۈمە چاچ قويۇۋالغان باللارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كېتىپ توختىمىسا، ئاتا ـ ئانىلار يېڭى توغۇلغان بوۋاقنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن بىرەر داڭلىق مازارغا بېرىپ ئۇلۇغ روھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ ھەم بوۋاققا كوكۇلا چاچ قويۇپ قويىدۇ. بۇ چاچ تاكى بالا بالاغەتكە يەتكىچە چۈشۈرۈلمەيدۇ. بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر قازان نەزىر ئېشى تەييارلاپ، ئەل ـ جامائەتنى ئۆيىگە چاقىرىپ نەزىر بەرگەندىن كېيىن، جامائەتنىڭ ئالدىدا بالىنىڭ كوكۇلا چىچىنى كېسىۋېتىدۇ. كۆپچىلىك بىرلىكتە دۇئا قىلىدۇ. ئادەتتە بۇنداق بالا ئائىلىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئۇرۇپ ـ تىللاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

3. خەيىم ـ خەتەرگە يولۇققاندا نەزىر قىلىش

ئائىلىدىكىلەردىن بىرەرسى تۇيۇقسىز كېلىشمەسلىككە يولۇقسا، ئائىلىدىكىلەر شامانىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شامان پال ئېچىپ، بۇ پالاكەتنىڭ مەلۇم بىر دەرەخ ياكى مازاردىكى روھلارنىڭ (ياكى دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ) سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىرەر مازارغا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ ياكى مەلۇم بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە "قان" قىلىدۇ.

4. چوشى بۇزۇلغاندا نەزىر قىلىش

ئۆي ئىگىسىنىڭ چوشى بۇزۇلسا ياكى يامان چوش كۆرۈپ قالسا، بۇنى ئەجدادلار روھىنىڭ ئاچچىق غەزىپىدىن بولغان دەپ قاراپ، شۇ ئەتىگىنىلا بىر قازان نەزىر ئېشى تەييارلاپ مەھەللە جامائىتىگە نەزىر بېرىدۇ ھەم ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ بۇي سالىدۇ. بۇنداق ئادەت جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقى نەزىر-چىراغ پائالىيىتى بىر ئائىلىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى "ئەمەلگە ئاشۇرۇش" ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بىر ئائىلە كوللېكتىپىنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

## §3 شەخس نەزىرىسى

شەخس نەزىرىسى ــ بىرەر شەخسنىڭ مەلۇم مەقسەتتە ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغان نەزىر پائالىيىتىدۇر.

بىرەر كىشىگە تۇيۇقسىز قىممەتلىك بۇيۇم ياكى بايلىق ئۇچراپ قالسا، دەرھال بىرەر "جان"نى ئۆلتۈرۈپ "قان" قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش شارائىتى بولمىسا، ئۆزىنىڭ بىرەر بارمىقىدىن بىر نەچچە تامچە قان ئاققۇزۇپ، ئاندىن ئۇچرىغان بايلىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر بايلىق ئۇچرىغاندا ئۆز ۋاقتىدا نەزىر قىلمىسا ياكى "قان" قىلمىسا، ئۇچرىغان بايلىق شۇ ئادەمگە نېسىپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كىشى بىرەر بالا-قازاغا دۇچار بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بايلىققا ئېرىشىشنىڭ يەنە بىر شەرتى شۇكى، بايلىق تېپىۋالغان كىشى بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقى كېرەك.

ئۇنىدىن باشقا، شامانلارمۇ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرى چوقۇنۇپ " قوغدىغۇچى ئىلاھ" قىلغان يالغۇز دەرەخ ياكى قۇش (بۈركۈت ياكى قارچىغا) قا، شامانلىقنى ئۆگەنگەن جايغا ئاتاپ "قان" قىلىپ

تۇرىدۇ ياكى بۇي سالىدۇ. شامانىنىڭ ئېيتىشىچە، شامان ئۆزىنىڭ مازار-ماشايىخلىرىغا ئۆز قەرەلىدە "قان" قىلىپ، بۇي سىلىپ تۇرمىسا، مازار-ماشايىخلار شاماندىن ئاچچىقلىنىپ قالارمىش، ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتەرمىش. شۇنىڭ بىلەن شامانىنىڭمۇ سېھرىي كۈچى ئاجىزلاپ كېتەرمىش.

بىز يۇقىرىدا نەزىر قىلىنىدىغان هايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلدا نەزىر قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدۇق. نەزىر قىلىنىدىغان هايۋاننىڭ گۆشىنى خام پېتى نەزىر قىلىش (" خام تالاش" قىلىش) ئالاهىدە ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل نەزىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا بىرەر ئائىلىدە مەلۇم بىر ئىشقا ئاتاپ بېقىلىۋاتقان ئات، كالا ياكى قوي تۇيۇقسىز بىرەر هادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالسا، ئۇي ئىگىسى ئۇنىڭ گۆشىنى هالال قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى بوغۇزلاپ سويۇپ، ئائىلىگە كەلگەن بالا-قازانى شۇنىڭ بىلەن ئۆزىتىش مەقسىتىدە گۆشىنى خام پېتى ئەل-جامائەتكە ئۈلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر-چىراغلىرىدا قۇربانلىق قىلىنغان هايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ئەل-جامائەتكە نەزىر خاراكتېرىدە بېرىلىدۇ. نەزىر قىلغۇچىلارمۇ نەزىر ئېشى ۋە نەزىر گۆشىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما، كىشىلەر "قان" قىلغان "جان"نىڭ گۆشىنى يېمەي، ئۇنى شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە "قان" قىلىنغان جايغا كۆمۈۋېتىدۇ.

**ئىزاهات:**

① ② دىلمۇرات ئۆمەر: « ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 139 — 140 - بەتلەرگە قارالسۇن.

# XIX باب ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان سىمۋوللۇق رەڭ ۋە خاسىيەتلىك سانلارنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى

رەڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئوبيېكتىپ شەيئى مۇئەييەن رەڭ پەرقىدىن تەركىب تاپقان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ تۆۋەن تەپەككۇر، ئەڭ تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغانلىقتىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى سىرلىقلاشتۇرغان، ئىلاھلاشتۇرغان، ئادەملەشتۇرگەن. ئۆزلىرىگە خوشاللىق ئېلىپ كەلگەن، ھاياتىنى قوغدىغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغان؛ شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى چەكلىگەن تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگىمۇ چوقۇنغان. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ رەڭگىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەس ئورۇنغا ئۆتكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىدە رەڭلەر ئارقىلىق "تەبىئەت ئىلاھلىرى" بىلەن ئۆزلۈكسىز ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي ھالدا شامان دىنى چۈشەنچىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق " تەبىئەت ئىلاھلىرى "نىڭ رەڭگى ئاشۇ " ئىلاھلار "نى ۋە ئاشۇ " ئىلاھلارنىڭ خاراكتېرى "نى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە مۇقەددەس ئىلاھىي بەلگە سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، رەڭ ئۇلۇغلىقىنى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى بىلەن ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنىڭ زىچ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ①.

شۇ سەۋەبتىن، كېيىنچە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدىكى رەڭ چۈشەنچىلىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. رەڭ ئۇلۇغلىقى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ مەنىۋى زۆرۈرىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت رەڭ قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئايلانغان.

دۇنيادىكى نۇرغۇن خەلقلەردە رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر بولغان، بۇ خىل چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي چۈشەنچىسىدە ”كۆك رەڭ شەرق تەرەپنى، قىزىل رەڭ جەنۇب تەرەپنى، ئاق رەڭ غەرب تەرەپنى، قارا رەڭ شىمال تەرەپنى كۆرسىتەتتى“② . ھۇنلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت خەن گاۋزۇ (ليۇ باڭ)نى ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىرنەچچە يۈز مىڭ خەن سولالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇپ تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىقتىن تەشكىللەنگەن 400 مىڭ ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرى قورشىۋالغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنىك تەركىۋى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي خەلقلەردىمۇ رەڭ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىرگە ئىگە ئىدى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يەنە ئەڭ دەسلەپكى ھېسابلاش چۈشەنچىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھېسابلاش ئۇسۇلى بارماق بىلەن ھېسابلاش بولۇپ، 5نى نېگىزلىك سان قىلىپ ھېسابلاش ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ھېسابلاش ئۇسۇلى ئىدى.

ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدىكى "سىرلىق تۈس بىلەن ئورالغان سانلار ئاساسەن 10 ساننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيتتى. ئىپتىدائىي مىللەتلەر پەقەت مۇشۇ بىر نەچچە ساننىلا بىلەتتى، پەقەت مۇشۇ بىر نەچچە ساننىلا ئاتىيالايتتى"③. بۇ يەردە كۆرسىتىلىۋاتقان بىر نەچچە سان بىردىن ئونغىچە بولغان ئاددىي سانلار بولۇپ، بۇ سانلارنى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدا شەكىللەنگەن ئەڭ دەسلەپكى سان چۈشەنچىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. كېيىن ئىنسانلار ئىپتىدائىي ئېڭىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مانا بۇ ئاددىي سانلارنى ھەسسىلىك سانى بويىچە ھېسابلىيالايدىغان بولغان. ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىكى ئۇلۇغ سانلار ئىپتىدائىي تەپەككۇردا سىرلىق خاراكتېرغا ئىگە قىلىنغان مۇستەقىل سانلار بولۇپ، ئادەتتىكى ئاددىي سانلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن. يەنى "ئىپتىدائىي تەپەككۇردا بۇ سانلار ئىچىدىكى ھەر بىر سان بىر خىل مەۋجۇتلۇق دەپ چۈشىنىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنى باشقا سانلارنىڭ ئىقتىدارى دەپ قاراش ۋە بەلگىلەش ئېھتىياجى تۇغۇلمىغان"④. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇلۇغ سانلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىپتىدائىي تەپەككۇردىكى ئەڭ دەسلەپكى سان چۈشەنچىسى بىلەن ئىلاھىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ سانلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە مۇئەييەن ئىلاھىي ئوبيېكتلارغا ۋەكىللىك قىلغان.

ئىلاھىي ئوبيېكتلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئۇلۇغ سانلار ۋە ئۇلۇغ سانلار ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسى ۋە تۇرمۇش، تىل ئادەتلىرىدىمۇ ئۇلۇغ سانلارنىڭ تەسىرىنى كەڭ تۈردە ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

## §1 رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ئاق، كۆك، قىزىل، قارا رەڭلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ھەر قايسى رەڭلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا سىمۋوللۇق مەنىسى بار بولۇپ، شامانلارنىڭ ھەر خىل ئېتىقاد ۋە پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بۇ رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئادەتتە شامانلار تۆت خىل رەڭدىكى لاتىلاردىن ۋە باشقا شۇ خىل رەڭ دائىرىسىدىكى نەرسىلەردىن ئۆز نۆۋىتىدە، ئۆز باسقۇچىدا پايدىلىنىپ، ئاخىرقى "نىشانى"غا يېتىدۇ.

### 1. كۆك رەڭ

كۆك رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئۇلۇغلىنىدىغان مۇھىم رەڭلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا: "بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى (3) ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى (4) بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز-چىرايى كۆك ئىدى (5) ... ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى (50-51-52-53-قۇرلار)... ئوغۇزخاقان ئۇۋغا چىقتى (70). ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى (71-72-73-74-75-76-77-قۇرلار)... تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى (137-138-139-140-141-قۇرلار)... كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا بېشارەت (326) "⑤ دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ بايانلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بىر جەھەتتىن كۆك رەڭ ئەجدادلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىلاھىي ئاسماننى كۆرسەتكەن،

ئوغۇزخاقاننىڭ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىشى ۋە نۇسرەت قازىنىشىمۇ كۆك رەڭ چۈشەنچىسىگە باغلانغان: «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دىمۇ: ”كۆك ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ھىممىتى بىلەن، مەن ئۆز خەلقىمگە ھۆكۈمران بولدۇم“ دېگەن مەزمۇن ئۇچرايدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، كۆك رەڭ — سەلتەنەت، بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئىچىدە كۆك ئاتلىق قوشۇن ھەرقانداق جەڭلەردە شەرق تەرەپتە (يەنى سەپنىڭ ئالدىدا) جەڭ قىلاتتى. چۈنكى، كۆك ئاتلىق قوشۇن ئەڭ كۈچلۈك، غالىب قوشۇن دەپ قارالغان. ئادەتتە سەپ تۈزگەندىمۇ كۆك ئاتلىق قوشۇنلار شەرق تەرەپتە تۇراتتى. ھازىرقى شامانلارنىڭ ”پىرە ئويۇنى“ دىمۇ كۆك رەڭلىك رەختتىن ياسالغان كۆك تۇغ پىرە ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ شەرقىي تېمىغا قادىلىدۇ. ئەمما، شامانلارنىڭ ”پىرە ئويۇنى“دىكى كۆك رەڭ تەرەپ ئىلاھى (شەرق تەرەپ)نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار قەبرە بېشىغا قاداپ قويىدىغان تۇغلار تەركىبىدىمۇ كۆك رەڭلىك تۇغلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

2. ئاق رەڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئاق رەڭمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئىچىدە ئاق بوز ئاتنىڭ غەرب تەرەپتە سەپ تۈزىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم رىۋايەتلەردە، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئاق ئات ئۇلۇغلىقى ھەققىدىكى بايانلارمۇ خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا، كۆلتېگىننىڭ توققۇز قېتىم ھەر خىل رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكى، پەقەت ئاق ئات مىنىپ قىلغان جەڭدىلا غەلىبە قىلغانلىقى، باشقا رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ قىلغان جەڭلىرىدە مەغلۇپ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ ئاق ئات دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر

تېپىلغان. دېمەك، ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئاق رەڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاق رەڭ — غەلىبىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان.

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ پىرخونلۇق پائالىيىتىدە، بولۇپمۇ "پىرە ئويۇنى"دا ئاق رەڭ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، تۇغ ياسىلىدىغان ئارغامچا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆگىلىدىغان رەختمۇ ئاق رەڭدە بولىدۇ. شاماننىڭ "قوغدىغۇچى ئىلاھى"نىڭ نىشانى قىلىنغان يالغۇز دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاداپ قويىلىدىغان تۇغمۇ ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا قەبرە بېشىغا قادىلىدىغان تۇغلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاق رەڭدە بولىدۇ. شامان دىنى پائالىيىتىدە ئاق رەڭ يەنە "ئۆلگېن" تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى "ئالاقىچى" — يورۇقلۇقنا سىمۋول قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "ئاق يول بولسۇن"، "ئاق كۆڭۈل" دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارىلەردىمۇ "ئاق" سۆزى "يورۇق" مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

شامان يەنە "پىرە ئويۇنى" ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ غەربىي تېمىغا ئاق رەختتىن ياسالغان ئاق تۇغنى قاداپ، تەرەپ ئىلاھىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ئادەتتىكى ئۇيغۇر كىشىلىرى ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ، ساپلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش شامان دىنىدىكى ئاق رەڭ چۈشەنچىسىدىن نىسبەتەن كېيىن پەيدا بولغان. يەنى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئاق رەڭ — پاكلىق چۈشەنچىسىگە ئىگە قىلىنغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئاق رەڭ — غەلىبە، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

3. قىزىل رەڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە قىزىل رەڭ باشقا

رەڭلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار توي مۇراسىمىدا يىگىتنىڭ بېلىگە قىزىل رەڭلىك "توي پوتىسى" باغلايدۇ. قىزغىمۇ قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيدۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا يېڭى ئۆي سالغاندا، ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشتىن بۇرۇن خار ياغاچقا قىزىل رەختنى باغلاپ، ئاندىن خارنى تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئادەت دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە شامانلار "پىرە ئويۇنى"دا ئۆينىڭ جەنۇبىي تېمىغا قىزىل رەڭلىك تۇغ قادايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردىمۇ ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە قىزىل توروق ئات مىنگەن قوشۇن جەنۇب تەرەپكە سەپ تۈزىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

شىمالىي ياۋرۇئاسىياغا سىلاقتىكى ئەجدادلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارغا نىسبەتەن جەنۇب تەرەپ ئىسسىق بولۇپ، جەنۇب تەرەپنى ئىسسىقلىق تەڭرىسىنىڭ ماكانى دەپ قارىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي چۈشەنچىسىدە قىزىل رەڭ — ئوت ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قىزىل رەڭنى ئۇلۇغلاش "ئوت ئىلاھى"غا چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شامان دىنىدا يەنە ئوت "ئەڭ پاك" دەپ قارالغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى "پاكلاش" پائالىيىتى ئوت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئوت — پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان. ئەمما، ھازىر كىشىلەر ئوتنى خۇشاللىق، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ.

4. قارا رەڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي چۈشەنچىسىدە، يامان روھلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلار كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل چۈشەنچە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنى

چەكلىشى، ئەجدادلارغا قورقۇنچ ئىلىپ كىلىشى ئۇلاردا ئازاب ئىڭىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋەھىمىسىنى يېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارا رەڭ تەدرىجىي ھالدا قاراڭغۇلۇقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئەجدادلارنىڭ قايغۇ، ئازاب ھىسسىياتىنىڭ سىمۋۇلىغا ئايلانغان. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاب ئىڭىنى قارا رەڭ بىلەن ئىپادىلىگەن. گەرچە قارا رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، كىيىنىش، تىل ئادەتلىرىدە يەنىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتى خەن گاۋزۇ قوشۇنلىرىنى يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشىۋالغاندا، قارا ئاتلىق قوشۇن خەن گاۋزۇ (ليۇ باڭ) ئەسكەرلىرىنىڭ شىمال تەرىپىنى قامال قىلىۋالغان، دېيىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر شامانلارمۇ "پېرە ئويۇنى"دا پېرە ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ شىمالىي تېمىغا قارا رەختتىن ياسالغان قارا تۇغنى قادايدۇ. قارا رەڭنىڭ شىمال تەرەپنى ئىپادىلىشى شىمال تەرەپ كېلىماتىنىڭ ناچار بولۇشى ۋە كۈندۈز ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئەجدادلارنىڭ شىمال تەرەپنى قاراڭغۇلۇق ئىلاھىنىڭ ماكانى دەپ قارىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۇرۇق-تۇغقان، قان-قېرىنداشلىرى ئۆلۈپ كەتسە، قارا كىيىم كىيىپ، ھازا تۇتىدۇ. ئادەتتە "ھازا تۇتۇش" نى "قارىلىق تۇتۇش" دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا "قارا باستى"، "قارا نىيەت"، "قارا كۆڭلەر"، "بەختى قارا"... دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر بار بولۇپ، بۇ ئىبارىلەردىكى "قارا" سۆزىمۇ "يامانلىق"، "بەختسىزلىك"، "دەرد-ئەلەم" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ

ئازاب ئېغىنى ئىپادىلەيدۇ.

## §2 "3"، "4"، "7"، "9"، "40" قاتارلىق خاسىيەتلىك سانلار

1. "3" سانىنى ئۇلۇغلاش

"3" سانى دۇنيادىكى ھەرقايسى قەدىمىي مىللەتلەردە ئومۇمیۈزلۈك ئۇلۇغلىنىدىغان "خاسىيەتلىك" سانلارنىڭ بىرى. بۇ سان يالغۇز ئۇيغۇرلاردىكى قالدۇق شامان دىنى پائالىيەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، "3" سانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، پۈتكۈل ئالەم ـ ئاسمان (يورۇقلۇق دۇنياسى)، يەر (ھاياتلىق دۇنياسى) ۋە يەر ئاستى (قاراڭغۇلۇق دۇنياسى) دەپ ئۈچكە بۆلۈنگەن. بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۆلۈنۈشى ئىدى. يەنە بەزى مەنبەلەردە ئالەمنىڭ ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنگەنلىكى ھەققىدە بايانلار بار. مەسىلەن، "رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئالەمنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە 'تەڭرى' ئىسىملىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھ تۇرارمىش (ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركلەر 'يارۇق' يەنى يورۇقلۇق دۇنيا، دەپ چۈشىنەتتى). ئالەمنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى ــ يەر (قاراڭغۇ ــ زۇلمەت دۇنياسى) بولۇپ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەۋلادلارنى زىرائەت ـ ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدىغان تۇپراق ۋە ئۇنى كۆكەرتىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى 'ئىدۇق' يەنى بەخت ئىلاھى ـ ئۇماي ئىسىملىك بىر پەرى تۇرارمىش"⑥. بۇنىڭدىكى مەزمۇنغا قارىغاندا، ئالەم ــ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەپ ئۈچكە بۆلۈنگەن.

سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، سىنىپىي

ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شامان دىنىدا ئىلاھلار دۇنياسىمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنگەن. يەنى ”بۇلارنىڭ ئىچىدە تەڭرى ئىلاھى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا ئايال ئىلاھ ئۇماي ۋە زىمىن (يەر-سۇ) ئىلاھى تۇراتتى. ئەجدادلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستىدە، تەڭرىنىڭ ئاستىدا ئىدى“⑦. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ”3“ نى ئۇلۇغلاش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى يۇقىرىقى ”3“كە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلاھىيەت، ئالەم چۈشەنچىلىرىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن.

بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە، ” 3 “نى ئۇلۇغلاش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر بۇددا دىنىدىكى ” 3 “كە مۇناسىۋەتلىك دىن ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سىرلىق سان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان.

بۇددا دىنىدا پۈتكۈل ئالەم — ئارزۇ-ھەۋەس دۇنياسى (欲界)، رەڭلىك دۇنيا (色界)، رەڭسىز دۇنيا (无色界) دەپ ئۈچكە بۆلۈنگەن. ئۇندىن باشقا يەنە ” دوزاخ “مۇ، ” جەننەت “مۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن بۇددا ئەقىدىلىرىدە يەنە ” ئۈچ قاباھەت يولى “، ” ئۈچ خەيرىيەت يولى “، ” ئۈچ زەھەر“ (”ئاچكۆزلۈك“، ”ھەسەتخورلۇق“، ”نادانلىق“)، ”ئۈچ گۆھەر“ (”بۇددا“ — ” 佛 “، ”نوم“ — ” 法 “ ، ”راھىب“ — ” 僧 “ ) دېگەنگە ئوخشاش ”3“كە مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلار خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇددا دىنىدا يەنە ئۆتمۈشنىڭ بۇدداسى — ۋىپاسىين، ھازىرنىڭ بۇدداسى — ساكيامۇنى، كەلگۈسىنىڭ بۇدداسى — مايترى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ”3“ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ھىندىلار ئارىسىدىمۇ خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىدىكى ”3“كە مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە-ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، ئەجدادلاردىكى شامان دىنى ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ” 3 “نى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىغا زور مەنىۋى تەسىر ئېلىپ

كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن "3" ھەققىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى تېخىمۇ سىرلىقلاشقان.

ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، "3" ھەققىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ "3"نى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. يەنى «قۇرئان كەرىم»دە: "سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر. (بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر. بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى سول تەرەپتىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر). (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر"⑧ دېگەن ئايەتلەر بار بولۇپ، "3"كە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق ئايەتلەرنى «قۇرئان»نىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى "3"نى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى ئىسلام دىنى ئېتىقادى شارائىتىدا "3"كە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، تىل ئادەتلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىدىيىۋى تەسىرىنى ساقلاپ قالغان.

2. "4" ساننى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە "4" ئۇلۇغ سانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى "4" ئۇلۇغلىقىنى شامان دىنىدىكى "تۆت تەرەپ ئىلاھلىرى" ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە، ئەجدادلاردىكى "4" ئۇلۇغلىقى بۇددا دىنىدىكى "تۆت ھەقىقەت " ("تۆت ساتيا" ــ "ئازاب، سەۋەب، خالاس، يول") ئەقىدىسى ۋە "تۆت ئاناسىر" چۈشەنچىسى (بۇددا دىنىدا ئادەم

تېنى تۇپراق، سۇ، ئوت، شامالدىن تەركىب تاپقان دەپ قارالغان) بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، "4" ئۇلۇغلىقى "چاھار يار" ("چھار" ـــ "chahair" پارس تىلىدا "تۆت" دېگەنلىك بولىدۇ. "چاھار يار" بولسا "تۆت يار". "تۆت قېرىنداش" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ "تۆت يار" ـ ئۆمەر، ئوسمان، سىدىق، ئەلى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.) ھەققىدىكى بايانلار بىلەن سىڭىشىپ ئىسلام دىنى خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلاردىكى "4" سانىنى ئۇلۇغلاش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ۋە شامانىنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالالىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر كىشىلىرى ئارىسىدا بىراۋنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كىرگەندە ئاياللار تۆت نان ئېلىپ كىرىدىغان ئادەت بار. بۇ خىل ئادەت جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر شامانلار "پېرە ئويۇنى"دا پېرە ئوينىلىدىغان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا تۆت خىل رەڭدىكى تۇغنى قاداپ، تۆت تەرەپ ئىلاھلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شامانلارنىڭ قەسىدىلىرىدىمۇ "چاھار يارلار ھەققىدە" دېگەندەك جۈملىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، شامانلار "4" سانىنى ھەم تۆت تەرەپ ئىلاھلىرىنى ئىپادىلەش مەنىسىدە، ھەم "چاھار يار"لارنى ئىپادىلەش مەنىسىدە قوللىنىدۇ. "4" سانىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە خېلى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

3. "7" سانىنى ئۇلۇغلاش

"7" سانىنى ئۇلۇغلاش ـــ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى (بارماق بىلەن ئاددىي سانلارنى ساناش ئۇسۇلى) بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا شەكىللەنگەن سىرلىق سانلارنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى: ”سىرلىق سان ‘7’ ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ زاراتۇسترا دىنىي مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن، مانى دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭگەنلىكى مەلۇم. پارسلاردىكى مۇقەددەس ‘7’ چۈشەنچىسى ئىران مىفولوگىيە سىستېمىسىدىكى يەتتە خۇدا (مىترا ـ قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى؛ ناخىت ـ شاد ـ خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى؛ ھوما ـ بەخت ـ تەلەي ۋە دۆلەت خۇداسى؛ ئاناخىتا ۋە خوببى ـ سۇ خۇداسى؛ مىرىخ ـ ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى؛ كيۇمارس ـ ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك خۇداسى؛ يىما (جەمشىد) ـ باتۇرلۇق خۇداسى)غا بولغان ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا ‘7’ سانى ئەنە شۇ يەتتە مۇقەددەس ئىلاھنىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ“⑨ دەپ قارىغان.

مىنىڭچە، ”7“ سانىنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بار ئىدى. مەسىلەن، تۈركلەردىكى «ئۆلگىن تەڭرى» ھەققىدىكى ئەپسانىدە: ”... ‘ئۆلگىن’نىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بۇغراخان، يېشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قاراتال)، بەختىخان ۋە ئەركانىم بولۇپ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن...“⑩ دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەپسانىدە يەنە: ”... ‘ئۆلگىن’ ئاي بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشارمىش. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توسۇق بار ئىكەن. بۇ توسۇقلار ئەركەك شامانلار (قام) كەلگەندە ئېچىلىدىكەن...“ دېيىلىدۇ. ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ئەپسانىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان ۋاقتىدىن كۆپ بۇرۇن. يەنى شامان دىنى ئېتىقادى شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇنداقلا ئەپسانىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ”يەتتە بالا تەڭرى“ ھەققىدىكى چۈشەنچە ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرى ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردىلا ”7“ سانى ھەققىدىكى ئىدىيۋى

چۈشەنچىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، زارائاستۇرا، مانى دىنى ئىبلاھىيەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەجدادلار ئارىسىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردىكى "7" سانى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئىران مىفولوگىيە سىستېمىسىدىكى يەتتە خۇدا ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن سىڭىشىپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساسقا ۋە سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھىندىلاردىكى "7" سانىغا مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەرمۇ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ "7" سانىنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىدا كۈچلۈك مەنىۋى تەسىر پەيدا قىلغان. مەسىلەن، بۇددا رىۋايەتلىرىدە: "سىددخارتاخا دۇنياغا كېلىش ئالدىدا ئەرشتىكى ئىلاھ ۋە ھۆر پەرىلەرنى يىغىپ بۇددا تەلىماتىنى سۆزلىگەن، ئۇلارغا كەلگۈسىنىڭ بۇرھانى مايترىنى تونۇشتۇرغان؛ خانىكە مايا تەۋەللۇت مەزگىلىدە پۈتكۈل جاھان تەنتەنىگە تولغان، كۆللەردە نىلۇپەر ئېچىلىپ كەتكەن، قەسرە گۈمبىزىنىڭ ئۈستىدە قۇشلار پەرۋاز قىلىشقان؛ خانىكە لۇمبىنى (Lumbini) باغچىسىغا كىرگەندە ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىدىن سىددخارتاخا ئاپئاق پىل بالىسىدەك تۇغۇلغان؛ ئۇنى براخما دىنىدىكى ئىككى ئالىي ئىلاھ ئىندىرا بىلەن براخما قارشى ئالغان ۋە قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرغان؛ ئەجدىھا مۇئەككىلى ناندا بىلەن ئوپاناندا ئەرشتىن يېرىم گەۋدىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ ئۇنى يۇيۇندۇرغان؛ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوۋاق تۆت تەرەپكە يەتتە قەدەمدىن مېڭىپ دۇنيانىڭ تۆرىسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئانىسى خانىكە مايا خۇشاللىق ئىچىدە قازا قىلىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ماھاپىرا جاپاتى سىددخارتاخاغا تەربىيىچى بولغان..."① دەپ بايان قىلىنىدۇ. يەنى بۇ رىۋايەتتە "7" سانى ئىلاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئەجدادلاردىكى "7" ئۇلۇغلىقى يەنىلا ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قېلىۋەرگەن. چۈنكى، «قۇرئان

كەرىم»دىكى: "پادىشاھ ئېيتتى: 'مەن ھەقىقەتەن چۇشۇمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق ۋە يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۇشۇمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار'... يۇسۇف ئېيتتى: 'يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۇچۇن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن) باشىقى بىلەن قويۇڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ،...' "⑫ دېگەن ئايەتلەر ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىللە تارقالغان "يەتتە يۇلتۇز" (ياكى "يەتتە پىلانىت") چۇشەنچىلىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى "7" ئۇلۇغلىقنى مەزمۇن قىلغان ئىدىيىۋى چۇشەنچىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ "يەتتە يۇلتۇز" ھەققىدىكى چۇشەنچىلەرنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» مۇنداق بايان قىلغان:

بۇلاردىن ئەڭ ئۇستۇن سەكەنتىر [43] تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي [44]،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

ئۇچىنچى كۇرۇددۇر [45] غەزەبتە يۇرۇر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

بەشىنچى سەۋىتتۇر [46] سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرۈرسەن خۇشاللىق يۈزى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ [47] كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق [48] تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بۇلار.

ئۇيغۇرلارنىڭ "7" سانىنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى ئۇيغۇر شامانلارنىڭ پىرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، "چىراغ" پائالىيىتىدە يەتتە جۈپ پوشكال تەييارلىنىدۇ، "پىرە ئويۇنى"دا شامان توغنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۇندىن باشقا شامان يەنە يەتتە جۈپ پوشكالغا يەتتە تال چىراغنى قاداپ ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. شامانىنىڭ قارىشىچە، يەتتە جۈپ پوشكال — "يەتتە ئىلاھ"قا ئاتاپ قىلىنغان نەزىر؛ يەتتە چىراغ — يەتتە ئىلاھ (يەتتە سۇلتان)نىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا "پىرە ئويۇنى"دا ئىشلىتىلىدىغان يەتتە پۇتاقلىق دەرەخ شېخى، يەتتە خىل رەڭدىكى پۇرۇچلارمۇ ۋە دەپنە پائالىيىتىدە مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا، مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرى لەھەت ئىچىگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدىغان ئادەتمۇ "7" سانىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان.

يەنە ئۇيغۇرلاردا "يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس"، "بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ" دەيدىغان ئىدىئوملارمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردە "7" سانى "ئەڭ كۆپ"، "ئەڭ ئاخىرقى چەك" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە "7" سانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان

مۇنداق ئادەتلەرنى دائىم دېگۈدەك ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

4. ''9'' سانىنى ئۇلۇغلاش

''9'' سانىمۇ ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ خاسىيەتلىك سانلار كاتېگورىيىسىگە كىرگەن مۇقەددەس سانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ''9'' سانى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق بىلىش دائىرىسىدە ئەڭ چوڭ سان بولۇپ، ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ''يۇكسەكلىك''، ''چەكسىزلىك'' مەنىلىرىگە ئىگە قىلىنىپ، مۇقەددەس ئىلاھىي سان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئۆلگىبىن تەڭرى» ھەققىدىكى ئەپسانىسىدە: '' 'ئۆلگىبىن'نىڭ... توققۇز قىزى بار ئىكەن... 'ئۆلگىبىن'نىڭ قىزلىرىغا خاس ئىسىملار توشىمايدۇ، ھەر بىرى 'ئاق قىزلار' ياكى 'قىيان'لاردىندۇر. بۇ قىزلار شامانىنىڭ ئىلھام پەرىلىرىدۇر''⑬ دەپ بايان قىلىنغان. «ئوغۇزنامە»دە: ''ئوغۇزخاننىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۆزۈنىڭچە ئازاب چەكتى... توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرى ھازىر بولدى''⑭ دەپ بايان قىلىنغان. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىمۇ ''كۆلتېگىن ئىلگىرى-كېيىن توققۇز قېتىم باشقا-باشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردى''، ''كۆلتېگىن توققۇز ئەسكەرنى نەيزىلىدى''، ''توققۇز ئەسكەرنى ئايلاندۇرۇپ سالدى'' دېگەن بايانلار بار. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئىچىدە ئىچكى-تاشقى ''توققۇز ئۇيغۇر''، ''توققۇز ئوغۇز'' قەبىلىلىرى بولغان. ئۇندىن باشقا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: ''خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.''⑮ دەپ ئىزاھ بەرگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ''9'' سانىنى مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەن.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادەتلىرىدە "9" ئۇلۇغلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان "بىر توققۇز نان"، "توققۇز ئاي توققۇز كۈن قۇرساق كۆتۈردى"، "توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ"، "توققۇزى تەل" ... دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ.

5. "40" ساننى ئۇلۇغلاش

"40" سانى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ مۇقەددەس سان كاتېگورىيىسىگە كىرگەن خاسىيەتلىك سانلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق بىلىش دائىرىسىدە "5" (بەش بارماق ئۇقۇمى) نېگىزلىك سان بولۇپ، ئەجدادلار 5 بارماقنى تەكرارلىغاندا 10 بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئەينى دەۋردە "10" ئۇلار سانىيالايدىغان، ئاتىيالايدىغان ئەڭ چوڭ سان ھېسابلانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماتېماتىكىلىق بىلىش دائىرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سان — "10"نى تەكرارلاش (ياكى قوشۇش) ئارقىلىق ماكان، زامان چۈشەنچىلىرىنى ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. يەنى شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپ ئەجدادلارنىڭ ماتېماتىكىلىق بىلىش دائىرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سان "10" ئاساسىدا "تۆت ئون" (قىرىق) ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، "40" سانى "چەكسىزلىك" مەنىسىگە ئىگە قىلىنغان. يەنە بىر جەھەتتىن، "تۆت ئون" ("قىرىق") سانى شامان دىنى ئىلاھىيەت سىستېمىسى ئىچىدىكى تۆت تەرەپ ئىلاھلىرى چۈشەنچىسى بىلەن باغلىنىپ سىرلىق سان خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. ئەجدادلارنىڭ ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىسىدە "40" سانى ئەڭ چوڭ سانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلارنىمۇ "40" سانى بىلەن ئىپادىلىگەن.

"40" ساننى مۇقەددەس سان دەپ بىلىش قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ

كەلگەن. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» رىۋايىتىدە: ”قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى“، ”قىرىق شىرە، قىرىق بەندىڭ ياساتتى“، ”قىرىق كۈندىن كېيىن، مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى“، ”... قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى“[16] دېگەن بايانلار بار.

زارائاستۇرا، مانى دىنلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، پارسلاردىكى ئاسترونومىيىلىك دىن چۈشەنچىلىرى، يۇلتۇزلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ ”40“ سانىغا مۇناسىۋەتلىك يۇلتۇز چۈشەنچىلىرىدە چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىر پەيدا قىلىپ ”چىلتەن“ چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شامانلار پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە شامان دىنىدىكى ”40“ يۇلتۇز (سانسىز يۇلتۇز) چۈشەنچىسىگە ”چىلتەن“ چۈشەنچىسى ئاساسىدا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرى ئۇلۇغلاپ كەلگەن خاسىيەتلىك سان ـ ”40“ ئىسلام دىنى چۈشەنچىلىرىدىكى ”40“ سانى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە: ”بۇ ئۇلارنىڭ ’دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى مۇزايىغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ‘ دېگەنلىكلىرى ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈندۇر“[17]. ”مۇسا دېدى: ’پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىندىشىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتسىزلىكتە باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن‘. ئاللا دېدى: ’ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىنىدى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن“[18]. ”بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ،

مۇشەققەت بىلەن تۇغدى... تاكى ئۇ (بوۋاق ئۈسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): 'پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلهام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن' دەيدۇ.''⑲ دېگەن ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە 40 سانى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ''40'' سانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇيغۇرلار ''40'' سانى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىسلام غازات ئۇرۇشىدا قازا قىلغان 40 ساھابىنىڭ يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كەتكەن روھى دېگەن چۈشەنچىلەرگە باغلىغان.

دېمەك، ''40'' سانى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شامانلارنىڭ پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ''ئىلاھىي'' ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر شامانلار پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە بىمار تەرەپكە 40 ھۆل پوشكال، 40 قۇرۇق پوشكال تەييارلاتقۇزىدۇ؛ ''پېرە ئويۇنى''دا 40 تال چىراغ يېقىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ''قىرىق نەزىرىسى''نى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ''قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلدى'' دېگەن ئىبارە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىكى ''40 '' مۇقەددەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردىكى مۇقەددەس سان چۈشەنچىلىرى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرىدىكى ئەڭ چوڭ سان چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، شامان دىنىدىكى ئىلاھىيەت تەسەۋۋۇرى، ئالەم تەسەۋۋۇرى بىلەن بىرلىشىپ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان. كېيىن قوبۇل قىلىنغان دىن، مەدەنىيەت تەسىرىدە خاسىيەتلىك سانلارنىڭ سىرلىق خاراكتېرى تېخىمۇ

كۆچىيىپ بارغان ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرىدە كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەسىرگە ئىگە بولغان.

ئىزاھلار:

② ① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 177 ـ بەت.

③ لىۋى. بريۇل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 202 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 216 ـ بەت.

⑤ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 198 ـ يىل نەشرى،40 ـ 43، ـ 44، ـ 45، ـ 48، ـ 59 ـ بەتلەر.

⑥ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 52 ـ بەت.

⑦ ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، 307 ـ بەت.

⑧ «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 535 ـ بەت.

⑨ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 559 ـــ 560 ـ بەتلەردىكى ستاتىيغا قارالسۇن.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 450 ـ بەتتىكى ستاتىيغا قارالسۇن.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 48 ـ بەت.

⑫ «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 241 ـــ 242 ـ بەتلەر.

⑬ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 450 ـ بەتتىكى ستاتىيغا قارالسۇن.

⑭ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 54 ـ بەت.

⑮ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 175 ـــ 176 ـ

بەتلەر.

⑯ «ئوغۇزنامە»، 41 ـ ، 61 ـ بەتلەر.

⑰ «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 54 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 113 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 504 ـ بەت.

# XX باب شامان دىنى ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان تۇمار تۆرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى چۈشەنچىسىدە، تۇمار كىشىلەرنى يامان روھلار (جىن - ئالۋاستىلار)نىڭ زەخىم يەتكۈزۈشىدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ۋە بەختەتلىكىنى قوغدايدىغان ‹‹ئىلاھىي نەرسىلەر››دىن ئىبارەت. بۇ ‹‹ئىلاھىي نەرسىلەر›› شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ‹‹ئىلاھ›› دەپ قارالغان ھايۋانلارنىڭ مەلۇم ئەزالىرى، ياخشى روھلار ئىشلىتىدىغان ئىلاھىي قورال لار ۋە تاغ جىنسلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىلدىكى تۇمارلار كۆپرەك بوۋاقلار، كىچىك باللار ۋە ئېغىر ئاياغ ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق تۇمارلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە تەبىئىي ‹‹سېھرىي كۈچ››كە ئىگە دەپ قارالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ بىر نەچچە خىل تۇمار تۆرلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەتلەر ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## §1 سۆڭەك تۇمار

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئادەتتە بۆرىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنى تۇمار ئورنىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ. يەنى بۆرىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكى يانىدا بولسا، قارا باسمايدۇ، قەست ئۆتمەيدۇ، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قاراپ بوينىغا ئېسىۋالىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ يامان كۆز، ئاغرىق - سىلاقتىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئوغلىنىڭ بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد تارىخىدىن قارىغاندا، ئەجدادلار بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ ‹‹توتېمى›› (‹‹ئەجدادى››)

قىلغان. ئۇلار بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ "قوغدىغۇچى ئەجدادى" دەپ قارىغان. ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن "ئەجداد" ئوبيېكتى قىلغان "توتېم" ھايۋانلارغا ئېرىشىشنى بەخت، خۇشاللىق دەپ چۈشەنگەن. يەنى "ئۇلار ئومۇمەن مەلۇم قەبىلىنىڭ توتېمى بولغان ھايۋانلارغا دەخلى-تەرۇز قىلمايتتى. قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى، چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن دەپ بىلەتتى"①. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۆرىنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنى تۇمار سۈپىتىدە يېنىدا ساقلىشى ماھىيەتتە توتېم ھايۋاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ بەخت-سائادەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزلىرىنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەمدە ئانىمىزم ئېتىقاد چۈشەنچىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ "روھ" خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغان.

## §2 مۈڭگۈز تۇمار

بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ يىلاننىڭ مۈڭگۈزىنى تۇمار ئورنىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ. كىشىلەر ئادەتتە يىلاننىڭ مۈڭگۈزىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرسە، شۇ ئادەمنى قەست قىلىنىشتىن، كۆز تېگىشتىن ساقلاپ ئامەتكە ئېرىشتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر يېنىدا يىلان مۈڭگۈزى بار ئادەم تونۇر يېنىغا كەلسە، تونۇرغا يېقىلغان نانلار شۇئان ئوت ئۈستىگە چۈشۈپ كېتەرمىش؛ قىمارۋاز قىمار سورۇنىغا يىلان مۈڭگۈزىنى ئېلىپ كىرسە، ئامەت كېلەرمىش. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئادەتلەر ئەجدادلارنىڭ يىلاننى "ئىلاھ" سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسىدا يىلانمۇ "ئىلاھ" دەپ قارالغان. بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە، ھىندىلاردىكى يىلاننى "بەخت ئىلاھى" دەپ قاراپ چوقۇنىدىغان

ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقاد ئىدېئولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئېتىقاد ئېڭىدا يىلان «ئىلاھىي بەخت» ئېلىپ كېلىدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. نەتىجىدە يىلاننىڭ مۆڭگۈزىنى «قوغدىغۇچى»، «بەخت ئېلىپ كەلگۈچى» تۇمار سۈپىتىدە يېنىدا ساقلايدىغان ئادەت كېلىپ چىققان.

## §3 يۇڭ تۇمار

بىر قىسىم كىشىلەر ئادەتتە تۆگىنىڭ يۇڭىنىمۇ تۇمار ئورنىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرى تۆگە يۇڭىنى يېنىدا ساقلىسا، قارا باسمايدۇ دەپ قاراپ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە تۆگە يۇڭىنى كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويىدۇ ياكى تۆگە يۇڭىنى يىپ قىلىپ ئېشىپ بويىنىغا ئېسىۋالىدۇ ۋە ياكى تۆگە يۇڭىنى چاپىنىنىڭ ئىچ ئەستىرىگە قىستۇرۇۋالىدۇ؛ تۇغۇتتىن كېيىن بولسا، تۆگە يۇڭىنى يىپ قىلىپ ئېشىپ بوۋاقنىڭ بوينىغا ياكى بىلىكىگە چىگىپ قويىدۇ ۋە ياكى بوۋاقنىڭ يۆگىكىگە قىستۇرۇپ قويىدۇ. بەزىدە قورامىغا يەتكەن ئادەملەرمۇ قارا باسمايدۇ، بەدەننى ھەر خىل كېسەللىكتىن ساقلايدۇ دەپ قاراپ تۆگە يۇڭىنى چاپىنىنىڭ ئەستىرىگە قىستۇرۇۋالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تۆگە يۇڭىنى تۇمار سۈپىتىدە ساقلايدىغان ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى تۆگە ھەققىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى ئىلاھلار سىستېمىسىدا تۆگە «ئىلاھىي ھايۋان» دەپ قارالغان. ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەردىكى تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا

سىگىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى توگە ئىلاھى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ئورنىنى "توگىدە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرى بار" دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئىگىلىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ توگە يۈگىنى "قوغدىغۇچى" تۇمار دەپ قاراپ ئۇلۇغلىشى ئەسلىدە شامان دىنىدىكى ئانىمىزملىق ئېتىقاد چۈشەنچىسى بويىچە "توگە ئىلاھىنىڭ يۈگىدىمۇ روھ بولىدۇ" دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە "توگىدە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرى بار" دەيدىغان ئىدىيىۋى چۈشەنچە بىلەن خاراكتېرلىنىپ يەنىلا ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالغان.

## §4 تېرە تۇمار

بۆغا تېرىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە "تۇمار" دەپ قارالغان. ئادەتتە بەزى كىشىلەر قەست قىلىنىشتىن ياكى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرەر موللىغا تۇمار پۈتكۈزىدۇ. يەنى موللا بىر پارچە ئاق قەغەزگە «قۇرئان كەرىم» ئىچىدىكى ئايەتلەرنى يېزىپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلاپ، ئاندىن قەغەزنى بۆغا تېرىسىگە ئوراپ تۇمار ياسايدۇ. كىشىلەر ئۇنى بويىنىغا ئېسىۋالىدۇ ياكى چاپىنىنىڭ ئەستىرىگە تىكىۋالىدۇ. بۇنداق تۇمار چوقۇم بۆغا تېرىسى بىلەن ئورىلىشى شەرت.

بۆغىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا "ئىلاھ" دەپ قارالغان ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلار ئۇنى "ياخشىلىق ئىلاھى" دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان. ئانىمىزم ئېتىقادى شەكىللەنگەندىن كېيىن، "ئىلاھىي ھايۋان" ــ بۆغىنىڭ تېرىسىدىمۇ "ئىلاھى روھ بولىدۇ" دەپ قارالغان. بۆغا تېرىسىنى تۇمار

قىلىپ ئەتىۋارلاشمۇ مۇشۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئاساسىدا پەيدا بولغان. ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم باسقاندىن كېيىن، بۇغا ئېرىسىنى تۇمار قىلىپ ياندا ساقلاش «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەردىن تۇمار پۈتۈش بىلەن سىڭىشىپ، ئەدىيىۋى تەسىرىنى ئېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان.

## §5 تاش تۇمار

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا قاشتېشىنى ئەتىۋارلىغان. كىشىلەر ئادەتتە قاشتېشىنى يېنىدا ساقلىسا "قىزلارغا كۆز تەگمەيدۇ، ئوغۇللارنى چاقماق سوقمايدۇ" دەپ قارايدۇ. تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى قاشتېشى ۋە قاشتېشى تۈرىدىكى ئەتىۋارلىق تاشلاردىن گۈزەل، نەپىس زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ بويىنىغا مارجان قىلىپ ئاسقان؛ بىلىكىگە بىلەيزۈك، بارماقلىرىغا ئۈزۈك، قۇلىقىغا هالقا قىلىپ سالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەجدادلاردىكى تاشلاردىن ياسالغان تۇمارنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

ئۇندىن باشقا "كۆز مونچاق"مۇ تاش تۈرىدىكى تۇمارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر بۇ خىل مونچاقنىمۇ ئالاهىدە ئەتىۋارلايدۇ. "كۆز مونچاق" — يۈزىدە ئاق چېكىتلىرى بار كىچىك يۇمىلاق تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۆشۈك ئېچىلغان بولىدۇ. ئانىلار مۇنداق مارجان تاشنى بوۋاقلارغا كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن بوۋاقلارنىڭ دوپپىسىغا تىكىپ قويىدۇ ياكى بويىنىغا ئېسىپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاررۇلۇق باللارغا كۆز تەگكەندە، مونچاق يۈزىدىكى ئاق چېكىتلەر ئۇلتۇرۇشۇپ كېتەرمىش.

ئۇيغۇرلاردىكى تاشلارنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى مۇقەددەس تاغۇتاشلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئانىمىزم چۈشەنچىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن. تاش تۇمارلارمۇ "قوغدىغۇچى روھ" خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغان.

## §6 تۆمۈر تۇمار

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئادەتتە پىچاق، كەتمەن، پالتا قاتارلىق تىغلىق قوراللارنىمۇ تۇمار ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. يەنى تىغلىق قورالار قارا بېسىشتىن ساقلايدۇ دەپ قاراپ ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ ياستۇقى يېنىغا قويىدۇ ياكى ئاياللار يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن ئانىنىڭ ياستۇقى يېنىغا ۋە ياكى بوۋاقنىڭ ياستۇقى يېنىغا قويۇپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، قارا بېسىش يامان روھلارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، تىغلىق ئەسۋابنى يېنىدا قويۇپ ئۇخلىسا قارا باسمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئانىمىزم ئېتىقادىدا "تىغلىق قوراللاردىمۇ روھ بولىدۇ" دەپ قارالغان ھەم تىغلىق قوراللار "ياخشى روھ" خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا تىغلىق قوراللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان.

دېمەك، تىغلىق قوراللارنى تۇمار ئورنىدا ئىشلىتىش ماھىيەتتە تىغلىق قوراللاردا "يامان روھلارنى مەغلۇپ قىلالايدىغان ياخشى روھلار بار" دېگەن ئانىمىزملىق ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان ھالدا پەيدا بولغان. بۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئۇيغۇر شامانلارنىڭ «ئازايىم قوشىقى»دا ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**ئىزاھات:**

① ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 295 - بەتتىكى سىتاتىنغا قارالسۇن.

# خاتىمە

شامان دىنى — ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىن. قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ياشاۋاتقان ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھېچقانداق قوغدىنىش، قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋالدا، تەبىئەتتىكى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلىق ھادىسىلەر ئۇلارنى ”تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىي كۈچ“ چۈشەنچىسىگە ئېلىپ بارغان. ئۇلار بويسۇنۇش، چوقۇنۇش شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. يەنى ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا سىرلىقلاشتۇرۇلغان، ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. ۋاھالەنكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ماددىي شەرت ـ شارائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شامان دىنىدىكى ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرى تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارغان. گەرچە شامان دىنى ئالىقاچان ئېتىقاد سەھنىسىدىن چۈشكەن دىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قالدۇق ئىدىيىۋى تەسىرى يەنىلا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىپ تۇرماقتا. بۇ خىل كونتروللۇق ماھىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى خىيالىي تۇيغۇلاردىن ئىبارەت، خالاس.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئېنگېلس دەپ ئۆتكەندەك: ”بارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى پەقەت كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپ

تۇرغان تاشقى كۆچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى...». كىشىلەر مۇشۇ خىيالىي ئىنكاس بىلەن خاراكتېرلەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى بىلگەن ۋە ئەكس ئەتتۇرگەن.

# ئاخىرقى سۆز

مەن 1991 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپ، ئۇستازىم دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئىزچىل تەربىيىسىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا دىلمۇرات ئەپەندى مېنى دىن، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەققىدىكى ئىلغار نەزەرىيىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئەمەلىي ماتېرىيال توپلاش پائالىيىتىمگە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. مەن ئۇستازىمنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ۋە ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دولان دەرياسى ۋادىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ماتېرىيال توپلىدىم. دىلمۇرات ئەپەندىنىڭ ئىزچىل ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، شامان دىنىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق دۇنياغا تۇنجى قەدىمىمنى تاشلىدىم. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستازىم دوكتور دىلمۇرات ئەپەندىگە ئالىي ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن. يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، ماڭا سەممىي تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئەۋەتتى. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرى مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق مۇھىم دەرس بولدى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ سەممىي ياردىمى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


«قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەت سالىھ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، I، II، III توم.

دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكي مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

ياڭ شېڭمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.

ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

مەندۇخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئالتاي سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

فرازېر (ئەنگلىيە): «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

روبېرتسون (ئەنگلىيە): «خرىستىئان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى»،

بېيجىڭ نەشرىياتى، 1958 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
فروئىد (ئاۋستىرىيە): «مۇسا ۋە بىر خۇدالىق دىن»، 1989 - يىل، بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى.
جون تولاند (ئەنگلىيە): «خرىستىئان دىنى سىرلىق ئەمەس»، 1982 - يىل، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى.
F.j. سىچرىڭ (ئامېرىكا): «ئادەم ۋە ئىلاھ»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
F. ماكس. مۇللېر (ئەنگلىيە): «دىننىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ـــ : «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
لۇداجى: «دىنشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
لىۋى. برىيول (فرانسىيە): «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
B. مالىنوۋسكى (ئەنگلىيە): «پېرىخونلۇق ئىلمى ئاساسىدىكى دىن ۋە ئەپسانە»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
«ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئى. ئا. كرىۋېلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «دىن تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
داۋىد. خۇمې (ئەنگلىيە): «تەبىئىي دىن ھەققىدە مۇنازىرە»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
سەي جۇنشېڭ: «ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە

ئىپتىدائىي جەمئىيەت فورماتسىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
لۇداجى: «ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىلاھىيەت»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئارنولد. توينبى (ئامېرىكا): «بىر تارىخشۇناسنىڭ دىن قارىشى»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
چېن لىنشۇ: «دىنشۇناسلىق قائىدىلىرى»، سىچۈەن داشۆ نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
سۇڭ بېيلىن: «پېرىخون ۋە پېرىخونلۇق»، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ياڭ كۇن: «ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
M.J. كېنىدى (ئامېرىكا): «شەرق دىنى ۋە پەلسەپىسى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
«رېئاللىق بىلەن خىيال ئارىلىقىدا»، شاڭخەي ئىلىم نەشرىياتى تۇزگەن، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ماۋدۇن: «پەپسانە تەتقىقاتى»، بەي خۇا ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ۋ. سۇتتون (ئامېرىكا): «ئۆلۈم ۋە سەكرات»، نۇر گېزىتى نەشرىياتى، 1990 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
لىگبۇ خېگشيۇڭ (ياپونىيە): «ئىنسانلار مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى 15 خىل نەزەرىيە»، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
فۇيوگۇاڭ، مىڭ خۇيىڭ: «مانجۇلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، سەنلىيەن كىتابخانىسى

شاڭخەي شۆبىسى، 1989 - خەنزۇچە نەشرى.
B. مورىس (ئەنگلىيە): «ئىنسانلار دىنشۇناسلىقى»، بوگونكى جوڭگو نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئىبىن سىنا (فارس تاجىك): «كىتابۇل شىپا»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
پىئېر گاسىندى (فرانسىيە): «دىكارتنىڭ ‹چوڭقۇر خىيالى›غا سوئال»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
مونىك. مايىللارد (فرانسىيە): «قەدىمكى ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، جوڭخوا كىتاب ئىدارىسى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
J.F. سچىرىڭ (ئامېرىكا): «دىن تورموشى نەزەرىيىسى»، بوگونكى جوڭگو نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
R.T. مارتلان (ئامېرىكا): «دىن سەنئىتى نەزەرىيىسى»، بوگونكى جوڭگو نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
چىتىيەن دازو (ياپونىيە)، B. ۋىلسون (ئەنگلىيە): «جەمئىيەت ۋە دىن»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.
ن. پانتوسوۋ (روسىيە): «تارانچىلاردىكى باخشى»، تاشكەنت، 1907 - يىل روسچە نەشرى.
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.
فۇزې يوجې (ياپونىيە): «مەدەنىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە»، سودا باسما سارىيى نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
R.J. خامىلتون (فرانسىيە): «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل خەنزۇچە

نەشرى.
ياڭ كۇن: «مىللەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.
قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
«ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.
دۇەن چى: «ئىنجىل بىلىملىرى خەزىنىسى»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
خەن تىڭجى: «نوم بىلىملىرى خەزىنىسى»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئا. گ. مالياۋكىن (سوۋېت ئىتتىپاقى): «IX - XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.
ماك. ئولبىر. ستەين (ئەنگلىيە): «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىسى خاتىرىسى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتوگراف نەشرىياتى، 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.
دەي شېڭدې: «بۇددا ئەقىدىسى ۋە كىشىلىك ھايات»، خېنەن نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
لى يىنپىڭ: «بۇددا ئىبلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.
ئابلىكىم قېيۇم: «تۇرپان ئاسارئەتىقىلىرى»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

بەگمەت يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

ليۇ گې: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1990 - يىل 4 - سان.

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: دىلمۇرات تۇرسۇن
خېتىنى يازغۇچى: قۇربانجان روزى شەيدايى



ISBN7-105-07661-5
9 787105 076611 >
ISBN 7-105-07661-5/B · 319
民文(维 34)　定价：15.00 元